
ساۋدانوۋ زاھىر

# 5- كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


# 5 ـ كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى




ۋاڭ جېن يېزىپ بەرگەن كىتاب ئىسمى



ئاپتور ساۋدانوۋ زاھىرنىڭ يېقىندىكى سۈرىتى




ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببasoۋ پاراڭ-
لاشماقتا.



ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن
ئەزىزىلەر بىللە.



مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىكى ئايال جەڭچىلەر (ئارقا رەت، سولدىكى بىرىنچى قىز رىزۋانگۈل).



ئالدىنقى رەتتىكىلەر (سولدىن) : ساۋدانوۋزاھىر، شەمشى مەھەممەت خەلپەت، ئابلاخان، دأمۇللا رازى، زىيا- سەمەدى، ئۇسۇپقان، ھەسەنوۋ، ئىسھاقبېك، موگوتنوۋ، مەرغۇپ، ئىمىنوۋ، مەخمۇتوۋ، ئابدىرىشىت تۇردىيوۋ (مىللىي ئارمىيەدىكى بىر قىسىم كادىرلارنىڭ 1948 - يىلى بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى).



ئوڭدىن: دېلىلقان، ئىسھاقبېك، ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ.




1945 - يىلى پارتىزانلار لوسىگوڭ سېپىلىغا
ھۇجۇم قىلماقتا.




مىللىي ئارمىيە ئىلى پىيادە 2 - پولكىدىكى كادىرلارنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتى (1948 - يىلى).



ئەخمەتجان قاسىمى ئامما بىلەن بىللە.



مىللىي ئارمىيە بىلەن 2 - كورپۇسنىڭ ئۇچرىشىشى.



ئوڭدىن: ساۋدانوۋزاھىر، لېسكىن، ئىمنوۋ ، زۇنۇن تېيىپوۋ، ماموتوۋ قۇربان، ئۇۋان (تەرجىمان) ، باۋسەن، سەردى (5 - كورپۇسنىڭ دۆلەت بايرىمىغا قاتنىشش ئۆمىكى شىنەندە، 1950 - يىلى) .



مىللىي ئارمىيە مۇستەقىل ئارتىللېرىيە باتالىيونىدىن
بىر كۆرۈنۈش (1947-يىل).

# كىرىش سۆز

يولداش ساۋدانوۋ زاھىر يازغان «5 - كورپۇسنىڭ بىسىپ
ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» دېگەن كىتابنى ناھايىتى
خۇشاللىق ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. جۇڭگو خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى 5 - كورپۇسىنىڭ تەكتى شىنجاڭنىڭ ئىلى، تار-
باغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىدە 1944 - يىلى
پارتلىغان ئىنقىلاب مەزگىللىرىدە قۇرۇلغان مىللىي ئارمىيە
بولۇپ، بۇ قىسىمدىكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شىنجاڭدىكى
ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى.
يولداش ماۋ زېدۇڭ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو
خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى»
دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئىنقىلاب جەريانىدا، مىللىي ئارمـ
يە باشتىن - ئاخىر تايانچ كۈچ بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىلـ
لەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى بەش يىل قەيسەرلىك بىلەن، ئەگرى - توقايلىقتا تولـ
غان كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىـ
بارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى
ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەۋرىتىپ، غەربىي
قىسىمدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە
يۈتكىلىشىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ
مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىشىغا ماسلاشتى. 1949 - يىلى
ئۆكتەبىردە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرىنچى دالا
ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، مىللىي
ئارمىيە يەنە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان خەلق ئازادلىق ئارمـ

يىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا تۆھپە قوشتى. ئازادلىقتىن كېيىن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ رەسمىي ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاتىغا كىرگۈزۈلدى. كېيىن 5 - كورپۇسنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە، 1 - بىڭتۇەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار ۋە ئۇنىڭ 2 - ، 6 - كورپۇسلىرىدىن بىرنەچچە تۈركۈم مۇنەۋۋەر سىياسىي رەھبىرىي كادىرلار ۋە سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى 5 - كورپۇسقا يۆتكىلىپ بېرىپ، 5 - كورپۇسنىڭ ئىچىدە پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي كومىسسار، سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ياردەم بەردى؛ ھەر دەرىجىلىك مىللىي كادىرلار سىياسىي كۇرسلىرىنى ئېچىپ، يەرلىك مىللىي كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈردى، ئۆستۈردى ۋە ئىلغارلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلدى؛ قىسىملاردا دەرد تۆكۈش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلىپ، كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ سىنىپىي ئېڭى ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، 5 - كورپۇس خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان باشقا قىسىملىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىپ، يەرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى، باندىت تازىلاش، توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش، ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش،

چېگرىنى ساقلاش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، كەڭ
كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىشنى قانات يايدۇرۇش، شتاتنى
ئىخچاملاش - تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى،
تۈركۈم - تۈركۈملىگەن قەھرىمان - نەمۇنىچىلار مەيدانغا كەلدى.
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومى-
تېتىنىڭ ئارمىيىنىڭ شتاتىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى
يوليورۇقى بويىچە، 1954 - يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدا شتات تەرتىپكە سېلىنىپ،
5 - كورپۇسنىڭ بىر قىسمى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىگە ئاي-
رىلدى، كۆپ قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە چىقتى -
ياكى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە بېرىپ ئىشلىدى.
5 - كورپۇستىن چىققان، پارتىيە يېتىشتۈرگەن زور بىر تۈر-
كۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن بەزىلىرى تاكى بۈ-
گۈنگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت
ئاپپاراتلىرىدا مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە مۇھىم رولىنى
جارى قىلدۇرماقتا. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، 5 - كور-
پۇسنىڭ ھەر مىللەت كوماندىر، جەڭچىلىرى — شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى، ئۇلار جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنى-
مىزنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرىدۇ. 5 - كورپۇس شەرەپلىك ئىنقىلابىي تارىخقا ئىگە،
ئۇ شىنجاڭ ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىغا
ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭ ئازاد قىلىنغاندىن
كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەر-

لىگەندە، شىنجاڭغا كەلگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، چېگرا رايوننى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش، قوغداش تارىخىمۇ ئىگە.

يولداش ساۋدانوۋ زاھىر — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان پېشقەدەم يولداش، ئۇ مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، 5-كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان بولۇپ، 5-كورپۇسنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. 5-كورپۇس ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئۇزۇن مۇددەت شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا رەھبىرىي ۋەزىپە ئۆتىگەن، 1955-يىلى ئۇنىڭغا گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا كۆپلىگەن ماتېرىياللار توپلانغان، ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، مىللىي ئارمىيىدىن 5-كورپۇسقىچە بولغان بۇ ئىنقىلابىي مۇساپىنى بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلغان. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى مول، مۇكەممەل بولۇپ، 5-كورپۇسنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ قالغۇسى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن 5-كورپۇسنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا دائىر تېخىمۇ كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

ۋاڭ ئېنماۋ

1988-يىل 23-فېۋرال

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تىيانشان تېغى ئېتىكىدە تۇتاشقان ئۇچقۇن... 1

ئۇلاستاي ئۇچقۇنلىرى........................ 1

غۇلجا قوزغىلىڭى........................ 13

«مۇھاسىرە» نى تارمار قىلىش........................ 19

ھەيرانباغدىكى يوقىتىش ئۇرۇشى........................ 30

ئارىشاڭ، بورتالالارنىڭ ئازاد قىلىنىشى........................ 37

ئىككىنچى باب پارتىزان ئەترىتىدىن مىللىي ئارمىيىگىچە... 42

مىللىي ئارمىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشى........................ 42

ئۈچ يۆنىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى........................ 49

شىمالىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش........................ 55

ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش........................ 68

جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى پارتىزان ئۇرۇشى........................ 81

____ قاراشەھەر رايونىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى........................ 83

____ ئاقسۇ رايونىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى........................ 87

____ تاشقورغاندىكى پارتىزان ئۇرۇشى........................ 102

ئۈچىنچى باب يېڭى كۈرەش........................ 108

مىللىي ئارمىيە ۋە 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمى... 108

ئوسمان بىلەن بولغان دەسلەپكى جەڭ........................ 113

بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى........................ 121

تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى........................ 126

ئوسمان باندىتىنىڭ قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىقىنىڭ يەنە
بىر قېتىم تارمار قىلىنىشى........................ 131

قالىبېك توپىلىڭىنىڭ تارمار قىلىنىشى........................ 139

ئازاد رايونلارنى مۇستەھكەملەش........................ 145

تۆتىنچى باب مۇنتىزىملاشىشقا قاراپ تاشلانغان قەدەم...... 155
مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي-مەمۇرىي خىزمىتى...... 155
مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭ قىلىش ئالاھىدىلىكى......... 164
مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتى.............. 172
مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى......... 183
بەشىنچى باب مىللىي ئارمىيىدىن 5-كورپۇسقىچە......... 188
تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋېلىش......... 188
مىللىي ئارمىيىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ
5-كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلىشى......... 195
پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، سىياسىي كومىسسار-
لىق ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى...... 202
پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدا......... 216
ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش...... 228
باندىتلارنى تازىلاپ، چىگرا رايوننى قوغداش...... 239
چىگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش سېپىدە......... 257

ئىزاھات......... 272
ئاخىرقى سۆز......... 277

# بىرىنچى باب

# تىيانشان تېغى ئېتىكىدە تۇتاشقان ئۇچقۇن

## ئۇلاستاي ئۇچقۇنلىرى

1944 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىلى ۋىلايىتى نىلقا (ئەينى ۋاقىتتا گۇڭخا دەپ ئاتىلاتتى) ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان ئۇلاستاي دېگەن يەردە گومىنداڭنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتقاندا، يۈزدىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق نامرات دېھقان - چارۋىچى پاتىخ، ئەكبەر، غېنى① قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا قوللىرىغا ئوۋ مىلتىقى، كالتەك - توقماق، قىلىچ - نەيزە ئېلىپ، ئۇلارغا تۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئون نەچچە دۈشمەننى يوقىتىپ، بىر تۈركۈم قورال - ياراق ۋە ئوق - دورىنى غەنىيمەت ئالدى. بۇ ھەرىكەت شۇ چاغدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت② دائىرىسىدە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنى بولۇپ قالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلىدا پارتلىشىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەر بار ئىدى.

ئىلى ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ جەنۇبتا ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن، شىمالدا چۆچەك ۋىلايىتى بىلەن، شەرقتە قاراشەھەر ۋىلايىتى③ بىلەن

تۇتىشىپ تۇرىدۇ؛ غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان
جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىداش. ئىلى دەرياسى ۋىلايەتنىڭ
قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ مۇنبەت تۇپراقلىرى-
نى سۇغىرىپ تۇرىدۇ. بۇ رايوننىڭ نەم، ئىللىق، ھاۋا كىلى-
ماتى نۇرغۇنلىغان بولۇق ئۆسكەن ئوتلاقلارنى بەرپا قىلغان.
گۈزەل بوستانلىق ئىلى ۋادىسى شىمالىي شىنجاڭدىكى مەش-
ھۇر ئاشلىق كانى ۋە چارۋىچىلىق رايونى ئىدى.
بۇ رايوندا باتۇر، ئەمگەكچان ئۇيغۇر، قازاق،
موڭغۇل قاتارلىق ئون نەچچە مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۇ-
زاقتىن بۇيان ياشاپ كەلگەن. 470 مىڭ ئاھالىسى بار 12
ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ رايون④ 20-ئەسىرنىڭ
40-يىللىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئاپەتلىك رايون بولۇپ قال-
دى، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك، ئېغىر باج-سېلىقلار،
پۇلنىڭ پاخاللىشىشى، خەلق ئۈستىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەر
چىدىغۇسىز دەرىجىگە يېتىپ باردى، بولۇپمۇ مىلىتارىست شېڭ
شىسەي ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك سىياسىي زۇلمى ۋە ئې-
غىر فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىسى بۇ رايوندىكى ئىجتىما-
ئىي-سىنىپىي زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇلار
چوڭ خەنزۇچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى
يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە سىياسىي جەھەت-
تە ئازراق بولسىمۇ ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە باراۋەرلىك
بەرمىدى. ھەتتا ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن ئايرىم مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ
ئېتىراپ قىلمىدى. شۇ چاغلاردا، 12 ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان، 470 مىڭ ئاھالىسى بار بۇ رايوندا سىنىپىي زۇلۇم،
مىللىي كەمسىتىش چېكىگە يەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەربىي

قوشۇنى، ئىشپيونلۇق ۋە ساقچى ئورگانلىرىنى ئىشقا سېلىپ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ھەر مىللەت ئىلغار دېموكراتىك زاتلىرىنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىگە تاشلىدى ۋە ئۆلتۈردى، ھەتتا بىگۇناھ ئاممىمۇ بۇنداق تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى.

نىلقا ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇمغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانىدى. دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى يەرسىز ياكى ئىنتايىن ئاز يەرگە ئىگە بولۇپ، پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ، ئالغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يەر ئىجارىسىگە تاپشۇراتتى. چارۋىچىلار ئاساسەن يۈڭ-تېرە قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاشلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا تېگىشىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. لېكىن، 1942-يىلىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى توختاتقانلىقى ئۈچۈن، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سېتىلمايدىغان بولۇپ قالدى. تۇرمۇش بۇيۇملىرىمۇ ئىنتايىن ئازلاپ كەتتى. 1943-يىل 3-ئايدا شېڭ شىسەي ئاتلىق قىسىملىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە 10 مىڭ ئات تاپشۇرۇش، ئات تاپشۇرالمايدىغانلار ھەر بىر ئاتقا شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 700 سومدىن پۇل تاپشۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بۇ بازار باھاسىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى ئىدى. نىلقا ناھىيىسىدىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلار ئاتنى تۇشقۇزالمىدى، پۇل تاپشۇرۇشقا ئۇلارنىڭ تېخىمۇ قۇربى يەتمەيتتى. بۇ چاغدا كېسەل تارقىلىپ، ئامما ئارىسىدا ئۆلۈم-يېتىم تېخىمۇ كۆپەيگەنىدى.

تەبىئىي ئاپەت بىلەن باج-سېلىقلار قوشۇلۇپ ھەر مىللەت خەلقىنى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تەربىيىسىگە ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى ئىلغار ياش زىيالىيلار ئالدى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشقا چاقىردى. 1943-يىلدىن 1944-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىلى، ئالتاي، قۇمۇل، تاشقورغان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە يوشۇرۇن تەشكىلاتلار ۋە پارتىزانلار ئەترەتلىرى بارلىققا كەلدى. ھەتتا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىمۇ ئىلغار يوشۇرۇن تەشكىلاتنىڭ ھەرىكىتى بار ئىدى. 1944-يىل 4-ئايدا قۇرۇلغان ئىلى «ئازادلىق تەشكىلاتى» ئىلى رايونىدىكى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ چاغدىكى نىلقا خۇددى بىر تال سەرەڭگىدە ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ كۆيىدىغان بىر دۆۋە قۇرۇق قومۇشقا ئوخشاپ قالغانىدى.

شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن قاچقان غېنى 1944-يىل يازدا نىلقىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىق رايونىغا بېرىپ، پاتىخ، ئەكبەرلەرگە قوشۇلۇپ بىرلىكتە يۈزدىن كۆپ ئادەمدىن تەركىب تاپقان پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار غۇلجا بىلەن نىلقا ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، تېلېفون سىملىرىنى كېسىپ تاشلاپ، يوللارنى بۇزۇپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىنى پاراكەندە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسى بارغانسېرى زورىيىدۇ. گومىنداڭنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك

ساقچى ئىدارىسى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ساقچى ئىدارىـ
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇڭمىڭنىڭ باشچىلىقىدا 50 نەـ
پەردىن ئارتۇق ھەربىي ۋە ساقچىنى پارتىزان ئەتىرىتىنى
يوقىتىش مەقسىتىدە ئۇلاستايغا دەرھال ئەۋەتىدۇ. ئۇلار يول
بويى ئالتە «ئوغرى» قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ
كارى چاغلىق، كىم ئۇلارنى قوللىسا پۈتۈن ئائىلىسىدىـ
كىلەرنىڭ كاللىسى كېسىلىدۇ، دەپ ئاممىنى ئالدايدۇ ۋە ئامـ
مىغا پوپوزا قىلىدۇ. پارتىزان ئەترىتى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر
تاپقاندىن كېيىن، دۈشمەنگە يوشۇرۇن تۇرۇپ زەربە بېرىشـ
كە تەييارلىنىدۇ. گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرى ئەمدىلا
ئۇلاستاي تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كېلىشىگە، پارتىزان ئەترىتى
تاغ ئېغىزىدىكى مەسچىتتە روزى ھېيت نامىزىنى ئۆتەۋاتقان
400 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ،
دۈشمەننى تەرەپ-تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
قولىغا قورال ئالغان، كۆپىنچىسى قولىغا كالتەك-توقماق،
قىلىچ-نەيزە ئالغان بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئون نەچچە ئادىمىـ
نى بىراقلا يوقىتىدۇ. ئۈچ ئادىمىنى ئەسىرگە ئالىدۇ. يىگىرـ
مە نەچچە تال مىلتىق، نەچچە مىڭ پاي ئوقنى غەنىيـ
مەت ئالىدۇ. قالغان دۈشمەن رەسۋا بولۇپ ناھىيە بازىرىغا
قېچىپ كېتىدۇ.

بۇ قېتىمقى غەلىبە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمەننى
يېڭىش ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ، ئاممىنىڭ
كەيپىياتى ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن
قوزغىلىپ، ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاتلىرىغا مىنىپ،
ئۇلاستاي ئەتراپىدىن سەلدەك ئېقىپ كېلىپ، پارتىزان ئەتـ
رىتىگە قاتنىشىدۇ. پارتىزان ئەترىتى بىرنەچچە كۈن ئىچىـ
دىلا تەرەققىي قىلىپ 600 دىن ئارتۇق كىشىگە يېتىدۇ،

پارتىزان ئەترىتى يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي جەھەتتىن قول-
لاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىدۇ. پۇلى بارلار پۇل ئىئانە قىلىدۇ،
ئېتى بارلار ئات تەقدىم قىلىدۇ، ئوزۇق - تۈلۈكى بارلار ئو-
زۇق - تۈلۈك تەقدىم قىلىدۇ، يېرىم ئاي ئىچىدە پارتىزانلار
خەلق ئۆزلۈكىدىن ئىئانە قىلغان 300 ئات، 3000 تۇياقتىن
كۆپ قوي، 360 تاغار ئاشلىق تاپشۇرۇۋالدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا، پارتىزانلار چەۋەندازلىق، قارىغا ئېتىش
قاتارلىق جىددىي ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىلقا
ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش پۇرسىتىنى كۈتىدۇ ھەمدە غۇلجا
شەھىرىدىن ئىلقىغا بېرىشتا ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل — مازار
ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ، دۈشمەننى پاراكەندە قىلىدۇ.

ئىلقا پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ پائالىيىتى گومىنداڭ شىنجاڭ
چېگرا رايونى دۇبەنى، قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسى شېڭ شىسەي-
نى بىئارام قىلىدۇ، ئۇ ئۆلكىلىك ساقچى ئىشلار باشقارمىسى-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ بىگدېنى دەرھال ئىلىغا ئاتالمىش
«خەلققە نەپىقە بېرىش» كە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە
ئىلقا پارتىزان ئەترىتى بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قارىغان
گۇمانلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ تۇتقۇن قىلىدۇ ۋە نەزەربەنت
ئاستىغا ئالىدۇ. شېڭ شىسەي يەنە 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى،
شىنجاڭغا يېڭىدىن كىرگەن، گومىنداڭ مەركىزىي ئارمىيىسى
7 - دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى دۇ دېڭۇنى چا-
قىرىپ، ئۇنىڭغا دەرھال ئىلىغا بېرىپ، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق
ھەربىيلەر ۋە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىغا بىر تۇتاش قو-
ماندانلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇ چاغدا غۇل-
جىدا گومىنداڭنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى بولغان 128 - دىۋىزىيە-
نىڭ 383 - پولك 3 - باتالىيونى، ئۆلكىدىن تولۇقلاپ بېرىل-
گەن 1 - باتالىيون ۋە ئامانلىق قوغداش 4 - پولكى ھەمدە

سۈيدۈك، قورغاس، موڭغۇلكۈرەلەردە تۇرۇۋاتقان ئامانلىق
قوغداش چوڭ ئەترەتلىرى بار ئىدى. 9-ئاينىڭ 3-كۈنى
دۈدېڭۇ ئايروپىلان بىلەن ئىلىغا كېلىپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى
زاپاس 7-دىۋىزىيە 19-پولكىنىڭ 1-باتالىيونىنى غۇلجا
شەھىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا دەرھال يۆتكەپ كېلىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ گومىنداڭنىڭ غۇلجىدىكى قوشۇنى 3000 غا يې-
قىن ئادەملىك قوشۇن بولۇپ قالىدۇ. دۇ دېڭۇ پارتىزان ئەترى-
تىنى يوقىتىش ئۈچۈن، سۈيدۈكتە تۇرۇۋاتقان ئامانلىق قوغ-
داش 4-پولكىنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى شى خېيسەنگە
بىر روتىنى باشلاپ ئىلىغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق
چۈشۈرىدۇ. 9-ئاينىڭ 16-كۈنى مەزكۇر روتا ئىلىغا بارىدى-
غان تاغ ئېغىزى — مازارغا يېتىپ كېلىشىگە، تاغ ئېغىزىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پارتىزانلار ئۇلارغا تۇ-
يۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، توپتوغرا ئىككى كېچە-كۈندۈز
شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەن ئېغىر زەربىگە
ئۇچراپ مازار ئەتراپىدا توسۇلۇپ قالىدۇ. ئارقىدىن بىر قىسىم
پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ مازاردا تۇرۇشلۇق ساقچى ئىدارىسىگە
ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەردە دۈشمەن بىلەن تەكرار ئېلىشىدۇ.
نەتىجىدە دۈشمەن ئىلىقا ناھىيىسى ۋە ئۇلاستاي تاغلىق را-
يونىغا بارالمايدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىلى-
قا ناھىيىسىنى دەرھال ئىشغال قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. 10-
ئاينىڭ 5-كۈنى، پارتىزانلار پاتىخنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ
چوڭ ئەترەتكە بۆلۈنۈپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەكبەر، غېنى،
خەمىت ۋە بايچورىنلارنىڭ باشچىلىقىدا ئىلىقا ناھىيىسىنى جە-
نۇب، شىمال ۋە غەرب تەرەپتىن قورشىۋالىدۇ. 2-كۈنى تاڭ
سەھەردە، ئۇلار ھۇجۇم قوزغايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان

شەھەر ئىچىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىمۇ دەرھال ھەرىكەتـ
لىنىپ قوللىرىغا پالتا-كەتمەن، ئارا-گۈرجەك، كالتەك-توقـ
ماقلارنى ئېلىپ جەڭگە قاتنىشىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، باج
ئىشلار ئىدارىسى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قاتارلىق مۇـ
ھىم نۇقتىلار ناھايىتى تېزلا پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال
قىلىنىپ، دۈشمەنلەر پۈتۈنلەي ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە
مۇھاسىرىدە قالىدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھـ
كەم ئىستىھكاملىرىدىن پايدىلىنىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ،
جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. جەڭ بىر كۈندىن كۆپرەك
ۋاقىت داۋام قىلىدۇ. پارتىزانلار 10-ئاينىڭ 7-كۈنى ساقـ
چى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىدۇ، دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى
تەسلىم بولىدۇ. نىلقا ناھىيە بازىرى ئازاد قىلىنىدۇ. بۇ جەڭدە
پارتىزانلار دۈشمەن ساقچىسىدىن 30 نەچچىسىنى يوقىتىدۇ.
گومىنداڭنىڭ ھەربىي ساقچىلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن
147 ئادەمنى ئەسىرگە ئالىدۇ. 70 نەچچە تال مىلتىق، ئىكـ
كى دانە پىلىموت، بىرنەچچە مىڭ پاي ئوق ۋە بىر ماشىـ
نىنى غەنىيمەت ئالىدۇ. جەڭدە پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىنىڭ
باشلىقى خەمىت باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. پارتىزانلار ئۇنى
داغدۇغىلىق دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ دەپنە
قىلىدۇ.

نىلقا ناھىيە بازىرىدا جىددىي جەڭ بولۇۋاتقان پەيتـ
تە مازاردا تۇسۇلۇپ قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى پارتىزانـ
لارنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ناھىيە بازىرىغا قىسـ
تاپ كېلىدۇ. دۈشمەن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان
ۋە ناھىيىگە بەش كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى بابىشنىڭ جاڭزىـ
سىغا كىرگەندە، ئالدىقاچان ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغان.
پارتىزانلار بىر قىسىم پارتىزاننى ئەۋەتىپ بۇ جاڭزىنى

قورشىۋالدى. قورال-ياراقلىرى ئاددىي بولغان پارتىزانلار مىـ
نامىيوت، پىلىموتلار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنگە قارشى
ئىككى كېچە-كۈندۈز جىددىي جەڭ قىلدى. دۈشمەن بەر-
داشلىق بېرەلمەي، ئارقا-ئارقىدىن تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ
كېتتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قاش دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى
يۇلغۇنلۇقنى بويلاپ مازارغا قاچقان بولسىمۇ، يولدا ئالدىنـ
ئالا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ،
ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۆزلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن دەرياغا ئاتـ
تى. بۇلاردىن نۇرغۇنلىرى سۇدا ئۆلدى، بىرقانچىسى دەريانىڭ
جەنۇبىي قىرغىقىغا چىقالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپتىكى
ئامما ئۇلارنى تۇتۇۋالدى. دۈشمەننىڭ يەنە بىر
قىسمى قاراسۇ قاتارلىق جايلاردا پارتىزان-
لارنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، ئېغىر تالاپەتكە
ئۇچرايدۇ.

نىلقا ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇ-
رۇپ تاشلانغانلىقى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى شاد-خۇرام-
لىققا چۆمدى. ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى نىلقىغا يېقىن
ناھىيىلەردىكى ئامما ئارقا-ئارقىدىن ئۆز ۋەكىللىرىنى مەخـ
پىي تۈردە ئەۋەتىپ غەلىبىنى تەبرىكلەيدۇ. ھەر كۈنى دېـ
گۈدەك، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردىن قېچىپ چىـ
قىپ بىر قىسىم كىشىلەر پارتىزانلار ئەتراتى سېپىگە قاتنىـ
شىدۇ. پارتىزانلار تېزلا كۆپىيىپ مىڭغا يېتىدۇ.

بۇ چاغدا پارتىزانلار ئەتراتى ئۆز قوشۇنىنى قايتىدىن
تەرتىپكە سالدى. نىلقا ناھىيىسىدە بىرلىككە كەلگەن پار-
تىزانلىق قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. پارتىزانلارغا پارتىـ
زانلىق تاكتىكىسى ھەققىدە تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى.
نىلقىدىكى پارتىزانلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا،

قورغاس، سۈيدۈڭ، غۇلجا، توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس قاتار-
لىق ناھىيىلەردىمۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، كىچىك كۆلەم-
دىكى پارتىزان ئەترەتلىرى ھەرىكىتى مەيدانغا كېلىدۇ.

نىلقا پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ غەلىبىسى گومىنداڭ شىن-
جاڭ دائىرىلىرىنى ئىنتايىن ئالاقزادە قىلىۋەتتى. 10 - ئاينىڭ
9 - كۈنى دۇ دېفۇ، لىيۇ بىڭدېلار ئىلىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۈ-
رۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، گومىنداڭ 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ
قوماندانى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى جۇ شاۋ-
لياڭغا⑤ نىلقىدىكى قوزغىلاڭ ئەھۋالىنى بىۋاسىتە دوكلات
قىلىدۇ.

جۇ شاۋلياڭ دۇ دېفۇنى پارتىزانلارنى قورشاپ يوقىتىشقا
ئوبدان قوماندانلىق قىلالمىدى دەپ قاراپ، زاپاس 7 - دى-
ۋىزىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى ساۋ رىلىڭنى ئىلىغا بېرىپ قوماندا-
نلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەممە ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نا-
زارىتىنىڭ نازىرى دېڭ شياڭخەينى ئىلىغا بىللە بېرىپ «خەلق-
قە نەپىقە بېرىش» كە ئەۋەتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچىدە
تۇرۇشلۇق زاپاس 7 - دىۋىزىيە 19 - پولكىنىڭ 2 - پىيادىلەر
باتالىيونى ۋە بىر مىنامىيوت روتىسىنى ئىلىغا ياردەمگە ئەۋە-
تىدۇ. ساۋ رىلىڭ، دېڭ شياڭخەي قاتارلىقلار ئىلىغا بارغان-
دىن كېيىن، لىيۇ بىڭدې ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارى-
سىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەر
خىل ئالدامچىلىق تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ
رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلماقچى بولىدۇ - دە، «خەلق قۇرۇل-
تىيى» ۋە «ھەر ساھە مۆتىۋەرلىرى سۆھبەت يىغىنى» ئېچىپ،
«نىلقا ۋەقەسى شېڭ شىسەيدىن قېپقالغان جاراھەت، بىز
ئۇنى داۋالىشىمىز كېرەك» دەپ تەشۋىق قىلىدۇ، شۇنداقلا
ئاز ساندىكى «مەھبۇسلار» نى قويۇپ بېرىدۇ. خەلقتىن مۇسادىرە

قىلىنغان بەزى مال ـ مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ،
بۇلارنىڭ بۇنداق ئالدامچىلىق قىلمىشلىرى ھەر مىللەت خەل-
قىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت
ئاممىسى كوچا ـ كوچىلارغا «نىلقىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىنى
تەبرىكلەيمىز!»، «ياشىسۇن پارتىزانلار!»، «گومىنداڭ ھاكى-
مىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايلى!» دېگەن شوئارلارنى چاپلاپ،
ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي قەلب ساداسىنى ئىپادىلەيدۇ.

گومىنداڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-
شىغا يول قويمايتتى. زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە شتاب باشلىقى
ساۋرىلىڭ ئىلىغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تۆت باتالىيون ۋە
يەنە بىر روتا (تەخمىنەن 1600 نەپەر ئەسكەر) نى
يېتەكلەپ، بىرقانچىگە بۆلۈپ نىلقا ناھىيىسىگە قاراپ قىس-
تاپ كېلىدۇ. مازاردىن يولغا چىققان زاپاس 7 ـ دىۋىزىيە
19 ـ پولكى 1 ـ باتالىيونىنىڭ 2 روتىسى قاراسۇ داۋىنىغا كەل-
گەندە، ئەكبەر باشچىلىقىدىكى پارتىزان 1 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ
توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلار دۈشمەنلەرنى ئىچكىرى
كىرگۈزۈپ بابلاش ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدا قاراسۇ داۋىنىنىڭ
شىمالىدىكى جىلغىغا چېكىنىدۇ. دۈشمەن جىلغىغا كىرگەندىن
كېيىن، پارتىزانلار ئۇلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. پار-
تىزانلاردىن قورالى بارلار دۈشمەنگە قورالدىن ئوق چىقار-
سا، قورالى يوقلار تاغدىن تاش دومىلىتىدۇ، پارتىزان جار-
باس ئۆزىلا تاش دومىلىتىپ ئۈچ دۈشمەننى ئۆلتۈرىدۇ. بىر-
نەچچە پارتىزان دۈشمەنگە باتۇرلارچە يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ
بىر پىلىموتچىكىنى تۇتۇۋالىدۇ. جەڭ بىر كېچە ـ كۈندۈز دا-
ۋام قىلغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر پىتراپ كېتىدۇ. دۈش-
مەنىنىڭ 80 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلىدۇ. ئىك-
كى دانە پىلىموت، 70 تال مىلتىق غەنىيمەت

ئېلىنىدۇ، دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. يىتراپ كەتكەن بىر بۆلۈك دۈشمەن تاغدىكى چارۋىچىلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىدۇ. بىر كەنتتە دەريا بويىغا سۇغا چىققان بىر نەچچە ئايالمۇ ئۈچ دۈشمەننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى باغلاپ پارتىزان ئەترىتىگە ئەكىلىپ بېرىدۇ. دۈشمەننىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرى قېچىپ كېتىدۇ.

توققۇزتارادىن يولغا چىققان گومىنداڭ زاپاس 7-دىۋىزىيىسى 19-پولكىنىڭ 2-باتالىيونى 10-ئاينىڭ 27-كۈنى نىلقىنىڭ ئاق قوي فېرمىسىنى بېسىۋالىدۇ. بۇ رايوندىكى پارتىزانلار قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، فېرمىنى دەرھال قايتۇرۇۋالىدۇ. 30-كۈنى دۈشمەن ئىككى ئايروپىلاننىڭ ھىمايىسىدە، قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قاراتۆپىنى بېسىۋالىدۇ. پارتىزانلار دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدا قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ نىلقىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى توسىدۇ.

بۇ چاغدا، ئىلى «ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلايدۇ. بۇ مۇددىئاغا ئاساسەن نىلقا پارتىزانلىرى ئاز ساندىكى ئەسكىرىي كۈچنى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، دۈشمەننى ئېزىقتۇرۇپ، ئاساسلىق كۈچىنى تەدرىجىي چېكىندۈرۈپ، يوشۇرۇن ھالدا غۇلجىغا يۆتكەمەكچى بولىدۇ. 11-ئاينىڭ 2-كۈنى دۈشمەن قىلىچىمۇ قارشىلىق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا نىلقا ناھىيە بازىرىنى قايتىدىن بېسىۋالىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە قاراسۇنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى دۈشمەن ئاساسلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆلاستاينىڭ يېنىدىكى جارتوغان دېگەن جايغا ھۇجۇم قىلىدۇ، بۇ چاغدا پارتىزانلار ۋە شۇ يەرلىك ئامما بولۇپ جەمئىي 2000 دىن كۆپ ئادەم دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ

زەربە بېرىدۇ. دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ مازارغا چېكىنىدۇ. بۇ جەڭدە پارتىزان چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەكبەر ئېغىر ياردار بولۇپ، باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىنىسى سېيىت ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چوڭ ئەترەت باشلىقى بولىدۇ. بۇ بىرنەچچە قېتىملىق جەڭدە پارتىزانلار زور چىقىمغا ئۇچراپ، بەزىبىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. شۇ چاغدا پارتىزان ئەترىتىدە 1200 دىن كۆپرەك ئادەم، 200 دىن ئارتۇقراق قورال قالغانىدى. ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەر يېتىشمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. قورال - ياراقنىڭ كېلىش مەنبەسى يوق، ئوق - دورا كەمچىل ئىدى. بەزىلەر 2 - 3 ئايغىچە كىيىم - كېچەكلىرىنى يۆتكىيەلمىگەنىدى. لېكىن، پارتىزانلار ئىنتايىن ئۈمىدۋار، ئىرادىلىك، قەيسەر ئىدى. كۆپچىلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقاتمىغۇچە جەڭدىن قايتمايمىز، دەيدىغان نىيەتلا بار ئىدى. شۇ جايدىكى خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پارتىزانلار قۇربان بولۇشتىن قورقماي، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ كۆپ قېتىملىق قورشاپ يوقىتىشىنى تارمار قىلدى. ئۇلاستايدىكى ئىنقىلاب ئۇچقۇنى ئۆچۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھەرقايسى ناھىيىلەرگە قەدەر تارىلىپ تېخىمۇ لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

## غۇلجا قوزغىلىڭى

نىلقا پارتىزانلار ئەترىتى غەلىبە بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان چاغدا، «ئازادلىق تەشكىلاتى» غۇلجىدىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، ياش زىيالىيلار ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيە ھەمدە دىنىي زاتلار ئارىسىدا بىر قاتار تەشۋىقات - تەرغىبات ئىشلىرىنى

ئېلىپ بارغانىدى. مەسىلەن، ئۇلار مەخپىي يوسۇندا تەشۋى-
قات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىش، شوئار - لوزۇنكا، تەشۋىقات رە-
سىملىرىنى چاپلاش ئارقىلىق، ئاممىا ئارىسىدا ئىنقىلابنى ۋە
ئىلىقا قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىل-
لەت خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بول-
غان ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ، ھۆكۈم-
رانلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىرىپ تۇراتتى. بۇ چاغ-
دا، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي
كۈچلىرى پارتىزانلارنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن ئىلىغا
يۆتكەپ كېتىلگەن بولۇپ، شەھەر ئىچىدە پەقەت 128 - دى-
ۋىزىيە 383 - پولكى، ئامانلىق قوغداش 4 - پولكىنىڭ
بىر قىسمى، ئاۋىئاتسىيە چوڭ ئەترىتى، ئوقۇتۇش باتالىيونى
ۋە ساقچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 1500 دەك ئادىمى قالغانى-
دى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىلىرى جەڭ قىلمايدىغان خادىم-
لار بولۇپ، تارقاق ھالدا ھەيرانباغ گازارمىسى، لياڭشاڭ
بۇتخانىسى، ئايرودروم، ساقچى ئىدارىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى
قاتارلىق ئورۇنلارنى ساقلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى
كۈچەيتىش مەقسىتىدە، شەھەردىكى بىر قىسىم خەزنۇ سودى-
گەر ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن
قورال تارقىتىپ بەرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ غۇلجىنىڭ مۇداپى-
ئەسى يەنىلا ئاجىز ئىدى. «ئازادلىق تەشكىلاتى» بۇ پۇرسەت-
نى غەنىيمەت بىلىپ، 1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى
غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى.

«ئازادلىق تەشكىلاتى» تۈزۈپ چىققان قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈش پىلانىغا ئاساسەن، ئىلىقا پارتىزانلىرىنىڭ ئۈچ چوڭ
ئەترىتى ۋە خەلق ئاممىسى بولۇپ بىرنەچچە مىڭ ئادەم

500 تالدەك قورال بىلەن قوراللىنىپ، گومىنداڭ قوشۇنلى-
رىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشىدىن قۇتۇلۇپ، تاغ ئىچىدىكى
يېقىن يول بىلەن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ يوشۇرۇن ھالدا
غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ؛ ئابدۇكېرىم ئاببासوۋ رەھبەرلىكىدىكى
ئىلى پارتىزانلىرىمۇ قورغاستىن تېزلىك بىلەن غۇلجىغا يۆتكىلى-
ۋالىدۇ. شۇ كۈنى سەھەر سائەت 5 تە، غېنى ئەتىرىتى شە-
ھەرنىڭ شەرقىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۆڭلىياڭ ساقچى تۈرمى-
سىدە ياتقان پاتىخ مۇسلىموۋنىڭ ئانىسىنى تۈرمىدىن قۇ-
تۇلدۇرۇپ چىقىپ، قارادۆڭ رايونىدىكى ساقچىلارنى پارا-
كەندىچىلىككە سالىدۇ. گومىنداڭ ئارمىيىسى دەرھال پارتى-
زانلارغا ھاۋادىن ئايروپىلان بىلەن ئوق ياغدۇرىدۇ، يەردىن
غالجىرلارچە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدۇ، غېنى باشچىلىقىدىكى
پارتىزانلار 2- چوڭ ئەتىرىتى تۇرپان يۈزىگە چېكىنىپ
بېرىپ، 1-، 3-چوڭ ئەترەتكە قوشۇلۇپ، 11-ئاينىڭ 7-
كۈنى سەھەردە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ يېتەكچىلىكىدىكى غۇلجا پار-
تىزانلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھەرنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي-شى-
مالىي تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.
پارتىزانلار ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن سايبويى كۆۋرۈكى، ۋى-
لايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، سودا-سانائەت شىركىتى ئوتتۇ-
رىسىدىكى قاتناشنى ئوت كۈچى بىلەن قامال قىلىدۇ. شۇ
چاغدا، ئۆيدە ئۇخلاپ ياتقان ليۇ بىڭدې ئوق ئاۋازىنى ئاڭ-
لاپ، دەرھال ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ قاچىدۇ. يول-
دا ئۇنى پارتىزانلار ئېتىپ تاشلاپ، يېنىدىكى ھۆججەت
سومكىسىنى قولغا چۈشۈرىدۇ.

8-كۈنىدىن باشلاپ پارتىزانلار ۋالىي مەھكىمىسى،
ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى، غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى⑥
ۋە ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا كەينى-كەي-

نىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ساۋ رىلىڭ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگە پايدى-
سىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئىلىغا يۆتكىگەن قوشۇنىنى كې-
چىلەپ ئىلىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ ھەمدە جىڭدا
تۇرۇشلۇق 21 - پولكقا ئىلىغا تېزدىن ياردەمگە كېلىش توغ-
رىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. پارتىزانلار خەلق ئاممىسىنىڭ
زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، دۈشمەننى پارچىلاپ
قورشاپ، گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. پارتىزانلار كەينى - كەينىدىن
ۋالىي مەھكىمىسى، غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى، ئېلېكتر
ئىستانسىسى، بانكا، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق
ئورۇنلارنى ئىشغال قىلىدۇ. ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى-
نىڭ يېنىدا پارتىزانلار گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا
ئۇچرايدۇ، جەڭ بىر كېچە - كۈندۈز داۋام قىلىدۇ، ساقچى
ئىدارىسىگە قامالغان ئاممىنى تېزلىك بىلەن ئازاد قىلىش
ئۈچۈن، پارتىزانلار باتۇرلۇق بىلەن ئارقىمۇ ئارقا ھۇجۇم-
غا ئۆتۈپ، پارتلاتقۇچ دورا بىلەن تامنى پارتلىتىپ تاش-
لاپ، بېسىپ كىرىپ، ساقچى ئىدارىسىنى ئىشغال قىلىدۇ.
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ۋالىي گاۋ ۋېي ئىش-
پىيونلارنىڭ ھىمايىسى ئارقىسىدا كۆرەگە قېچىپ كېتىدۇ.
پارتىزانلار گومىنداڭ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان 200دىن
ئارتۇق ئادەمنى قويۇپ بېرىدۇ. 4 - 5 كۈنلۈك كەسكىن جەڭ
نەتىجىسىدە، دۈشمەن زور چىقىمغا ئۇچراپ، ئارقا - ئارقىدىن
مەغلۇپ بولىدۇ. ساۋ رىلىڭ قالدۇق دۈشمەننى باشلاپ ھەي-
رانباغ، ئايرودروم ۋە لياڭشاڭ بۇتخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ
ئورۇنغا كىرىۋالىدۇ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە بىر قىسىم
خەنزۇ سودىگەرلەرمۇ قورالنى يوشۇرۇپ، ھەيرانباغقا، لياڭشاڭ
بۇتخانىسىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۈچ ئورۇن پارتىزانلار تەرىپى-
دىن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ. دۈشمەن كۆپ قېتىم

قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. نىلقا، توققۇزتارا قاتارلىق جايلاردىن غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن دۈشمەن يولدا پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ، ساق قالغانلىرى نائىلاج ھەيرانباغقا قېچىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىدۇ. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، ھەيرانباغ، ئايرودروم، لياڭشاڭ بۇتخانىسىدىن باشقا، پۈتۈن غۇلجا پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندۇ. بىرنەچچە كۈنلۈك جەڭدە دۈشمەننىڭ 180 ئەسكىرى يوقىتىلدۇ، 150 ئەسكىرى ئەسىرگە ئېلىندۇ، 400 ئادىمى ھەقىقەتكە قايتىدۇ، 300 دىن كۆپرەك ئەسكىرى قېچىپ كېتىدۇ. 350 تالدىن كۆپ قورال - ياراق غەنىيمەت ئېلىندۇ. پارتىزانلاردىن 30 نەچچە ئادەم يارىلىندۇ ۋە قۇربان بولىدۇ.

غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە گومىنداڭ تەرىپىدىن پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىدىن 238 ى تېپىلدۇ. ئۇلار بىگۇناھ ئاما بولۇپ، بەزىلىرى ئاغزىغا پاختا، لاتا تىقىلغان، بەزىلىرى قولى ئارقىسىغا باغلانغان، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان پېتى ھاجەتخانىغا تاشلىنىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بەزىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە پاجىئەلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزى ئويۇلغان، تىلى كېسىلگەن، ھەتتا قورسىقى يېرىپ تاشلانغان. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە پاجىئەلىك تۈردە زىيانكەشلىك قىلغان چېكىدىن ئاشقان جىنايىتىنى تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئۇلارنىڭ جىنايەت پاكىتلىرى توغرىسىدا تەييارلانغان ماتېرىيال ۋە سۈرەتلەرنى كەڭ دائىرىدە تارقاتتى، شۇنىڭ

بىلەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشتى.

غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن ۋىلايەتنى زىل-
زىلىگە كەلتۈردى. ھەرقايسى ناھىيە خەلقلىرى ئارقا-ئار-
قىدىن قوزغىلىپ، ئۆزلۈكىدىن پارتىزان ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ
گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىغا ھەممىلا جايدا زەربە
بەردى. تېكەستىكى گومىنداڭ ساقچى ئەمەلدارلىرى غۇلجى-
نىڭ پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ
ئالاقزادە بولۇپ، ئاقسۇ تەرەپكە قاراپ قاچتى. شۇ جايدىكى
خەلق بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ، دۈش-
مەنگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ 18 نەپەر ئادىمى-
نى يوقاتتى، 34 دانە قورالنى غەنىيمەت ئالدى ھەمدە ئۇ
قوراللار بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، پارتىزان ئەترىتى
قۇرۇپ چىقتى. كېيىن ئۇ پارتىزان ئەترىتى كېڭەيتىلىپ تېكەس
ئاتلىق 2-پولك قىلىپ قۇرۇلدى. بۇ پولك تېكەستىن
ئاقسۇغا ئۆتىدىغان مۇز داۋاننى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈس-
تىگە ئېلىپ، ئاقسۇدىكى دۈشمەننىڭ ئىلىغا ئۆتىدىغان يولىنى
توستى. توققۇزتارا، كۈنەس قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ
ئەمەلدارلىرى داغوتا داۋىنى، مۇزداۋان ئارقىلىق قاراشەھەرگە
قاچماقچى بولغاندا، شۇجايدىكى پارتىزانلار ئۇلارنى تۇتۇ-
ۋالدى ۋە 40 تىن ئارتۇق مىلتىق غەنىيمەت ئالدى. كۈنەس،
توققۇزتارا پارتىزان ئەترەتلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزلۈك-
سىز زورىيىپ، داغوتا داۋىنىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە
ئالدى، ئۇلار قاراشەھەردىن ئىلىغا ياردەمگە كەلمەكچى
بولغان دۈشمەننى توستى. بۇ چاغدا، قورغاس، سۈيدۈڭ،
چاپچال، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلار ئەت-
رەتلىرى پائال ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، شۇ جايلاردىكى گو-

مىنداك ئارمىيىسىگە ۋە ساقچىلىرىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەھدىت سالغانىدى.

## «مۇھاسىرە» نى تارمار قىلىش

غۇلجا قوزغىلىڭى غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ پەيلى يەنىلا ئىنتايىن يامان ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى ھەيرانباغ، ئايرودروم، لياڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى غۇلجىغا يېقىن بولغان قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرە قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇندىكى ئامانلىق قوغداش 4- پولكىنىڭ سەككىز روتا ئەسكىرىنى قامال ئىچىدە قالغان قىسىملىرىغا ياردەم قىلىشقا تېزدىن يۆتكەپ كېلىپ، ئىنقىلاب يالقۇنىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى. جۇ شاۋلياڭ ئۆز قولى بىلەن ئىلغا بەش يول ئارقىلىق ياردەم بېرىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى:

1) بەش كۈچەيتىلگەن روتا ئۇرۇمچى - غۇلجا تاشيولىنى بويلاپ، كەڭساي داۋىنى ۋە لوسىگو ئارقىلىق سۈيدۈڭ، كۈرەگە بېرىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن بىرلىشىپ غۇلجا شەھىرىگە غەربتىن ھۇجۇم قىلىش؛

2) بىر كۈچەيتىلگەن ئاتلىق باتالىيون جىڭدىن يولغا چىقىپ، ئاچال داۋىنىغا بېرىپ، مەزكۇر داۋاندا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قىسىم بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىغا شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش؛

3) بىر كۈچەيتىلگەن باتالىيون ئارشاڭدىن يولغا چىقىپ، سەنتەيخەزى، ئاقسۇ داۋىنى، كەڭساي داۋىنى ئارقىلىق

قورغاستا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قىسىم بىلەن بىرلىشىپ غۇلجىغا غەربىي جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش؛

4) ئىككى كۆچەيتىلگەن ئاتلىق ئىسكادرون قاراشەھەردىن يولغا چىقىپ داغوتا داۋىنى، ئارالتۆپە ۋە توققۇزتارادىن ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىگە شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش؛

5) بىر كۆچەيتىلگەن ئاتلىق باتالىيون ئاقسۇدىن چىقىپ، مۇزات داۋىنى ئارقىلىق موڭغۇلكۈرە، تېكەستىن ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرىگە جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىلى رايونىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىش، ھەربىي كۈرەشنىڭ تېخىمۇ زور غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، غۇلجا قوزغىلىڭى ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ، جايلاردىكى تارماق پارتىزانلارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنداقلا پارتىزانلار ئەترىتىنى يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىپ، بىرنەچچە پارتىزان چوڭ ئەترەتلىرى (كۆپىنچىسى ئاتلىق) نى قۇرۇپ چىقتى. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئىلغا قىلغان ھۇجۇمىنى توسۇپ، ئىلى رايونىدىكى دۈشمەننى يوقىتىش ئۇرۇشى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە پىلان تۈزۈپ چىقتى:

1) ئىككى پارتىزان چوڭ ئەترىتى غۇلجىدىكى ھەيرانباغ، ئايرودروم، لياڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەنگە داۋاملىق قورشاپ زەربە بېرىش، بۇ جايدىكى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش،

دۈشمەننىڭ ھاۋادىن ياردەم قىلىشىنى چەكلەش، پۈرسەت كەلگەندە ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش؛

2) بىر پارتىزان ئەترىتى بىلەن سۈيدۈڭدىكى پار-تىزان ئەترىتىگە ياردەم قىلىپ، سۈيدۈڭ، قورغاس، كۈرەنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى پارچىلاپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بىر-بىرلەپ يوقىتىش؛

3) بىر پارتىزان چوڭ ئەترىتى كەڭساي داۋىنى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىش ھەمدە دۈشمەن ئۆتمەكچى بولغان ئاقسۇ داۋىنىنى ئالدىنئالا ئىشغال قىلىش، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئارشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىدىكى خەلقنىڭ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى راۋاجلان-دۇرۇشقا ھەمكارلىشىش، شەرت-شارائىت ھازىرلاپ ئارشاڭ، بورتالا ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ، سەنتەي، سىتەيدىكى دۈشمەنگە تەھدىت سېلىش؛

4) بىر ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتى ئاچال داۋىنى-دىكى پارتىزان ئەترىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاچال، كۆك-ئارچىن قاتارلىق داۋانلارنى ساقلاش ياردەمگە كەلگەن دۈش-مەنگە توسۇپ زەربە بېرىش ھەمدە داخىيەنزە ئەتراپىدا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش؛

5) كۈنەس، توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتار-لىق جايلاردىكى پارتىزان ئەترەتلىرى پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، ئاقسۇ، قاراشەھەر تەرەپتىن ئىلىغا ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىش؛

6) جەنۇبىي شىنجاڭ، ئۈرۈمچى، ماناس، شىخو قا-تارلىق جايلاردا پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇش ھەمدە ئالتاي، قوبۇقسار، تاشقورغان قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزئارا يار-

ئەملىشىپ، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، غۇلجا ئىنقىلابىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ياردەمگە ئىگە قىلىش.

پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى بۇ پىلانغا ئاساسەن، ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قورغاس، سۈيدۈڭ، كۆرەدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش جېڭىنى ئۇيۇشتۇردى.

قورغاس، سۈيدۈڭ، كۆرە بولسا غۇلجىنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان، بۇ ناھىيەلەرنىڭ ناھىيە بازارلىرى بىر-بىرىگە يېقىن بولۇپ، ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولى ئۆتىدىغان، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم جايلار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورغاس (ئەينى ۋاقىتتىكى چىلپەڭزە ناھىيىسى) ئىلى رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا-سېتىق قىلىدىغان مۇھىم ئېغىزى ئىدى. گومىنداڭ بۇ ئۈچ ئورۇنغا ئامانلىق قوغداش 4-پولكىنىڭ سەككىز روتىسى بىلەن بىر ساقچى روتىسىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. دۈشمەن بۇ ئۈچ ئورۇندا قاتتىق مۇداپىئە كۆرسە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كەڭساي تەرەپتىن غۇلجىغا ياردەمگە كېلىدىغان ئۆز قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، غۇلجىدىكى پارتىزانلارغا زور تەھدىت سالالايتتى.

پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى غۇلجا قوزغىلىڭىغا قاتناشقان بىر پارتىزان چوڭ ئەترىتىنى قورغاسقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى غۇلجىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە تەشكىللەنگەن لوسىگو پارتىزانلىرى، سۈيدۈڭ پارتىزان ئەترىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈردى ھەمدە پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ شۆبىسىنى قۇردى، ئۇنىڭ ئاستىدا تۆت ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى. ھەر بىر

پارتىزان چوڭ ئەترىتىدە تەخمىنەن 300—400 دىن ئادەم بولۇپ، بۇلاردىن 200 گە يېقىن ئادەمدە قورال بار ئىدى. ئۇلار ئارقىدىنلا قورغاس، سۈيدۈڭ، كۈرەنى بۆلۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بۇ ئۈچ جايدىكى دۈشمەننى بىر - بىرىگە ياردەم بېرەلمەيدىغان هالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تاڭ سەھەردە موڭغۇتنۇۋ⑦ رەھبەرلىكىدىكى ئاتلىق پارتىزان ئەترىتى يەرلىك خەلقنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئۈچكە بۆلۈنۈپ، قورغاسنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان دۈشمەنگە هۇجۇم قوزغايدۇ. ئۇ چاغدا، قورغاستا گومىنداڭ ئامانلىق قوغداش 4 - پولكىنىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى ۋە بىر قىسىم ساقچىلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى. قورغاس ناهىيە بازىرىنىڭ سېپىلى ناهايىتى ئېگىز ۋە پۇختا ئىدى. پارتىزان ئەترىتى ئۆزلىرى شوتا ياساپ سېپىلغا باتۇرلۇق بىلەن چىقىپ، ئېگىز نۇقتىنى ئىگىلەپ، دۈشمەنگە شىددەتلىك زەربە بېرىدۇ. تۆت سائەت داۋام قىلغان كەسكىن جەڭدە دۈشمەن ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يوقىتىلىدۇ، كۆپ قىسمى ئەسىرگە چۈشىدۇ، قورغاس ئازاد قىلىنىدۇ.

سۈيدۈڭ ئاشلىق - تەمىنات ئامبىرى ئورۇنلاشقان مەشهۇر جاي بولۇپ، بۇ يەرنى دۈشمەننىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى مۇھاپىزەت قىلاتتى، 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ 800 دىن ئارتۇق ئادىمى سۈيدۈڭنى قورشىۋالىدۇ. دۈشمەن ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىۋالغانلىقتىن پارتىزانلار سېپىلغا بىرىنچى قېتىم قىلغان هۇجۇمدا مەغلۇپ بولىدۇ. 25 - كۈنى تاڭ سەھەردە پارتىزانلار سېپىل تۈۋىگە پارتلىتىش دورىسى كۆمۈپ سېپىلنى پارتلىتىدۇ. سېپىلنىڭ

بىر پارچە يېرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى بىلەن پارتىزانلار سىپ-
پىل ئىچىگە باتۇرلارچە بېسىپ كىرىدۇ. جىددىي ئېلىشىش
ئارقىلىق دۈشمەننىڭ بىر قىسمى يوقىتىلىدۇ، بىر قىسمى
ئەسىرگە چۈشىدۇ، يەنە قاچقان بىر قىسمى يولدا پارتى-
زانلار تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ.

پارتىزانلار قورغاس، سۈيدۈڭنى ئىشغال قىلغاندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى كۈرەگە قارىتىلىدۇ. دۈشمەن-
نىڭ كۈرەنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قىسمى ئامانلىق قوغ-
داش 4-پولكىنىڭ پولك شتابى، ئىككى ئاتلىق ئىسكادرون،
بىر زەمبىرەكچىلەر روتىسى ۋە بىر قىسىم ساقچىلاردىن ئى-
بارەت بولۇپ، ئۇلار مىنامىيوت قاتارلىق ئېغىر قوراللار بى-
لەن قوراللانغانىدى. ئۇلارغا ئامانلىق قوغداش 4-پولكى-
نىڭ كوماندىرى چېن بەيلياڭ ۋە غۇلجىدىن قېچىپ كەلگەن
ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋ ۋېي قوماندان-
لىق قىلاتتى. بۇ چاغدا دۈشمەن بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت
مۇھاسىرىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورغاس، سۈي-
دۈڭ قاتارلىق جايلارنى پارتىزانلار ئىشغال قىلىپ بولغاچقا
كۈرە يېتىم قالغان. بۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ يېمەك-
ئىچمەك، ئوق-دورا قاتارلىق نەرسىلىرى كەمچىل بولۇپ،
ئۇلار ھۇجۇممۇ قىلالمايدىغان، مۇداپىئەمۇ كۆرەلمەيدىغان
ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسى بوشىشىپ،
ئىچكى قىسمى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. بۇنداق
ئەھۋال ئاستىدا، پارتىزانلار بىر تەرەپتىن دۈشمەنلەرنى
مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە قامال قىلىشنى كۈچەيتىدۇ، يەنە بىر
تەرەپتىن ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. چېن بەيلياڭ،
گاۋ ۋېيلار قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، تەسلىم بولۇشنى خالىماي،
ئاخىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. گومىنداڭنىڭ باشقا ئەمەل-

مدارلىرى ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىپ، تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. پارتىزانلار دۈشمەننىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا دۈشمەننىڭ بىر روتا كوماندىرى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تەسلىم بولۇشقا قارشىلىق قىلىدۇ. جىدد-دىي ئېلىشىشتىن كېيىن، مەزكۇر دۈشمەن ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ چاپچال تەرەپكە قاچىدۇ، قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئەۋە-تىلگەن پارتىزانلار ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ.

1944- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قورغاس، سۈيدۈڭ، كۆرە قاتارلىق ئۈچ جايدىكى گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى-لىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىلىدۇ. پارتىزان-لار دۈشمەننىڭ 474 ئادىمىنى يوقىتىدۇ، 580 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالىدۇ، 700 تال مىلتىق، توققۇز دانە پىلىموت، ئالتە دانە ھەرخىل زەمبىرەك غەنىيمەت ئالىدۇ. بۇ قېتىم-قى ئۇرۇشتا پارتىزانلاردىن 100 دىن ئارتۇق ئادەم يارى-لىنىدۇ ۋە قۇربان بولىدۇ.

پارتىزانلار بۇ ئۈچ جاينى ئىگىلىگەندىن كېيىن شۇ جايدا دەم ئېلىپ قوشۇننى تەرتىپكە سالىدۇ، ئوق - دورا، ماددىي ئەشيالارنى تولۇقلايدۇ. ئاندىن ئىلى پارتىزانلار قو-ماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بىر قىسمى كەڭ-سايغا بېرىپ، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىشكە قاتنىشىدۇ. خۇيزۇ پارتىزان ئەترىتى كېرىم ھاجى، ماگسۇر، لومۇيوۋلارنىڭ باشچىلىقىدا غۇلجىغا كېلىپ ھەيران-باغدىكى دۈشمەننى قورشاپ يوقىتىش جېڭىگە قاتنىشىدۇ. قالغان قوشۇنلار بىر پولك بولۇپ يەنى سۈيدۈڭ پىيادىلەر 1 - پولكى بولۇپ تەشكىللىنىدۇ.

جۇ شاۋلياڭ غۇلجىدىكى ئۇرۇشقا بەش يولدىن ياردەم بېرىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1944 - يىل

11 - ئاينىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان
45- دىۋىزىيىسى 3- پولكىنىڭ پولك شتابى ۋە ئىككى باتالـ
يونى، زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە شتابى ۋە ئۇنىڭغا
قاراشلىق بىر باتالىيونىنىڭ ئۈرۈمچىدىن ماشىنا بىلەن جىڭـ
غا يېتىپ كېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. 11- ئايـ
نىڭ ئوتتۇرىسىدىن 12 - ئاينىڭ بېشىغىچە، بىر باتالىيون
ئەسكەرنى داخىيەنزە، ئاچال داۋىنى، كاللاستا،
ئارشاڭ، بورتالا قاتارلىق جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا
ئەۋەتكەندىن باشقا، ئۈچ باتالىيون ئەسكەرنى غۇلجىغا يارـ
دەم بەرگۈچى ئالدىنقى ئەترەت قىلىپ، ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشـ
يولى بىلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سەنتەي، سومپوتۇزـ
لارغا يىغىپ، كەڭساي داۋىنى ئارقىلىق لوسىگوغا ھۇجۇم
قىلماقچى بولىدۇ.

قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە كەڭساي
تاشيول ئوچاستىكىسىنىڭ باشلىقى لىسكىن ⑧ رەھبەرلىكىدە
ئون نەچچە كىشىلىك پارتىزانلار گۇرۇپپىسى تەشكىللەنگەن
بولۇپ، ئۇلار شۇ ئەتراپتا مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشـ
نى باشلىغانىدى. كېيىن ئۇلار بارغانسېرى زورىيىپ، كەڭـ
سايىنى ساقلاۋاتقان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، دۈشمەن
سومپوتۇزىغا چېكىنىپ، پارتىزانلار تەلكە داۋىنىنى ئىشغال
قىلغانىدى. 11- ئاينىڭ 13 - كۈنى دۈشمەن ئىككى تانـ
كىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، تەلكە داۋـ
نىنى يەنە تارتىۋالىدۇ. پارتىزانلار كەڭسايغا چېكىنىدۇ. بۇ
چاغدا سۈيدۈڭ پارتىزانلىرىدىن بىر قىسمى يۆتكىلىپ كېلىپ،
كەڭسايدىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن
بۇ جايدىكى پارتىزانلارنىڭ سانى 500 دىن ئاشىدۇ.

1944 - يىلى قىش پەسلىدە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن

سوغۇق بولدى. كەڭساي ئەتراپىدىكى داۋاندا تېمپېراتۇرا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن نۆلدىن تۆۋەن 40 گرادۇستىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. تاغ جىلغىسىدا سوغۇق شامال ئادەمگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. قار توختىماي لەپىلدەپ يېغىپ يوللارنى قېلىن قار بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى. ئەنە شۇنداق ئاق قار، كۆك مۇز، شىۋىرغانلاردا پارتىزانلار بارلىق جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز ئىستىھكاملىرىنى قاتتىق ساقلايدۇ. پارتىزانلار ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، يوللاردىكى كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇپ تاشلايدۇ ھەمدە شاخ - شۇمبا، تاش قاتارلىقلار بىلەن يوللارغا توسالغۇ ئورنىتىپ، قار ۋە مۇزلاردىن تام ياساپ دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسىدۇ.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۈشمەن بىر كۈچەيتىلگەن باتالىيون بىلەن كەڭسايغا ئۈدۈل تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى باتالىيون كەڭسايىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىن ئايلىنىپ كېلىپ ماسلاشماقچى بولىدۇ. پارتىزانلار مۇھىم، خەتەرلىك ئېغىزلارغا يوشۇرۇنۇپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۈشمەننىڭ بىرونېۋىك ماشىنىسىدىن ئىككىنى پارتىلىتىپ، دۈشمەننى ئېگىز تاغ، جىلغىلاردا قىلچە ئىلگىرىلىيەلمەس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن ئايلىنىپ كېلىپ ماسلاشماقچى بولغان دۈشمەنلەر قارلىق تاغ، جىلغىلاردا كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەنلىكتىن، نۇرغۇنلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى سوغۇقتا ئۈششۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار تەمىناتتا قىيىنچىلىقتا ئۇچراپ، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا يېتىشتۈرەلمەي، پارتىزانلارنىڭ ئالدى - كەينىدىن توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەنتەيگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. پارتىزانلار كەڭسايىنى داۋاملىق مۇداپىئە قىلىپ، دۈشمەن

بىلەن تىركىشىپ تۇرىدۇ.

دۈشمەننىڭ ئىلىغا ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىنئالا ئەۋەتىلگەن قىسىملىرى كەڭساي داۋىنىدا توسۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، جىڭ ناھىيىسىدىكى ئاچال داۋىنىنىڭ كاللاستا ئېغىزى دۈشمەننىڭ ئىلىغا ياردەم بېرىشتە ماڭىدىغان ئاساسلىق يولى بولۇپ قالىدۇ. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جىڭدا تۇرۇشلۇق ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 45 - دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى شيې يىفېڭ ئىلىغا ئۇرۇش قىلىشقا ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قىسىملارنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ئۇرۇمچى، قۇمۇللاردىن ئىككى پولك ئەسكەرنى جىڭ، داخېيەنزە ۋە سىتەي، ئۇتەي، بورتالالارغا يۆتكەپ كېلىپ مۇداپىئەگە قويىدۇ ھەمدە 45 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى (بىر باتالىيونى كەم)، زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ بەش روتىسى ۋە دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بىر قىسىم ئەسكەرلەر بولۇپ جەمئىي ئىككى پولك ئەسكەرنى ئۆزى بىۋاسىتە باشلاپ، ئۇلارنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، كۆكئارچىن ۋە ئاچال داۋىنىنىڭ كاللاستا ئېغىزى ئارقىلىق ئىلگىرىلەپ، يۇقىرىقى پەنجىدە قوشۇلۇپ، غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئۇ چاغدا كۆكئارچىن، ئاچال داۋىنىدا ئازراقلا پارتىزان مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىشكە كۈچى يەتمەيتتى. ئىلى پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ئەسكىرىي كۈچنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بىر قىسىمنى ھەيرانباغنى داۋاملىق قورشاپ تۇرۇشقا قالدۇرغاندىن سىرت، غۇلجىدىكى بىر ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتىنى يۆتكەيدۇ. ئۇلار ئاچال داۋىنى قاتارلىق ھەرقايسى مۇھىم يول، تاغ ئېغىزلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ئىگىلەپ، دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسىدۇ.

ھەيرانباغقا قامال قىلىنىپ قالغان دۈشمەنلەر بولسا، كۆپ قېتىم مۇھاسىرىگە قارشى ھۇجۇم قىلىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، شىبېي يىڭفاڭنىڭ قىسمى بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ. شۇ چاغدا ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي تۈس ئالغانىدى. بۇ چاغدا، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت غۇلجىدىكى خەلق ئاممىسىغا جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، غۇلجا قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قوغداش ھەققىدە چاقىرىق چىقىرىدۇ. تۈركۈم - تۈركۈم ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارقا - ئارقىدىن پارتىزان ئەترىتىگە قاتنىشىپ، باتۇرلارچە جەڭگە ئاتلىنىپ، دۈشمەننى قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، دۈشمەننىڭ بىر قىسىم ئەسكىرى غۇلجا ئايرودرومىغا نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدىغان يۇقىرىقى پەنجىم پىلىچى ئەتراپىغا يېتىپ كېلىدۇ. پارتىزانلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدۇ. بۇ دۈشمەنلەر خېلى تېز يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئارقىدىكى قىسىملىرى يېتىشىپ كېلەلمەيدۇ، ئۇلار پىيادە بولغانلىقتىن بەلگە چىققۇدەك قېلىن قار بىلەن قاپلانغان تاغ جىلغىسىدا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى توڭلاپ ئۆلىدۇ، نۇرغۇنلىرىنىڭ پۇت - قوللىرى ئۈششۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزۇق - تۈلۈكسى ئۈزۈلۈپ ئاچ قالىدۇ. پارتىزانلار ئاتلىق بولۇش ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇلارنى بۆلۈپ - بۆلۈپ مۇھاسىرىگە ئېلىپ، زاپاس 7 - دىۋىزىيە 21 - پولكىنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى پەن يورېن قوماندانلىق قىلغان بىر كۆچەيتىلگەن باتالىيوننى تولۇق يوقىتىدۇ ھەمدە دۈشمەننىڭ قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتىدۇ. دۈشمەننىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى شىبېي يىڭفاڭ يارىدارلىنىدۇ، دۈشمەننىڭ پولك كوماندىرى جياڭ گوشۇەن ئۆلىدۇ. دۈشمەن پاجىئەلىك

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. شىپ يېڭىلىك نائىلاج قىسىملىرىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. ياردەمگە كەلگەن دۈشمەن داخىيەنزىدىنى مۇداپىئە قىلىشقا بىر باتالىيون ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغىنى كەلگەن يولى بىلەن جىڭغا قېچىپ كېتىدۇ. ئاتلىق پارتىزانلار ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ، 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەنتەيىنىڭ غەربىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىدۇ ھەمدە داخىيەنزىدىنى قورشىۋالىدۇ. يالغۇز گومىنداڭنىڭ ئۆزۋاقتىدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، گومىنداڭنىڭ بۇ قېتىملىق ئىلىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەن قىسىملىرىنى تارمار قىلىش ئۇرۇشىدا، پارتىزانلار دۈشمەننىڭ 207 نەپەر ئادىمىنى يوقاتقان، 32 نەپەر ئادىمى توڭلاپ ئۆلگەن، 502 نەپەر ئادىمى ياردار بولغان، 516 نەپەر ئادىمى يوقاپ كەتكەن (ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 551 دانە مىلتىق، 48 دانە يېنىك پىلىموت، 21 دانە يان قورال، ئۈچ دانە مىناميوت زىيان تارتقان⑨.

كەڭساي، ئاچال داۋانلىرىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغدا تېكەس، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزانلار داغوتا، مۇزات داۋانلىرىنى كېچە - كۈندۈز مۇداپىئە قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاقسۇ، قاراشەھەر تەرەپتىن ياردەمگە كېلىشىنى توسىدۇ ھەمدە بۇ ئىككى داۋان ئەتراپىدىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە كۆپ قېتىم زەربە بېرىپ، دۈشمەننى بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەتمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىغا بەش يول بىلەن ھۇجۇم قىلىش پىلانى تەلتۆكۈس تارمار قىلىنىدۇ.

## ھەيرانباغدىكى يوقىتىش ئۇرۇشى

ھەيرانباغ — غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي - شىمالىدىكى شەھەر بويىچە ئەڭ يۇقىرى يەرگە جايلاشقان ئورۇن. ئۇنىڭ

شىمالىي تەرەپى ئايرودروم بىلەن، شەرقىي تەرەپى لياڭشاڭ
بۇتخانىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ھەيرانباغ ئۆزۈندىن بۇيان ئەس-
كەر تۇرغۇزۇلىدىغان لاگىر بولۇپ كەلگەن. گومىنداڭ دەۋرىدە
ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئوقۇتۇش ئەترىتى جايلاشقان بولۇپ، ھاۋا
ئارمىيىسى پونكىتى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھاۋارايى پونكىتى
مۇشۇ جايدا ئىدى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن
كېيىن، گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ھەيران-
باغ، ئايرودروم، لياڭشاڭ بۇتخانىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنغا
چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇرغان چاغدا، دۈشمەننىڭ 1000 دىن
كۆپرەك ئادىمى بار ئىدى. بۇ چاغدا جۇ شاۋلياڭ 7 - دىۋىزى-
يىنىڭ مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى دۇ دېفۇنى ئىلىغا ئەۋەتىپ،
ئىلى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقىغا
ئىككىنچى قېتىم تەيىنلەيدۇ، ساۋرىلىگىنى مۇئاۋىن قوماندان
قىلىدۇ، ئۇلار ئەسكىرىي كۈچىنى يېڭىباشتىن تەڭشەپ مۇنداق
ئورۇنلاشتۇرىدۇ: 19 - پولكنىڭ پولك كوماندىرى پېڭ جۈنيى
مەزكۇر پولكنىڭ ئىككى باتالىيونى ۋە يېڭى ئەسكەرلەر مۇس-
تەقىل باتالىيونىنى باشلاپ ھەيرانباغ لىنىيىسىنى مۇداپىئە
قىلىش؛ 21 - پولكنىڭ پولك كوماندىرى جياڭ شۈەنچۈن
مەزكۇر پولكنىڭ بىر باتالىيونى ۋە بىر روتىسىنى باشلاپ
لياڭشاڭ بۇتخانىسىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن سول قانات
تىركىشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ 128 - دىۋىزىيە 383-
پولكى 3 - باتالىيونىنىڭ باتالىيون كوماندىرى لى چى مەزكۇر
باتالىيونىنى باشلاپ ئايرودرومنى مۇداپىئە قىلىش بىلەن ئوڭ
قانات تىركىشىش نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈش.
ھەيرانباغدىكى دۈشمەن ئۇزاق مۇددەت مۇداپىئەدە
تۇرۇپ، ياردەم كۈتۈش مەقسىتىدە داۋاملىق كېچىسى كىچىك
ئەترەتلەرنى ئەتراپتىكى تۆۋەنكى پەنجىم، دادامتۇ، كېپەك-

يۈزى، بايكۆل قاتارلىق يېزىلارغا ئەۋەتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاشلىق، مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلايدۇ. پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى بۇنىڭغا قارشى غۇلجا خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. خەلق ئاممىسى پارتىزانلار ئەترىتىگە ماسلىشىپ، قوللىرىغا تاياق-توقماق، قىلىچ، مىلتىقلارنى ئېلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، سىرتقا ئاشلىق بۇلاش ئۈچۈن چىققان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا كۆپ قېتىم قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا پارتىزانلار ئايرودرومنىڭ قوماندانلىق ئىشلىرىدىكى رادىئو-ئالاقىلىشىش پونكىتىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ يەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئايروپىلانلارنى ئايرودرومغا چۈشۈرمەيدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەن غۇلجىنى كۈندە دېگۈدەك ئايروپىلان بىلەن رازۋېتكا قىلىپ تۇراتتى ۋە ئوققا تۇتاتتى ھەمدە ھەيرانباغقا ھاۋادىن ئاشلىق ۋە ئوق-دورا تاشلاپ بېرەتتى. پارتىزانلار ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنى ئوققا تۇتقانلىقتىن، دۈشمەنلەر ئالاقىزادىلىك ئىچىدە ھاۋادىن تاشلىغان نەرسە-كېرەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى پارتىزانلارنىڭ قولىغا چۈشەتتى. مەسىلەن، 12-ئاينىڭ 13-كۈنى دۈشمەن ئايروپىلانى ھاۋادىن تاشلىغان، ئاشلىق، ئوق-دورا قاچىلانغان 12 دانە پاراشوتنىڭ 11 ى پارتىزانلار ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا چۈشكەن.

قورغاس، سۈيدۈڭدىكى دۈشمەنلەرنىڭ يوقىتىلىشى، كەڭساي، ئاچال داۋىنىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن دۈشمەنلەرنىڭ توسۇپ قېلىنىشى نەتىجىسىدە، پارتىزانلارنىڭ قورال-ياراغ، ئوق-دورىلىرى ئېلىنغان غەنىيمەت بىلەن زور مىقداردا تولۇقلاندى. تۈركۈم-تۈركۈم كىشىلەر پارتىزانلار سېپىگە ئۈزلۈكسىز قاتناشتى. 12-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، پار-

تىزانلار دۈشمەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئالتە قېتىم كەڭ كۆلەم ـ
لىك ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، دۈشمەننىڭ لياڭشالڭ بۇتخانىسىدىكى
پوزىتسىيىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتتى، بىر باتالىيوندىن
ئارتۇق ئەسكىرىدىن ئارانلا 50 نەچچە ئادەم قالدى. پارتىز ـ
انلار ھەيرانباغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىرنەچچە مۇھىم ئوت
توچكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، تۈگمەننى ئىشغال قىلىپ،
زور مىقداردىكى بۇغداي، ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى غەنىيمەت
ئالدى. بۇ مەزگىلدە جۇ شاۋلياڭ ھەيرانباغ، ئايرودرومنىڭ
ئۈستىدە ئايروپىلان بىلەن بىرنەچچە ئون مىنۇت ئايلىنىپ
قامال قىلىنىپ قالغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا مەدەت بەر ـ
گەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. 1945 ـ
يىل 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى پارتىزانلار تۆمۈرچى ئۇستىلارنى
ئۇيۇشتۇرۇپ تىراكتورنى برونېۋىك ماشىنىغا ئۆزگەرتىپ، توپ
ئوقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەيرانباغدىكى دۈشمەنگە ئۇدۇل
تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ پوزىتى ـ
سىيىسىنى ۋەيران قىلىپ، بىر زوتا ئەسكىرىنى يوقىتىپ، 19 ـ
پولكنىڭ كوماندىرىنى يارىدار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شىي يىفېڭ قوماندانلىقىدىكى گومىن ـ
داڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن تەلتۆكۈس
مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ھەيرانباغ قاتارلىق ئۈچ ئورۇن ـ
دىكى دۈشمەنلەر ياردەمچىسىز ھالغا چۈشۈپ، پارتىزانلار
تەرىپىدىن ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قامال قىلىنىپ،
ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننى
ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش شەرتى ھازىرلاندى. 1 ـ ئاينىڭ
28 ـ كۈنى، غۇلجىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى پارتىزانلار
بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە ئەڭ ئاخىرقى ھۇجۇم قوزغايدۇ.
كەسكىن جەڭدىن كېيىن، دۈشمەننىڭ لياڭشالڭ بۇتخانىسىدىكى

پوزىتسىيىسى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. 21 ـ پولكنىڭ كوماندىرى جاڭ شۇەنشۇن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. قالـ غان دۈشمەن ئايرودرومغا قېچىپ كېتىدۇ. 29 ـ ، 30 ـ كۈنـ لىرى پارتىزانلار ھەيرانباغ ۋە ئايرودرومغا ئارقا ـ ئارقىدىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەننىڭ ئوق ـ دورا، ئوزۇق ـتۈلۈكى تۈگىگەن، ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، يارىدار بولغىنى يارىدار بولۇپ تۈگەپ قالاي دېگەنىدى. 31 ـ كۈنى دۈشمەن بۇ ئىككى تايانچ بازىسىدىن ۋاز كېچىپ، دادامتۇ، يۇقىرىقى پەنجىم، پىلىچىنى بويلاپ ئاچال داۋىنى تەرەپكە قاچىدۇ. دۈشمەن پىلىچى تاغ جىلغىسىغا يېتىپ كەلگەندە، غۇلجا ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر شۆبە ئەترىتى ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ قالغان ئىككى شۆبە ئەترىتى ۋە سۈيدۈڭ پارتىـ زانلىرى دۈشمەننى تۆت تەرەپتىن تاغ جىلغىسى ئىچىگە قورشىۋالىدۇ. دۈشمەن كۆپ قېتىم بۆسۈپ چىقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ھەر قېتىمدا دېگۈدەك چېكىنىدۈرۈلىدۇ. پەقەت ئازلا قىسمى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئاتلىق پارتىزان ئەترىتى يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارـ قىسىدا قالدۇق دۈشمەنلەرنى داۋاملىق قورشاپ يوقىتىپ، ئۇلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھالاك قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ باش قوماندانى دۇ دېفۇ، مۇئاۋىن باش قوماندانى ساۋ رىلىڭ، 19 ـ پولكنىڭ كوماندىرى پېڭ جۇنيى قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى تەسلىم بولۇشقا قارشى چىقىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا، بەزىلىرى ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ، قالغان دۈشمەنلەر قوماندانلىقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن پارـ تىزانلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ھەيرانباغ قاتارلىق جايلاردىكى يوقىتىش جېڭى 84

كۈن داۋام قىلدۇ. بۇ ئارىلىقتا مىلتىق ئاۋازى بىر كۈنىمۇ
ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. دۈش-
مەننىڭ 1500 دىن كۆپ ئادىمى يوقىتىلىدۇ. 3700 دىن
ئارتۇق ئادىمى (بۇ ھەيرانباغقا كىرىۋالغان بىر قىسىم ئامىد-
نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەسىرگە چۈشىدۇ. 200 تالدىن
ئارتۇق مىلتىق، 98 دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت، ئىككى
دانە زېنىت توپ، بەش دانە مىناميوت، 16 ماشىنا، بىر-
نەچچە ئايروپىلان غەنىيمەت ئېلىنىدۇ. ھەيرانباغدىكى يوقىتىش
ئۇرۇشىدا پارتىزانلار ۋە ئۇرۇشقا ئوق - دورا توشۇپ بەرگەن
ئامما بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم يارىدار ۋە قۇربان بولىدۇ.
ھەيرانباغ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى غۇلجا
قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبا-
لىنى بەلگىلەيدىغان غەلىبە ئىدى، ئۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. بۇ خەلق كۈچىنىڭ
غەلىبىسى ئىدى. پارتىزانلار قۇربان بېرىشتىن قورقماي،
باتۇرلۇق، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپلا قالماستىن، خەلق
ئاممىسىمۇ تولۇق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئەر - ئايال، قېرى-
ياش دېمەي ھەممىسى جەڭگە قاتنىشىدۇ. روزى ئاخۇن
ئىسىملىك بىر بوۋاي بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆزى يالغۇز
ئىككى دۈشمەننى يوقىتىپ، ئۈچ دانە مىلتىقنى غەنىيمەت
ئالىدۇ. ئۇرۇش داۋامىدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان
قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى
تەقدىم قىلىدۇ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر تۈركۈم قەھرىمانلار
مەيدانغا كېلىدۇ. نادىروپ زىغىروللام ئەنە شۇنداق قەھرىمان-
لارنىڭ بىرى. ئۇ لياڭشاڭ بۇتخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان
جەڭدە باتۇرلۇق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گرانات بىلەن
دۈشمەننىڭ ئوت توچكىسىنى ۋەيران قىلىپ، بىر دانە پىلد-

مۇش، بىر تال مىلتىقنى قولغا چۈشۈرۈپ، پىلىموتنى پارتى-
زان باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، مىلتىقنى قولىدىكى نەيزىگە
ئالماشتۇرۇپ، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. شەپقەت
ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل مەندە ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىرات
قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل 1944 - يىلى 11 -
ئاينىڭ 19 - كۈنى پارتىزان ئەترىتىگە قاتناشقان. ئۇ، كۆپ
قېتىملىق جەڭدە يارىدارلارنى پىداكارلىق بىلەن قۇتۇلدۇرغان.
1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تاڭ سەھەردە ھاۋا
ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق ئىدى. ئىلى پارتىزانلىرى ھەيراند-
باغ، لياڭشاڭ بۇتخانىسىدىكى دۈشمەنلەرگە يەنە بىر قېتىم
شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغانىدى. دۈشمەن ئۆزىنىڭ مۇس-
تەھكەم ئىستىھكاملىرىغا تايىنىپ، پىلىموت، مىلتىق بىلەن
پارتىزانلارغا غالجىرلارچە ئوق ياغدۇرىدۇ. بۇ چاغدا ھەي-
رانباغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شاھاجىنىڭ بېغى تەرەپتىن
دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بىرنەچچە جەڭچى بەختكە قار-
شى ئوق تېگىپ يىقىلىدۇ. بۇ ھايات - ماماتلىق پەيتتە
رىزۋانگۈل دۈشمەننىڭ يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان ئوقىغا پەرۋا
قىلماي، قورۇق تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، يارىدارلارنى قۇتۇلدۇ-
رۇش ئۈچۈن بارىدۇ. رىزۋانگۈل بىر يارىدارنى ھاپاش ئېتىپ
كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئوق تېگىپ قۇربان بولىدۇ. رىزۋانگۈل-
نىڭ بۇ قەھرىمانلىقى دەرھال پارتىزانلار ئىچىگە ۋە
خەلق ئارىسىغا تارىلىپ ئاجايىپ زور تەسىرات
قوزغايدۇ. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى ناخشا قىلىپ تۈزۈلۈپ،
پارتىزانلار ۋە كېيىنكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئارىسىدا
كەڭ تارقىلىش بىلەن كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئىنتايىن
زور ئىلھام بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ بورتالا، جىڭ ناھى-

بىلىرىدىن باشقا (ئارشاڭ 1944 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئازاد بولغان) جايلىرى تولۇق ئازاد بولدى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن غۇلجىدا داغدۇغىلىق يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە ھەيرانباغ قاتارلىق جايلاردىكى جەڭدە مەيدانغا چىققان قەھرىمانلارغا ئوردېن ۋە مېدال تارقىتىپ بېرىلدى.

## ئارشاڭ، بورتالالارنىڭ ئازاد قىلىنىشى

1944 - يىل 12 - ئايدا كەڭساي پارتىزانلىرى كەڭساي ئەتراپىدا گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئارشاڭ، بورتالا ئەتراپىدىكى موڭغۇل خەلقى ئېردې⑪ باشچىلىقىدا موڭغۇل پارتىزان ئەترىتىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئىلى پارتىزانلىرى قوماندانلىق شتابى ئۇلارغا قورال - ياراق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەمدە غېنى باشچىلىقىدىكى بىر كىچىك ئەترەتنى ئۇلارغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى كەڭساي پارتىزانلىرىغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ترانسپورت لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قارابۇغ ئەتراپىدا گومىنداڭنىڭ بىر ماشىنىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ماشىنىدىكى 17 ئەسكەرنى يوقىتىپ، 17 تال مىلتىق، بىر دانە پىلموت، بىرمۇنچە ئوق - دورا، گراناتلارنى غەنىيمەت ئالدى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، غېنى باشچىلىقىدىكى كىچىك ئەترەت داشىگۈرنىڭ شىمالىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاقبايتال ئارقىلىق ئاقسۇ داۋىنىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل پارتىزانلىرى بىلەن ئارشاڭ ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن

بىرلىكتە ئارىشاڭدىكى بىر روتا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ھۇجۇم باشلىنىشتىن ئىلگىرى دۈشمەن ئەھۋالى ئېنىق ئىگىلەنمىگەچكە ھۇجۇم ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ، ئۇرۇشتا غېنى ئوق تېگىپ يارىدارلىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىمى ئېردې باشچىلىقىدىكى پار- تىزانلار ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن ماسلىشىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ناھىيە بازىرىغا ئادەم كىرگۈزۈپ، يوشۇرۇن تەش- ۋىق قىلىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇ- رىدۇ. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىنغانلىقتىن، دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمى پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ. پارتىزانلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ 70 تىن كۆپ ئادىمىنى تولۇق يوقىتىدۇ. ئارىشاڭ پارتىزانلار تەرىپىد- دىن ئىشغال قىلىنىدۇ.

دۈشمەن ئارىشاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بورتالادىن تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بار بىر باتالىئوننى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تاشيولنى بويلاپ ئارىشاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى بۇ ئەھۋال- دىن تولۇق خەۋەر تېپىپ، قوشۇننى دۈشمەن بېسىپ ئۆتىد- غان جاي — قارابۇغ ئەتراپىغا يوشۇرۇپ قويىدۇ. دۈشمەن يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، دۈشمەن قايمۇقۇپ قېلىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە بازارغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى ئامبالنىڭ جاڭزىسىغا قېچىپ بېرىپ مۇداپىئە كۆرىدۇ. بۇ جاڭزا يەرلىك بىر موڭغۇلنىڭ ۋاڭ ئوردىسى ئىدى، بۇ ئوردا مۇھىم جايغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيلىرى پۇختا، ئوزۇق - تۈلۈكى تولۇق ئىدى. دۈشمەن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئەتراپقا بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئاشلىق توپلاپ، ئىستىھكام ياساپ،

قارشىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى بۇ جاڭزىنى قاتمۇ قات مۇھاسىرە قىلىپ، دۈشمەننى قورشىۋالدى. كېيىن دۈشمەن بورتالادىن يەنە ئۈچ ۋزۋود ئەسكەرنى ئامبال جاڭزىسىدىكى ئەسكەرلەرگە ياردەمگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار كىچىك يىڭفاڭ ئەتراپىدا پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ. دۈشمەن ئاخىر ئامالسىز قېلىپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ھەيرانباغ پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى ئىلى ئاتلىق چوڭ ئەترىتىنى كەڭساي داۋىنىغا شۇ يەردىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىپ سەنتەي، سىتەي، بورتالا قاتارلىق جايلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ سەنتەيدە 45-دىۋىزىيە 3-پولكىنىڭ بىر قىسمى، ئۈتەي، داخېيەنزىدە 2-پولكىنىڭ بىر قىسمى، كەڭساي داۋىنى، سومپوتۈزىدا بىر روتا ئەسكىرى بار ئىدى.

1945-يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى لېسكىن كەڭساي پارتىزان ئەترىتىنىڭ 700 دىن كۆپ ئادىمىنى باشلاپ قورغاسنىڭ شىمالىدىكى داشگۇردىن يولغا چىقىپ، ئاقسۇ داۋىنى، چاڭغۇرت داۋىنى، ئاقبايتال دېگەن جايلاردىن ئۆتۈپ، 16-كۈنى سەنتەي بىلەن ئۈتەي ئوتتۇرىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، بۇ ئىككى جايدىكى دۈشمەننى بۆلۈپ تاشلاپ، ئۈتەي تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچ بىلەن توسۇپ زەربە بەردى. ئاساسلىق ئەسكىرى كۈچ بىلەن سەنتەيدىكى دۈشمەنگە قورشاپ زەربە بەردى. بۇ چاغدا پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتىگە كەڭساي، سومپوتۈزا ئەتراپىدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش

قوغلىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ.

داخىيەنزىدىكى دۈشمەن سەنتەيىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى ئۇقۇپ، 2-پولكنىڭ بىر قىسمىنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. دۈشمەن يولدا پارتىزانلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ داخىيەنزىگە چېكىنىدۇ. 2-ئاينىڭ 17-كۈنى كەڭساي داۋىنىدىكى دۈشمەن ئىككى تانكىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا پارتىزانلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىلى ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتى دۈشمەنگە قاتتىق قايتۇرما زەربە بېرىدۇ. دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي، شۇ كۈنى سومپوتۇزىغا ئوت قويۇپ بېرىپ، كەڭساي داۋىنىنى تاشلاپ، سەنتەيدىكى دۈشمەننىڭ يېنىغا يېقىنلاشماقچى بولۇپ ماڭىدۇ. ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتى دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى خېلى بۇرۇنلا ئۈزۈپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەن ئىككى تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراپ، جاھىللىق بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئاخىر پۈتۈنلەي يوقىتىلىدۇ. ئارقىدىنلا ئىلى ئاتلىق پارتىزان چوڭ ئەترىتى غەرب تەرەپتىن، كەڭساي پارتىزانلىرى شەرق تەرەپتىن سەنتەيدىكى دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ. 2-ئاينىڭ 19-كۈنى دۈشمەن پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئېلىپ كېتىشكە ئەپسىز بولغان ئېغىر قورال ۋە ئوق-دورىلىرىنى سايرام كۆلىگە تاشلىۋېتىپ، شەرققە قاراپ قاچىدۇ. ئۇلار يولدا يوشۇرۇنۇۋالغان پارتىزانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ، تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. كۆپ قىسمى يوقىتىلىدۇ. پارتىزانلار غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ دۈشمەننىڭ 2-پولكىنى سىتەي بىلەن ئۈتەيدىن قوغلىۋېتىدۇ. دۈشمەن داخىيەنزىگە قاراپ قاچىدۇ. پارتىزانلار سەنتەيدىن ئۈتەيگىچە بولغان جايلارنى كونترول قىلىدۇ.

بۇ چاغدا ئامبال جاڭزىسىدىكى دۈشمەنلەر جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. بورتالانى ساقلاۋاتقان دۈشمەن بۇ يەرگە يەنە بىر روتا ئەسكەرنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى چاغاناي دېگەن جايدا، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىدۇ، ئەتىسى كەڭساي پارتىزانلىرىنىڭ بىر قىسمى موڭغۇل پارتىزان ئەترىتىگە ياردەم بېرىشكە كېلىپ، موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە ئىككى تەرەپتىن قىستاپ زەربە بېرىدۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋام قىلغان جەڭدىن كېيىن، دۈشمەن بورتالا تەرەپكە چېكىنىدۇ. دۈشمەن ۋەزىيەتنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى، بورتالا ناھىيە بازىرىنى ساقلاپ قېلىش قىيىن ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەپ، 100 ماشىنىغا يېقىن ئاشلىق، مال - مۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى بۇلاپ، جىڭغا قېچىپ كېتىدۇ. بورتالا ناھىيە بازىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ.

بۇ چاغدا ئامبال جاڭزىسىدىكى دۈشمەنلەر پۈتۈنلەي يېتىم قالغانىدى، موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى بىلەن كەڭساي پارتىزانلىرىنىڭ بىر قىسمى غەنىيمەت ئېلىنغان زەمبىرەكلەر بىلەن دۈشمەننى توپقا تۇتىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان دۈشمەننىڭ ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەچكە، 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جاڭزىنى تاشلاپ شەرققە قاراپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. پارتىزانلار دۈشمەنلەرگە ئالدىنى توسۇش، ئارقىدىن قوغلاش يولى بىلەن زەربە بېرىدۇ. دۈشمەنلەر پىتىراپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ باتالىيون كوماندىرى قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سەنتەي، ئۈتەي، ئارىشاڭ، بورتالالار پارتىزانلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىدۇ، كەڭساي پارتىزان ئەترىتى، موڭغۇل پارتىزان ئەترىتى قاتارلىقلار يېڭى جەڭلەرگە ئاتلىنىش ئۈچۈن، ئۆز جايىدا تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئاكتىپ تۈردە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ.

# ئىككىنچى باب

# پارتىزان ئەترىتىدىن مىللىي ئارمىيىگىچە

## مىللىي ئارمىيىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى پەقەت دەسلەپكى غەلىبە ئىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، كۈرەشنى چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن تەرەپكە كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھەربىي كۈچلەرنى كۈچەيتىپ، تەلىم-تەربىيە ئالغان، ھەربىي ئىنتىزامى قاتتىق بولغان، شتاتى بىر قەدەر تولۇق، بىر قەدەر ياخشى قوراللانغان مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇپ ئۇنى پارتىزان ئەترىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، سان ۋە قورال-ياراق جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل مەغلۇپ قىلىش لازىم، دەپ ھېسابلىدى.

1945-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 4-قېتىملىق يىغىنىدا قارار ماقۇللىنىپ، ئىنقىلاب مېۋىسىنى، تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان ھالدا بىر مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش بەلگىلەندى. 1-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 6-قېتىملىق يىغىنىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ شتاتى ⑪ ۋە تۈزۈملىرى، شۇنىڭدەك ئۇنىۋان، كىيىم-كېچەك شەكلى شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا

ئاساسەن مۇنداق بېكىتىلدى: جەڭچىلەرنى ئاددىي ئەسكەر، يېف-
رېيتور، مىلادشى، ئونتىر ئوفىتسېر، ستارشى ئونتىر ئوفىتسېر،
فېلد فېبېلارغا بۆلۈش؛ ئوفىتسېرلارنى تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇ-
قىرى دەرىجىلىك دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈش؛ بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەن
دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى پراپورۇچىك، پودپورۇچىك، پورۇ-
چىك، كاپىتانلارغا بۆلۈش؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر-
لارنى مايور، پودپولكوۋنىك، پولكوۋنىكلارغا بۆلۈش؛ يۇقىرى
دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنى گېنېرال مايور، گېنېرال لېيتېنانتى-
لارغا بۆلۈش. ھەربىي پورمىنىڭ رەڭگى ماشرەڭ بولۇش، ئاد-
دىي ئەسكەردىن تارتىپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغى-
چە پاگون تاقاش، پاگوننى قىزىل، يېشىل رەختتىن تى-
كىش، ئۇنىڭ ئەتراپىنى كۆك، قىزىل، ئاق قىلىپ، ئورگان
خىزمەتچىلىرى، ئاتلىق ئەسكەر، پىيادە ئەسكەر، توپچى قى-
سىملارنى شۇنىڭ بىلەن پەرقلەندۈرۈش؛ ھەربىي ئۇنىۋان-
نىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى سىزىق ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئاز-كۆپ-
لۈكى بىلەن پەرقلەندۈرۈش.

2-ئاينىڭ 2-كۈنى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ 19-قې-
تىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان «ھەربىي خىزمەت قانۇنى» دا
مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: 18 ياشتىن 22 ياشقىچە بولغان
گراژدانلار، مىللەت ئايرىماي ھەممىسى ئارمىيىگە چاقىرىلىپ
ئۈچ يىل ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ؛ گراژدانلار ئائىلە
ئەمگەك كۈچى ئەھۋالىغا قاراپ، ئارمىيىگە چاقىرىلىدۇ ياكى
چاقىرىلمايدۇ؛ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك مەزگىلىدە، مۇۋاپىق
ياشتىكىلەر ئارمىيىگە چاقىرىلىپ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆ-
تەشتىن سىرت، 23 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان گراژدانلارمۇ
ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ، ھەربىي مەج-
بۇرىيەت ئۆتىگۈچىلەرگە مائاش بېرىش تۈزۈمى يولغا

قويۇلمىدۇ. «ھەربىي خىزمەت قانۇنى» دا ھەربىيلەر ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار - نەپىقە بېرىش سىياسىتى، جەڭدە يارىدار بولغان، قۇربان بولغان ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىش، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ھەقسىز ئوقۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە سىياسەت، بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى. بەزىدە مۇھىم ناھىيە، شەھەرلەردە ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇ ئادەتتىكى چاغدا ئەسكەر ئېلىش، جەڭ ۋاقتىدا ئەسكىرىي سەپەرۋەرلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى.

1945 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 25 - قېتىملىق يىغىنىدا جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى ئوردېن، مېدال بىلەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمى ماقۇللاندى، بۇ تۈزۈمگە ئاساسەن ئوردېنلار «خەلق قەھرىمانى»، «ئازادلىق بىرىنچى»، «ئازادلىق ئىككىنچى»، «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش بىرىنچى»، «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش ئىككىنچى»، دەپ پەرقلەندۈرۈلدى. ئوردېننىڭ بىرىنچى دەرىجىلىكىنى ئالتۇندىن، ئىككىنچى دەرىجىلىكىنى كۈمۈشتىن ياساش قارار قىلىندى. مېداللار «باھادىرلىق»، «پىدائىي»، «ساداقەت» دەپ پەرقلەندۈرۈلدى، مېداللارنىڭ ھەممىسىنى كۈمۈشتىن ياساش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئوردېن، مېداللارنى تارقىتىشقا ئالاقىدار پىرىنسىپ ۋە مۇكاپاتلانغانلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق قاتارلىقلار ھەققىدە ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئازادلىق» ئوردېنىغا ئېرىشكەنلەر تۆۋەندىكى يەتتە تۈرلۈك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى:

1) ھۆكۈمەتنىڭ شەرەپلىك گراژدانى دەپ قارىلىپ، ھۆكۈمەت، ئورگاننىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ؛

2) ھەرقانداق ئورگاننىڭ بۇلارنى قولغا ئېلىش

ھوقۇقى بولمايدۇ، ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ، ئوردېن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن قولغا ئېلىشقا بولىدۇ؛

3) ھۆكۈمەت تارقاتقان شان - شەرەپ نەيشانلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە؛

4) پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مائارىپتىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئوقۇش تەمىناتى بىلەن تەمىنلىشىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە؛

5) پۇلسىز كىنو، تىياتىر كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە؛

6) ئايروپىلان، ماشىنا ۋە كىنو - تىياتىر بېلىتى سېتىۋېلىشتا ئېتىبار بېرىلىپ ئاۋۋال سېتىپ بېرىلىدۇ.

«ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنىغا ئېرىشكەنلەر بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلار يۇقىرىدىكىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت 4 -، 6 - ماددىلىرىدا بەھرىمەن بولىدىغىنى سەل تۆۋەنرەك بېكىتىلگەن. «خەلق قەھرىمانى» ئوردېنى ئەڭ يۇقىرى بولغاچقا، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق دائىرىسى كونكرېت بېكىتىلمىگەن. مېدالغا ئېرىشكەنلەرنىڭ 1 -، 2 -، 3 -، 7 - ماددىلاردىكى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولغانىدىن سىرت يەنە مۇنداق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن:

1) ئۇلارنىڭ ئۇنۋانىنى ئادەتتىكى جەڭچىدىن بىراقلا كاپىتانغا ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ؛

2) پېنسىيىگە چىقىش سوممىسى مېدالنىڭ دەرىجىسى بويىچە 5% — 15% كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ؛

3) ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىدا ھەقسىز داۋالىنىش ھوقۇقى بولىدۇ؛

4) ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن مېدال دەرىجىسى بويىچە 5% — 30% كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ؛

5) ئەگەر «باھادىر» لىق مېدالىغا ئېرىشكەن ئادەم جەڭدە قۇربان بولغان بولسا، ئۇنىڭ نەپىقە سوممىسى بىر قېتىملا 50% — 100% كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ.

ئوردېنغا ئېرىشكەنلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىك، شۇنداقلا ئەڭ زور شان - شەرەپلىك ئىش دەپ قارىلاتتى.

ئوردېن، مېدال تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپتىكى خادىملارنى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدا داۋاملىق قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىغانىدى.

1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجىدا داغدۇغىلىق ھالدا مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يىغىنغا ھەر مىللەت ئاممىسى قاتناشتى. يىغىندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت مىللىي ئارمىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىلىدا باش شتاب قۇرۇلدى. ئارمىيىدە باش شتاب قارمىقىدا، ئوپېراتىپ بۆلۈمى، ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى، تەلىم - تەربىيە بۆلۈمى، رازۋېت بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ قارمىقىدا 7 پولك، 5 مۇستەقىل باتالىيوندىن ئىبارەت مۇنتىزىم قىسىم تەشكىل قىلىندى. بۇ قىسىملارنىڭ ھەممىسى ئىلى رايونىدىكى قوزغىلاڭدا زورايغان پارتىزانلار ئەترەتلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنىدى. ھەيرانباغ ۋە ئاچال داۋىنىدىكى جەڭگە قاتناشقان پارتىزانلار ئىلى پىيادىلەر 2 - پولكى⑪، ئىلى 4 - زاپاس پولكى، تېكەس ئاتلىق

1-پولكى، تېكەس ئاتلىق 2- پولكى قىلىپ تەشكىللەندى؛ سۇيدۇڭ
پارتىزان ئەترىتى سۇيدۇڭ پىيادىلەر 1- پولكى، كەڭساي پارتىزان
ئەترىتى كەڭساي ئاتلىق 3- پولكى قىلىپ تەشكىللەندى؛ خۇيزۇ
پارتىزانلار ئەترىتى خۇيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيونى، ئارشاڭ پارتىزان
ئەترىتى موڭغۇل دىۋىزىيونى، چاپچال پارتىزان ئەترىتى شىبە
ئېسكادرونى قىلىپ تەشكىللەندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە توققۇزتارا
ئاتلىق پولكى، زەمبىرەكچىلەر مۇستەقىل باتالىيونى، مۇھاپىزەت-
چىلەر باتالىيونى، مۇستەقىل ئاتلىق باتالىيونى بار ئىدى. مىللىي
ئارمىيىدە بۇ چاغدا ئەسكەرلەرنىڭ سانى 15 مىڭغا يەتكەنىدى.
قىسىملارنىڭ قورال- ياراقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى گومىنداڭ قوشۇن-
لىرىغا قارشى جەڭ قىلىش جەريانىدا غەنىيمەت ئېلىنغان، بۇنىڭ
ئىچىدە ھەرخىل پىلىموت، زەمبىرەك، تانكا ئاتىدىغان قورال،
بىرقانچە ئايروپىلانمۇ بار ئىدى. ھەرقايسى قىسىملارغا بايراق
تەقدىم قىلىندى. پالىنوۋ⑫ باش قوماندانلىققا، ئىسھاقبېك بىلەن
زۇنۇن تېيىپوۋ مۇئاۋىن قوماندانلىققا، ماژاروۋ شتاب باشلىقلىقىغا،
ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ سىياسىي باشقارما مۇدىرلىقىغا تەيىن-
لەندى. ئارقىدىن پارات ئۆتكۈزۈلدى. ئايرودرومنى ئازاد قىلىش
جېڭىدە غەنىيمەت ئېلىنغان ئايروپىلانلار يىغىن مەيدانى-
نىڭ ئاسمىنىدا ئايلىنىپ ئۇچتى. پاراتقا قاتناشقان كوماند-
دىر- جەڭچىلەر يېپيېڭى ماش رەڭ ھەربىي كىيىملەرنى
كىيىپ، پاگونلىرىنى تاقاپ، رەتلىك تىزىلىپ پاراتتىن ئۆتتى.
ھەممەيلەننىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ
گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاش-
لاپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا زۇلۇم تارتىۋاتقان
خەلقلەرنى ئازاد قىلىشقا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيدى.
يىغىندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت 1945- يىل 4- ئاينىڭ 8-
كۈننى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش بايرام كۈنى
دەپ جاكارلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى ژاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ مىللىي ئارمىيە
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق سالاھىيىتى بىلەن مىللىي
ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەلىم - تەربىيە خىزمەتلىرىگە قاتناشتى،
ئىسھاقبېك ئۇزاق مۇددەتلىك ھەربىي خىزمەت تەجرىبىسىگە
ئىگە، باتۇر، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر، كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر-
نىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر چىۋەر قوماندان ئىدى. مىللىي ئار-
مىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىزان ئەترەتلىرى يەنىلا ئىنـ
قىلابنىڭ مۇھىم قوراللىق كۈچى سۈپىتىدە ساقلىنىپ تۇردى.
ئۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە بىلەن بىرگە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان
پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ ئاساسلىقى ئالتاي رايونىدا پائالىيەت
ئېلىپ بېرىۋاتقان دەلىلقان پارتىزان ئەترىتى؛ چۆچەك رايو-
نىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان مائىل پارتىزان ئەترىتى؛ شىخو،
شىياۋگۇەي ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان قازىغان پارتىزان
ئەترىتى؛ دىنسوۋ پارتىزان ئەترىتى؛ جىمىنەي، قوبۇقساردا
ھەرىكەتلىنىۋاتقان خوجا ئەخمەت، موللا ئىسلام پارتىزان
ئەترىتى؛ ئايغىربۇلاقتا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نائىل پارتىزان
ئەترىتى؛ يۇلتۇز رايونىدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان نىكىتىن پارتى-
زان ئەترىتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان
پارتىزان ئەترىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ پارتىزان ئەترەتلىرىدە
جەمئىي 2500 دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇلار مىللىي ئار-
مىيىگە ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشتى.

مىللىي ئارمىيە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تايانچ كۈ-
چى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىنقىلابىي قوراللىق كۈ-
رەش يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.

## ئۈچ يۆنىلىش ئۇرۇشىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى

مىللىي ئارمىيە ۋە پارتىزان ئەترىتىنىڭ كەينى - كەينىدىن غەلىبە قازىنىشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 7 پولك ئەسكىرىي كۈچى قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى غۇلجا قوزغىلىڭى ئوتىنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتە زور ھەربىي كۈچ بىلەن ھەرقايسى مۇھىم شەھەر - نۇقتىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ستراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، شىخو، جىڭ ناھىيىسىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسماقچى بولدى؛ ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتتى. ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى ماناس، گۇچۇڭ، مورى، فۇكاڭ قاتارلىق جايلارغا ئىككىنچى سەپ لىنىيىسى قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىمالىي شىنجاڭنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىلى ۋىلايىتى بىلەن يانداش كەلگەن ئاقسۇ، قاراشەھەر، شۇنىڭدەك قەشقەر، يەكەن ۋىلايەتلىرىدىمۇ مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە خەلق ئاممىسىنى ۋە پارتىزانلارنى ھەدەپ باستۇردى.

شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 70 — 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنتىزىم ئاتلىق دىۋىزىيە، پىيادىلەر دىۋىزىيىسىمۇ، بىر قىسىم ئامانلىقنى قوغدىغۇچى ساقچى قىسىملىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار قارىماققا كۈچلۈكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرى بار ئىدى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ بولۇپ، دۈشمەن نۇقتىدا ئىستىھكام قۇرۇپ، مۇداپىئە

كۆرۈۋاتقان، ئەسكەرلەردىكى كۆچى بەكمۇ ئاز قىلىپ كەتكەن، نۇقتا كۆپ، لىنىيە ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەمىنات يەتكۈزۈشى ئىنتايىن قىيىنلاشقانىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ھەمدە مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن ناتونۇش بولغانلىقى، شىنجاڭنىڭ ھاۋا كېلىماتىغا ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىدا كېسەل تارقاپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەنىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە دائىم دېگۈدەك قېچىپ كېتىش، ئۆلتۈۋېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى؛ بولۇپمۇ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ زور كۆلەمدە كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان-ياساق، سېلىق كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى. گومىنداڭ قىسىملىرىدا خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تېگىش ئەھۋاللىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇردى، شۇ سەۋەبتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەنىدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى ۋە قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى.

گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتمۇ ناھايىتى كەسكىن ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان ئەسكەرلەر ھەتتا كوماندىرلارمۇ ئادەتتە كەمسىتىلەتتى. ئىلى قوزغىلىڭىدىن كېيىن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇلارغا تېخىمۇ ئىشەنمەي، ئۇلارنىڭ ئىلى ئىنقىلابى بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىشىدىن ئەنسىرەپ، بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلغان، بەزىلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتكەن. شۇڭلاشقا، گومىنداڭ

ئارمىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان بۇ ئەسكەرلەر ۋە ئوفىتسېرلارمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خارلىشى ۋە زىيانكەشلىكىگە چىدىماي ئارقا-ئارقىدىن قېچىپ كېتەتتى ياكى مەخپىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىشاتتى. 1945-يىلى ئەتىيازدا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ سارتوقاي ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق بىر ۋزۋود مىللىي ئەسكەرلىرى مۆمىن مۇپتىللانىڭ باشلامچىلىقىدا قېچىپ كېتىپ جېمىنەي پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلدى. شۇ يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈنى گومىنداڭ ئالاھىدە خىزمەت پولكىنىڭ مايتاغدا تۇرۇشلۇق 8-، 9-ئىسكادرونىدىكى 97 نەپەر ئادەم سوپاخۇن قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار تاغ-جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، مايتاغ ئارقىلىق نەنسەنگە چىقىپ، شىخونىڭ شىمالىدىكى چەپەيزىگە كېلىپ، گومىنداڭنىڭ قوغلاپ كەلگەن قىسىملىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، قاتمۇ قات قېيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىر 5-ئاينىڭ 8-كۈنى بورتالادىكى موڭغۇل دىۋىزىيونى بىلەن بىرلەشتى، كېيىن ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، مىللىي ئارمىيە ئىلى 4-پولكىغا قوشۇلدى. 7-ئايدا، بۇ ئىسكادرون ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى جەڭگە قاتناشتى. سوپاخۇنمۇ مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كوماندىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، كېيىن ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بولدى. سوپاخۇن قاتارلىقلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە يۈكسەك ماختىشىغا ئېرىشتى، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كەيپىياتىغا قاتتىق زەربە بولدى.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىلى ئىنقىلابىغا ناھايىتى زور ھېسداشلىق قىلدى ۋە ئۇنى قىزغىن قوللىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم

بىرىشى ئارقىسىدا شىمالىي شىنجاڭدىكى پارتىزان ھەرىكەتلىرى كۈندىن - كۈنگە جانلىنىپلا قالماي، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تاشقورغان قاتارلىق جايلاردىمۇ پارتىزانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالدى. پارتىزانلار ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، گومىنداڭ قوشۇنىغا ئىنتايىن زور تەھدىت سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارتىزانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن خەلقنى ئويغاتتى.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلى ۋىلايىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ چېگرىسىدا مۇداپىئە كۆردى. ئىلى پىيادە 2 - پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيونى، شىبە ئىسكادرونى داخىيەنزە، باجاخۇ، يۇنجىخۇنىڭ غەربىدىكى جايلاردا دۈشمەن بىلەن تىركىشىپ تۇردى؛ تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى ئاچال داۋىنىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا باجاخۇ، يۇنجىخۇنىڭ جەنۇبىدا مۇداپىئە كۆردى. موڭغۇل دىۋىزىيونى ئۇتەي، بورتالا رايونلىرىدا جەڭ تەييارلىقىنى ئىشلىدى؛ تېكەس ئاتلىق 2 - پولكى ۋە شۇ جايدىكى پارتىزانلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۈنەستىن قاراشەھەرگە ئۆتىدىغان، تېكەس، موڭغۇلكۈرەدىن ئاقسۇغا ئۆتىدىغان مۇزداۋان قاتارلىق جايلاردا مۇداپىئەدە تۇردى. مىللىي ئارمىيە شتابىغا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار ۋە ئىلى تەلىم - تەربىيە پولكى غۇلجىدا مۇداپىئەدە تۇردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى قىسىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جەڭ ئالدىدا دەم ئالدۇرۇپ تەرتىپكە سېلىش ۋە ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ماددىي ئەشيالارنى تولۇقلىدى، بۇنىڭ بىلەن جەڭگىۋارلىق خېلى ئۆستى. پۈتۈن مىللىي ئارمىيىدىن قارىغاندا، گەرچە

قورال-ياراقلار جەددىي، ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن كوماندىر-جەڭچىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-لىرىگە بولغان قاتتىق، چوڭقۇر ئۆچمەنلىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك يۈكسەك ئارزۇسى بىلەن باتۇرلارچە جەڭ قىلاتتى. شۇڭلاشقا بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ كۆرەش ئىرادىسى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرىغا قارشى ھايات-ماماتلىق جېڭگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.

1945-يىل 6-ئايدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى شۇ چاغدىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، دۈشمەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ، گومىنداڭنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاش، قوراللىق كۆرەشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئازاد رايونلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، جەنۇب، شىمال، ئوتتۇرا — ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن شىمالىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ، شىخو ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئۇرۇمچىگە قاراپ ئىلگىرىلەش؛ جەنۇبىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەڭ رايونلاردا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇمچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشىنى تىزگىنلەپ، شىمال، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئومۇمىي ئۇرۇش

مۇددىئاسىغا ئاساسەن، ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى مۇنداق كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى:

1) كەڭساي ئاتلىق 3 - پولكى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، شىخو بىلەن تارباغاتاي، ئالتاينىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، شىخو بىلەن بۇ ئىككى رايوننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەمدە تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئىشغال قىلىش؛

2) ئىلى پىيادىلەر 2 - پولكى، تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى، ئىلى زاپاس 4 - پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيونى، زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى، شىبە ئىسكادرونى جىڭغا ھۇجۇم قىلىش؛

3) سۈيدۈڭ پىيادىلەر 1 - پولكى، موڭغۇل دىۋىزىيونى، زەمبىرەكچىلەر روتىسى، مائىل پارتىزانلار ئەترىتى بىرلىشىپ شىخوغا ھۇجۇم قىلىش؛

4) ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن قاتارلىقلار ئاتلىق قىسىمنى باشلاپ ئاقسۇ رايونىغا بېرىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەمدە تاشقورغانغا بىر ۋۇزۇود ئەسكەر ئەۋەتىپ، شۇ جايدىكى پارتىزانلارنىڭ كۈرىشىگە مەدەت بېرىش؛

5) شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پارتىزان ئەترەتلىرى دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى كۈرەشنى كۈچەيتىش. بولۇپمۇ شىخو، جىڭ، ماناس، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزان ئەترەتلىرى ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۈچ يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشقا ماسلىشىش.

ئۈچ يۆنىلىشلىك ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى 1945 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلدى. پالىنوۋ، ئىسھاقبېك قاتارلىقلار ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلدى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىلى رايونىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىش بويىچە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى زور كۈچ

بىلەن قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. «ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن» دېگەن شوئارنىڭ ئىلھامى بىلەن ھەرمىللەت خەلقى ئالدىنقى سەپكە قىزغىن ياردەم بەردى.

## شىمالىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش

تارباغاتاي، ئالتاي — شىنجاڭنىڭ شىمالىدا جايلاشقان، بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان ئىككى ۋىلايەت. ئالتاي شەرققە جايلاشقان، تارباغاتاي غەربكە جايلاشقان. ئۇلار غەربىي جەنۇبتا ئىلى رايونى (ھازىرقى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق قىسمى) بىلەن چېگرىداش بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتا قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقى ئارقىلىق ئۈرۈمچى رايونىغا، غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتىشىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۇ چاغدا چۆچەك، دۆربىلجىن، قوبۇقسار، چاغانتوقاي، ساۋەن، شىخودىن ئىبارەت ئالتە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. ئۇنىڭ يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مول، بولۇپمۇ مايتاغ نېفىت كانى مەشھۇر ئىدى.

چۆچەكتە ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ ئاتلىق 3-پولكى بولۇپ، كېيىن ئالتاينىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 3-دىۋىزىيىنىڭ 7-پولكى يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. بۇ ئىككى پولكنىڭ ئاساسىي كۈچى چۆچەك، دۆربىلجىنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن باشقا، تارتاشقا، توغمەن (ھازىرقى تولى ناھىيە بازىرى)گە، قىرىقئوچاققا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىردىن روتا، چاغانتوقايغا، ئوتتۇبۇلاققا بىردىن ۋزۋود ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گومىنداڭ يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا چۆچەك، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەردە «خەلققە

ئەسەللى بېرىش كومىتېتى» قۇرۇپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم لۈكچەكلەرنى يىغىپ ئۇلارغا قورال-ياراق تارقىتىپ بېرىپ، قوغدىنىش ئەترەتلىرىنى قۇرغانىدى.

ئارىشاڭ بىلەن بورتالا ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، چۆچەك تاغلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلار پارتىزان ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، پائال ھەرىكەت قىلدى. موڭغۇل دىۋىزىيونىنىڭ بىر ۋزۋودى گو ۋېنمىڭ (شىبە، گىرو دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ يېتەكچىلىكىدە بورتالادىن مائىل تاغلىرىغا كېلىپ، بۇ جايدىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلەشتى. ئارقىدىنلا، ئۇلار گومىنداڭنىڭ ئوتتۇبۇلاقتىكى ئەسكىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ يەتتە ئادىمىنى يوقاتتى، 13 ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى. 1945-يىل 6-ئايدا باي كەنجى رەھبەرلىكىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى زورىيىپ، ئادىمى 300 دىن ئېشىپ كەتتى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئۇلارغا «مائىل پارتىزان ئەترىتى» دەپ رەسمىي نام بېرىپ ھەمدە ھەربىي بايراق تەقدىم قىلدى. گو ۋېنمىڭ ۋزۋودىمۇ بۇ پارتىزان ئەترىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

7-ئاينىڭ بېشىدا، كەڭساي ئاتلىق 3-پولكى، موڭغۇل دىۋىزىيونى، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى بورتالا رايونىغا يىغىلدى. ئۇلار 21-كۈنى شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خۇڭيەنچى ئارقىلىق تۇگمەنگە قاراپ ماڭدى. 24-كۈنى ئوتتۇبۇلاقتا مائىل پارتىزانلىرى بىلەن ئۇچراشتى. 26-كۈنى كەڭساي ئاتلىق 3-پولكىنىڭ بىر قىسمى تۇگمەننى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان دۈشمەننى قورشىۋالدى. دۈشمەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. تۇگمەن مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق دۈشمەن تۇگمەننىڭ مۇھاسىرىدە

قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال تۆت ماشىنا بىلەن ياردەمگە كېلىدۇ. ئاتلىق 3-پولكىمىز بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قىسىملارنى يولغا يوشۇرۇپ قويىدۇ. دۈشمەن بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار دۈشمەنگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ماشىنىسىنى پارتلىتىپ، ماشىنىدىكى دۈشمەنلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. قالغان بىر ماشىنىسى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. ئارمىيىمىز غەلىبىسىرى شىمالغا يۈرۈش قىلىدۇ. 7-ئاينىڭ 27-كۈنى دۆربىلجىنگە 20 كىلومېتىر كېلىدىغان قىرىت دېگەن جاينى ئىشغال قىلىپ، دۆربىلجىنگە بىۋاسىتە تەھدىت سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا موڭغۇل دىۋىزىيونى، مائىل پارتىزان ئەترىتى ياماتۇنى ئىشغال قىلىپ، تارتاش تاغ جىلغىسىدىكى دۈشمەننى قورشىۋالىدۇ. تارتاش جايىر تېغىدىكى خەتەرلىك تار ئېغىز ئىدى. بۇ جاينى ئىشغال قىلغاندا، دۈشمەننىڭ شىخو بىلەن چۆچەك ئوتتۇرىسىدىكى قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، دۈشمەننىڭ شىخودىن ياردەمگە كېلىشىنى توسۇپ دۆربىلجىن، چۆچەكنى ئازاد قىلىشقا پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغىلى بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا تارتاشتا دۈشمەننىڭ بىر روتا ئەسكىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلاردىن خېلى كۆپ ساندىكىلىرى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەخپىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويغانىدى. مىللىي ئارمىيە بۇ رايوننى قورشىۋالغاندىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. ئۇلار ئاز ساندىكى كاتتىباشلىرىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى سەزمەي قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىمار ئويۇنلاشتۇرۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى خالىمايدىغان ئاز ساندىكىلەرنى يەم بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ، ئالدىغا سېلىپ مىللىي

ئارمىيىگە ئۆتتى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، موڭغۇل دىۋىزىيونى دۈشمەننىڭ شىخودىن چۆچەككە ياردەمگە ئەۋەتكەن ئون نەچچە ماشىنا ئەسكىرىنى تارمار قىلدى. دۈشمەن چەپەيزە تەرەپكە قاراپ قاچتى. بۇ چاغدا بۇ دىۋىزىيون مائىل پارتىزان ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە بۇ جايدا پائال ھەرىكەت قىلىپ، چەپەيزە، شىخودىكى دۈشمەنگە تەھدىت سالدى.

بۇ ۋاقىتتا چۆچەكنىڭ شىمالىدا پارتىزان ئەترىتىنىڭ 130 دىن كۆپرەك ئادىمى قىزبەيىت رايونىدا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. ئالتاينىڭ غەربىي قىسمىدىكى جىمىنەيدىمۇ موللا ئىسلام شاگىرتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى 300 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان پارتىزان ئەترىتى بارلىققا كېلىپ، ئۇلار قوۋۇق ۋە قىرىقئوچاق رايونىدا ھەرىكەتلىنىپ، گومىنداڭنىڭ ئالتاينىڭ جەنۇبىدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرماقتا ئىدى.

دۈشمەننىڭ شىخودىن چۆچەك، ئالتايغا قەدەر بولغان قاتناش لىنىيىسى ئۈزۈپ تاشلانغاندىن كېيىن، كەڭساي ئاتلىق 3 ـ پولكى دۆربىلجىندىكى دۈشمەننى قورشىۋالدى، بۇ پولكنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئىسكادرونلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىمال، جەنۇب، شەرقتىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سائەت ئون ئەتراپىدا ئاساسلىق كۈچىمىز شەھەر سېپىلىنى پارتلىتىپ تاشلاپ شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىردى. تۆت سائەت جەڭ قىلىش ئارقىلىق، دۆربىلجىننى ئىشغال قىلىندى ھەمدە دۈشمەننىڭ ئالتايدىن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ دۆربىلجىندە توختىغان 60 نەچچە ماشىنىسى غەنىيمەت ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتايدىكى بىر قىسىم گومىنداڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە زور مىقداردىكى ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. 30 ـ كۈنى

قىرىقئوچاقتىكى دۈشمەنمۇ نائىلاج ئارمىيىمىزگە تەسلىم
بولىدۇ.
دۆربىلجىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، چۆچەكتىكى
دۈشمەن يېتىم هالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئىنتايىن ئالاقىزادە
بولىدۇ. مىللىي ئارمىيە گومىنداڭنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن
سابىق دۆربىلجىن هاكىمى جاۋ نەيچېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى
چۆچەكتىكى دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن
ئەۋەتىدۇ. ئۇلارغا: قورال تاشلاپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن
ئەمەلدارلارنىڭ ئىچكىرىگە قايتىشىغا، ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلىسىگە
قايتىشىغا يول قويۇلىدۇ، بۇ يەردە قېلىشنى خالايدىغانلار
بولسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى، قېپقالسىمۇ بولىدۇ، لېكىن
24 سائەت ئىچىدە جاۋابىنى بېرىش لازىم، دېگەن شەرت
قويۇلغانىدى. تارباغاتاي ۋالىيسى پىڭ رۇڭ، دۈشمەننىڭ
تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق پولك كوماندىرى لى جېنشىڭ قاتار-
لىقلار تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، 7-ئاينىڭ 31-كۈنى
مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە-
تاۋابىئاتلىرىنى باشلاپ جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدىكى باختى
دېگەن جايغا قاچىدۇ. دۈشمەن قوشۇنىدىكى مىللىي ئەسكەرلەر شە-
ھەردىن چىقىپ بەش كىلومېتىر ماڭمايلا ئابلاخان باشچىلىقىدا
قايتىپ كېلىپ بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ. قالغانلىرى قېچىپ چېگ-
رىغا بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا خادىملىرى
بىلەن كېلىشىپ، قورالسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، سوۋېت
ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۆچەك بىز تەرەپتىن ئىشغال
قىلىنىدۇ. چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلى-
رى ۋە ساقچىلىرى بولۇپ بىرنەچچە يۈز كىشى چۆچەككە
قاچىدۇ. ئۇلار چۆچەكنىڭ بىز تەرەپتىن ئىشغال قىلىنغانلى-
قىنى ئاڭلاپ، ئارقىغا قايتىپ تاغلىق رايونلار ئارقىلىق

ساۋەن تەرەپكە قاچىدۇ. ئۇلار شۇ جايدىكى پارتىزان ئەت-
رىتىنىڭ قورشىشى، قوغلىشى، توسۇپ زەربە بېرىشى ئارقىسى-
دا ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئۇلاردىن ئىنتايىن ئاز سانىدى-
كىلىرى ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىدۇ. تارتاش، دۆربىلجىن،
چۆچەك قاتارلىق رايونلاردىكى جەڭلەردە مىللىي ئارمىيە
دۈشمەننىڭ جەمئىي ئىككى پولكقا يېقىن ئەسكىرىنى يوقىتى-
دۇ، 67 ئاپتوموبىلىنى غەنىيمەت ئالىدۇ. مىللىي ئارمىيىدىن
40 نەچچە ئادەم قۇربان بولىدۇ.

دۆربىلجىن، چۆچەككە يۈرۈش قىلىش جەريانىدا، ئار-
مىيىمىز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، گومىنداڭ باج ئېلىش
نامى بىلەن كەڭ دېھقان-چارۋىچىلاردىن تارتىۋالغان 10
مىڭ تۇياق قوي، 2000 دانە كالا ئاممىغا قايتۇرۇپ بېرىلىپ،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تېخىمۇ زور ھۆرمىتىگە ۋە قوللاپ-
قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىدۇ. نۇرغۇن ياشلار ئارقا-ئارقىدىن
ھەربىيگە قاتنىشىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن،
تارباغاتاي رايونىدىكى مىللىي ئارمىيە ئەسلىدىكى كەڭسايى
ئاتلىق 3-پولكىنى ئاساس قىلىپ كېڭەيتىلىپ مۇستەقىل
ئاتلىق 2-بىرىگادا قىلىپ قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا كەڭسايى ئات-
لىق 3-پولكى، دۆربىلجىن ئاتلىق 4-پولكى، چۆچەك ئاتلىق
6-پولكى (مائىل پارتىزان ئەترىتى ئاساس قىلىنىپ كېڭەي-
تىپ قۇرۇلغان)، مۇستەقىل ئاتلىق پولكى (چۆچەك، جېمىنەي
پارتىزان ئەترىتىنى ئاساس قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلغان)
قاتارلىق قىسىملار قارايدىغان بولدى. بىرىگادىغا بىۋاستە
قاراشلىق قىسىملاردىن يەنە 4 ئاتلىق ئىسكادرون بار ئىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا مىللىي ئارمىيە تارباغاتايدا ئارقا سەپ تەمىنات
ئىدارىسى، دوختۇرخانا، دۆربىلجىن گارنىزونى قاتارلىقلارنى قۇر-
دى. شۇنداقلا تارباغاتايدا ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئورگىنى —

ئارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا باشۋاينى ۋالىيلىققا، مەنسۇر ئەپەندى بىلەن قاسىماخۇننى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا تەيىنلىدى.

ئارقىدىن مۇستەقىل ئاتلىق 2-بىرىگادا ئىككى يولغا بۆلۈندى: ئۇنىڭ چۆچەك ئاتلىق 6-پولكى موڭغۇل دىۋىزىيونىدىن تەركىب تاپقان بىر يولدىكى قىسىملىرى بۇيرۇققا بىنائەن شىخوغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ؛ كەڭساي ئاتلىق 3-پولكى، دۆربىلجىن ئاتلىق 4-پولكى، مۇستەقىل ئاتلىق پولكلاردىن تەشكىل تاپقان يەنە بىر يولدىكى قىسىملىرى قوبۇقسار بىلەن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئالتاينىڭ غەربىي رايونىغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

8-ئاينىڭ بېشىدا كەڭساي ئاتلىق 3-پولكى دۆربىلجىندىن يولغا چىقىپ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، قوبۇقسارغا يېتىپ باردى. قوبۇقسار دۆربىلجىننىڭ شەرقىدە دۆربىلجىنگە 200 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى شىخودىن ئالتايغا بارىدىغان تاشيول ئۈستىگە جايلاشقان. ئالتاينى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن، بۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەشكە توغرا كېلەتتى. گومىنداڭ شىنجاڭ غەربىي دائىرىلىرى قوبۇقساردىكى قوشۇننىڭ كاتتىباشلىرىغا بۇ جاينى چىڭ ساقلاش، ئەگەر قولدىن بېرىپ قويسا، ھەربىي قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بۇ جايدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن ئاتلىق 11-دىۋىزىيىسىنىڭ 31-پولكى ۋە 200 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان ئەكسىيەتچىل يەرلىك قوغدىنىش ئەترىتى بىلەن مۇداپىئەنى كۈچەيتكەنىدى، 300 دىن ئارتۇق پۇقرانىڭ ئۆيىنى چېقىپ، ئىستىھكام ياسىغانىدى. 8-ئاينىڭ 9-كۈنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىن ئەۋەتىلگەن قىسىملىرى — كەڭساي ئاتلىق 3-پولكىنىڭ

بىر ئىسكادرونى بىلەن جىبىنەي ۋە قوبۇقسار پارتىزان ئەترىتى بىرلىكتە قوبۇقسار ناھىيە بازىرىنى قورشىۋالىدۇ. 12-كۈنى، كەڭساي ئاتلىق 3-پولكىنىڭ ئاساسىي كۈچى بۇ جايغا يېتىپ كېلىپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. دۆربىلجىن ئاتلىق 4-پولكى ۋە بىرىگادىغا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار زاپاس كۈچ قىلىنىپ، قوبۇقسارنىڭ شەرقىدىكى قوش تولغاي رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئالتاي تەرەپتىن ياردەمگە كېلىدىغان دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، ئۇلار دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. لېكىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي تۇرۇپلا شەھەر ئىچىدە ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك، ئوق-دورا قاتارلىقلار يېتىشمىگەنلىكتىن دۈشمەنلەرنىڭ ئاتلىرى ئۆلىدۇ، ئادەملىرى ئاچارچىلىقتا قالىدۇ. ئۇلار گەرچە ئالتاي، شىخو تەرەپتىن كۆپ قېتىم ياردەم سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جايدىكى دۈشمەنمۇ ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالغاچقا، ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتەلمەيدۇ. دۈشمەن بىرنەچچە قېتىم مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، بىز تەرەپتىن چېكىندۈرۈلىدۇ. مىللىي ئارمىيە تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئادەم ئەۋەتسىمۇ دۈشمەن بۇنى رەت قىلىدۇ. 16-كۈنىدىن باشلاپ، ئارمىيىمىز ئارقا سەپتىن ئېغىر تىپتىكى مىناميوتلارنى يۆتكەپ كېلىپ، پىيادە قىسىم ئاتلىق قىسىمنىڭ ھەمكارلىشىشىدا ئۇدا ئۈچ قېتىم چوڭ يوقىتىش جېڭىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. دۈشمەن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، بەرداشلىق بېرەلمەي، 21-كۈنى كېچىسى پولك كوماندىرىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەر ۋە قوغدىنىش ئەترىتى شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ قاچىدۇ. قىسىملىرىمىز ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىدۇ. بىر قىسمى ساۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ.

قوبۇقسار ئۇرۇشى شىمالىي يۈنىلىشتە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئىچىدە بىر قېتىملىق ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇش بولدۇ. گەرچە دۈشمەن قوبۇقساردا ئۇزۇن نەچچە كۈن جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدۇ ۋە يارىدار قىلىندۇ، 300 ئادىمى ئەسىرگە چۈشىدۇ، 580 تال مىلتىقى، 29 دانە يېنىك پىلىموتى، بىر دانە 82 م م لىق مىناميوتى غەنىيمەت ئېلىندۇ. بىز تەرەپتىن 140 ئادەم قۇربان بولدۇ، 20 ئادەم يارىدار بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا جەڭچى گو شۇلىن (شىبە) ئاجايىب قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدۇ. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ روھىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلھام بېرىدۇ. قوبۇقسارنىڭ ئىشغال قىلىنىشى بىلەن ئالتاينىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدۇ.

ئالتاي موڭغۇلچە «ئالتۇنتاغ» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئالتۇن چىقىدىغان مەشھۇر بىر جاي ئىدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرق، شىمال تەرىپى تاشقى موڭغۇلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي قىسمى تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن، شەرق ۋە جەنۇب تەرىپى ئۈرۈمچى، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ ۋىلايەت سارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى)، بۇرچىن، قابا، جېمىنەي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي قاتارلىق ناھىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئاھالىسى شالاڭ بولۇپ، كۆپ قىسمى قازاق، موڭغۇل چارۋىچىلىرى ئىدى. چارۋىچىلىق بىرقەدەر راۋاجلانغان، دېھقانچىلىق يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاشلىق شىخو، ساۋەن قاتارلىق جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى.

1944-يىلىنىڭ بېشىدا، دەلىلقان ئالتاي پارتىزان ئەترىتىنى قۇردۇ ھەمدە بۇ رايوننىڭ غەربىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىمىنەي ۋە قوبۇقسار پارتىزان ئەترەتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، دۈشمەنگە تۇشمۇ تۇشتىن زەربە بېرىدۇ. 1945-يىلى ئەتىيازدا، ئىلى پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقىدا، دەلىلقان پارتىزان ئەترىتى جىمىنەي، بۇرچىن، قابا قاتارلىق جايلاردىكى پارتىزان ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، سارسۇمبە قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى ئىنتايىن پەرىشان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ ئالتاينىڭ غەربىدىكى ئۈچ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئەسكىرى 3000 دىن ئارتۇق بولۇپ، سارسۇمبىدە ئاتلىق 11-دىۋىزىيىنىڭ 33-پولكى، 128-دىۋىزىيە 383-پولكىنىڭ بىر باتالىيونى، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 3-دىۋىزىيە 8-پولكىنىڭ بىر باتالىيونى؛ بۇرچىندا 7-، 8-پولكىنىڭ بىر قىسمى ۋە قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادىمى؛ قابا ناھىيىسىدە بىر روتا ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ ۋىلايەتنىڭ شەرقىدىكى كۆكتوقاي، چىڭگىل قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنى ۋە گومىنداڭ دائىرىلىرى قاتناش-ترانسپورت، تەمىنات جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1945-يىل 2-، 3-ئايلاردا ئەسكەرلىرىنى گۇچۇڭ ئەتراپىغا چېكىندۇردۇ.

1945-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق 2-بىرىگادىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى قوبۇقساردىن بۇرچىنغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆربىلجىن ئاتلىق 4-پولكىنىڭ بىر ئېسكادرونى بۇرچىننىڭ شەرقىي

شىمالغا چاپلاشقان، بۇرچىنغا تەخمىنەن ئون كىلومېتىر
كېلىدىغان يەردىكى دولايىت رايونىغا ئەۋەتىلىپ، سارسۇمبە
بىلەن بۇرچىندىكى دۈشمەننىڭ ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ،
كەڭساي ئاتلىق 3 - پولكىنىڭ بىر ئىسكادرونى قابادىكى
دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە ئەۋەتىلىدۇ. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېچە-
دە كەڭساي ئاتلىق 3- پولكى، دۆربىلجىن ئاتلىق 4 - پولكى-
نىڭ ئاساسىي كۈچى بۇرچىننى قورشىۋېلىپ، ئەتىسى تاڭ
سەھەردە شەرق ۋە غەرب تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا
ئۆتىدۇ. جەڭ باشلىنىپ بىر سائەت ئۆتمەي دۈشمەننىڭ
ئالدىنقى سەپ پوزىتسىيىسى قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن بۆسۈپ
تاشلىنىدۇ. دۈشمەن تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھۇررا
ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن ئالاقىزادە بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن
تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇرچىن ئىشغال
قىلىنىدۇ.

ئۇ چاغدا سارسۇمبىدە گومىنداڭ قىسىملىرى، ساقچى-
لىرى ۋە قوغدىنىش ئەترىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 1600 دىن
كۆپرەك ئادىمى بار ئىدى، بۇلارغا دۈشمەننىڭ دىۋىزىيە
كوماندىرى گېنېرال مايوۋ ۋەن لىڭيۈن بىر تۇتاش قوماند-
انلىق قىلاتتى. 1945- يىل 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا
دەللىقان پارتىزان ئەترىتىنى باشلاپ كېلىپ، سارسۇمبىنى
قورشىۋالىدۇ. 8 - ئاينىڭ بېشىدا سارسۇمبە ئەتراپىدىكى
گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى سۈرۈپ توقاي قىلىدۇ. شۇ ئاينىڭ
ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، پارتىزانلار ناھىيە بازىرىنى ئارقا-
ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇرچىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن،
مۇستەقىل ئاتلىق بىرىگادىسى 9- ئاينىڭ 3- كۈنى سارسۇمە-
بىگە قاراپ جىددىي يۈرۈش قىلىدۇ. 5- كۈنى كەڭساي ئات-
لىق 3- پولكىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنى سارسۇمبىنىڭ

جەنۇبىدىكى ئاۋدىيەن رايونىدا دەللقان پارتىزان ئەترىتى
بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەتىسى، مۇستەقىل 2 - بىرىگادىنىڭ ئاساس-
لىق كۈچى سارسۇمبىنى قورشىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەننى
تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىدۇ، دۈشمەن
تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىدۇ. بىراق، دۈشمەن قوبۇقسار،
بۇرچىن، قابا ناھىيىلىرىنى كەينى - كەينىدىن قولدىن بېرىپ
قويغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە روھى چۈشۈپ، ئەس-
كەرلىرىنىڭ غەيرىتى تۆۋەنلەپ، تەمىناتى قىيىنلىشىپ كېتىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنتايىن يېتىم ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.
دۈشمەن دىۋىزىيە كوماندىرى ۋەن لىگيۇن، ئالتاي ۋالىيسى
گاۋ بەييۈي، دۈشمەن 33- پولكىنىڭ كوماندىرى دەي كۈيىيى
قاتارلىقلار نائىلاج بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سارسۇم-
بىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئورمىگات داۋىنى ئارقىلىق
تاشقى موڭغۇلىيىگە قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئارمىيىمىز
9- ئاينىڭ 7- كۈنى سارسۇمبىنى ئىشغال قىلىدۇ. قاچقان
دۈشمەننى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن، قوشۇنلىرىمىز
ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. دۈش-
مەننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قىسمى سارسۇمبىدىن ئون نەچچە
كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە قېچىپ بارغاندا قىسىملىرىمىز
يېتىشىۋېلىپ، ئۇلارنى تېزدىن يوقىتىدۇ. يەنە بىر يول ئاتلىق
ئەسكەرلىرىمىز جىددىي يۈرۈش قىلىپ، قىسىمنى ئالدىنى-
ئالا ئورمىگات داۋىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغقا يوشۇرۇپ
قويغانىدى. 8- كۈنى ئەتىگەن سائەت ئوندا دۈشمەننىڭ
ئالدىنقى سەپ قىسمى داۋاننىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدىكى جىل-
غىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا قىسىمىمىز ئۇلارغا دەرھال ئوت
ئاچىدۇ. دۈشمەن كۆپ قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، داۋان-
نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ بېشىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنغان

بولسمۇ، قىسملىرىمىز تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. دەي كۈنىسى شۇ كۈنى كەچتە 40 نەچچە ئادەمنى باشلاپ گۇچۇڭ تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. دۈشمەننىڭ قالغان كۆپ قىسىم ئەسكەرلىرى 9- كۈنى مىللىي ئارمىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋالىي گاۋ بەيىۋي، دىۋىزىيە كوماندىرى ۋەن لىگيۈن تەسلىمنامىگە قول قويىدۇ. گومىنداڭ قوشۇنىدىن 152 نەپەر ئوفىتسېر، 1684 نەپەر ئەسكەر ئەسىرگە چۈشىدۇ. جەمئىي 1686 تال مىلتىق، 52 دانە ئېغىر، يېنىك پىلىموت، سەككىز دانە مىناميوت، 600 ئات ۋە زور تۈركۈمدىكى ئوق - دورىلار غەنىيمەت ئېلىنىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى ئۆز ئىختىيارىلىقى بىلەن مىللىي ئارمىيە قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، دەللقان پارتىزان ئەترىتى ئاساس قىلىنغان ھالدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتاي پولكى تەشكىل قىلىنىپ، سارسۈمبىنى مۇداپىئە قىلىشقا قالدۇرۇلىدۇ. دەللقان ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالتاي گارنىزون قوماندانى قوشۇمچە ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. كېيىن، ئۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولىدۇ. ئۇ ئالتايدىكى ئارمىيە ۋە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئوسمان باتۇرنىڭ گۇرۇھىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەردە ئاجايىپ خىزمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. 1945- يىل 10- ئاينىڭ بېشىدا مۇستەقىل ئاتلىق 2- بىرىگادا سارسۈمبىدىن ساۋەنگە قاراپ يولغا چىقىپ ماناس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى لىنىيىدە مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.

# ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش

ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇشى ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ ئاچچىقچىلىق ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ، شىخو قاتارلىق ستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلارنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئىككى رايون ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىشتا بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان جاي ئىدى، شۇنداقلا ئىلى بىلەن تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. بۇ ئىككى رايون ئىشغال قىلىنسا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىلماس بىر گەۋدە قىلىشقا مۇمكىن بولۇپلا قالماي، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ دائىرىلىرىگىمۇ ئىنتايىن زور تەھدىت سالغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا شىخو بىلەن جىڭ ئارمىيىمىز بىلەن گومىنداڭ قوشۇنى بىر-بىرىدىن تالىشىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەھۋال ئويلىغىنىمىزدەك بولۇپ چىقتى. گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى شىخو بىلەن جىڭنى زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ، مىللىي ئارمىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. 1945-يىل 7-ئايغا قەدەر شىخودا گومىنداڭنىڭ يېڭى 2-كورپۇسىنىڭ كورپۇس شتابى ۋە كورپۇسقا بىۋاستە قارايدىغان ئالاھىدە خىزمەت باتالىيونى، يېڭى 45-دىۋىزىيە 3-پولكىنىڭ 3-باتالىيونى، زاپاس 7-دىۋىزىيە 21-پولكىنىڭ 2-باتالىيونى بولۇپ جەمئىي بىر پولكقا يېقىن ئەسكىرى بولۇپ، بۇلارغا كورپۇس كوماندىرى شېي يىفېڭ قوماندانلىق

قىلاتتى. جىڭدا 45- دىۋىزىيىنىڭ ئىككى پولكى، 191- دىۋىزىيىنىڭ 517- پولكى، زاپاس 7- دىۋىزىيىنىڭ 21- پولكىنىڭ 3- باتالىيونى قاتارلىق قىسىملار تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىخونىڭ غەربىدە شىخوغا 20 — 30 كىلومېتىر كېلىدىغان تۆتياغاچ دېگەن جايدا گومىنداڭنىڭ ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 3- دىۋىزىيىسىنىڭ بىر پولكى، شىخونىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چەپەيزىدە بىر ئاتلىق پولكى، يەنىخەي، مايتاغ، بايىنگو قاتارلىق جايلاردا ئىككى باتالىيون ئەتراپىدا ئەسكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. شىخو بىلەن جىڭدا جەمئىي ئىككى دىۋىزىيىگە يېقىن كۈچ توپلانغانىدى. دۈشمەن تاشيولنى بويلاپ قاتمۇ قات مۇداپىئە ئورنىتىپ، دۈرغۇن پوتەي، ئاكوپلارنى ياسىغان، شىخو بازىرىنىڭ ئەتراپىغا سىم توساقلارنى ئورنىتىپ، ئىنتايىن چوڭقۇر خەندەكلەرنى كولاپ سۇ قويۇۋەتكەن، ئاساسلىق يوللارغا مىنا كۆمگەن ھەمدە ئالدىنقى سەپ لىنىيىسىدىكى ئۆيلەرنى ئۆرۈپ، دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ قۇرۇقداپ قويغانىدى. دۈشمەنلەر شىخو «يېمىرىلمەس قورغان»، «جىڭ ئالدىنقى سەپىنىڭ قۇدرەتلىك تۈۋرۈكى» دەپ پو ئاتقانىدى.

ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە ئۇرۇشقا تولۇق تەييارلىق قىلدى: بىرىنچىدىن، مۇكەممەل ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە شىخو بىلەن جىڭنى بىر ۋاقىتتا مۇھاسىرىگە ئېلىپ دۈشمەننى پارچىلاپ، بىر - بىرلەپ يوقىتىش فاڭجېنىنى بەلگىلىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئەسكىرىي كۈچنى تەڭشىدى؛ ئۈچىنچىدىن، دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىپ، دۈشمەن ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىگىلەشنى بەلگىلىدى؛ تۆتىنچىدىن، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشنى

كەڭ يولغا قويۇشنى بېكىتتى.

1945 - يىل 7 - ئايلاردا بايچوردىن، سەيدى ئەخمەتوۋ تۇرسۇنلار باشلامچىلىق قىلغان پارتىزانلار يەتتەياغاچ كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىخو بىلەن جىڭنىڭ قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ئارقىدىن دۈشمەن ئارقا سېپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يەنسىخەي بىلەن ماناس كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۈشمەننىڭ ماتورلاشقان قىسىملىرىنى شىخوغا ئۈرۈمچى ۋە ماناس تەرەپتىن ياردەم قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ئىيران قابىرغا (شىخو بىلەن ماناسنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق جاي)، بورتۇڭگە، يەنسىخەي، ساۋەن، ماناس قاتارلىق جايلاردا پارتىزانلار دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، قاتناش لىنىيىسىنى بۇزۇپ، تېلېفون سىملىرىنى كېسىپ، دۈشمەننىڭ قاتناش - ترانسپورت، خەۋەر - ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دۈشمەننىڭ ئۈرۈمچىدىن شىخوغا كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللىرىغا يوشۇرۇن زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ تۆت ئاپتوموبىل قورال - ياراق، ئوق - دورا، كىيىم - كېچەكلىرىنى غەنىيمەت ئالىدۇ ھەمدە ئاپتوموبىلدىكى دۈشمەننى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. ئاپتوموبىللارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چۆچەك ئاتلىق 6 - پولكى، موڭغۇل دىۋىزىيونى چۆچەك، دۆربىلجىننى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ياماتۇدىن، ئوتتۇبۇلاققا يۈرۈش قىلىپ، مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى دۈشمەنگە دەرھال تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. قالدۇق دۈشمەنلەر چەپەيزىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئوتتۇبۇلاق بىز تەرەپتىن ئىشغال قىلىنىدۇ. 30 - كۈنى، ئاتلىق 6 - پولك بىلەن موڭغۇل دىۋىزىيونى دۈشمەننىڭ توسۇشىغا قارىماي، چەپەيزىگە قاراپ تېز يۈرۈش قىلىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، چەپەيزىنى شەرق، غەرب، شىمال تەرەپتىن قورشاپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. دۈشمەننىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىر پولكى ئەسلىدە شىڭ شىسەينىڭ قوشۇنى بولۇپ، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن، جەڭگىۋارلىقى خېلى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا تايىنىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. جەڭ ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، بىز تەرەپتىن 100 گە يېقىن ئادەم يارىدار بولىدۇ ۋە قۇربان بولىدۇ. 2 ـ كۈنى، سۈيدۇڭ پىيادە ئەسكەر- لەر پولكى غەرب تەرەپتىن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. بۇ پولكنىڭ ئاتلىق باتالىيونى چەپەيزىنىڭ غەربىدىن دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ شىخو، ماناس بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا، ئارمىيىمىز چەپەيزىدىكى دۈشمەنگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. دۈشمەن يېرىم كېچىدە چەپەيزە كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇپ بېرىپ، قالدۇق قىسىملىرىنى يىغىپ، جەنۇب تەرەپتىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، شىخوغا قېچىپ كېتىدۇ.

ئارقىدىن، ئارمىيىمىز دەرھال شىخوغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كونا شىخونى ئىشغال قىلىدۇ. 4 ـ كۈنى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى شىخوغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. سۈيدۇڭ 1 ـ پولكى، موڭغۇل دىۋىزىيونى، چۆچەك ئاتلىق 6 ـ پولكى ئاساسلىق ھۇجۇم ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى، مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونىنىڭ زاپاس قىسىم بولۇپ تۇرۇشنى بەلگىلەيدۇ. سۈيدۇڭ پىيادىلەر پولكىنىڭ بىر روتىسى شىخونىڭ غەربىدى- كى پورتاچقا ياردەمگە كەلگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە

بىرىشكە ئەۋەتىلدى؛ موڭغۇل دىۋىزىيونىنىڭ بىر قىسمى
شىخونىڭ شەرقىگە بېرىپ، دۈشمەننىڭ مانىس تەرەپتىن
ياردەمگە كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. 5-كۈنى
ئارمىيىمىز ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى. سۈيدۈڭ 1-پولكىنىڭ
1-، 2-باتالىيونلىرى دۈشمەننىڭ بىرىنچى مۇداپىئە لىنىيە-
سى — شىخو ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قارا-
دۆڭنى دەرھال ئىشغال قىلدى. دۈشمەن قولدىن بېرىپ قويغان
پوزىتسىيىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئىككى تانكىنىڭ ھىمايى-
سى ئاستىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئارمىيىمىز قەيسەرلىك
بىلەن توسۇپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ بىر تانكىسىنى پاچاق-
لاپ تاشلىدى، يەنە بىر تانكىسى ئۆزلىرى كولىغان خەندەككە
چۈشۈپ كېتىپ، مىدىرلىيالماس بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ،
دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھۇجۇمى مەغلۇپ قىلىندى. بۇ چاغدا،
دۈشمەن نۇرغۇن ئەسكىرىنى يۆتكەپ كېلىپ سۈيدۈڭ 1-پولكى-
غا 2-، 3-قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. بىز تەرەپتىن
چىقىم بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. بەزى روتا كوماندىرلىرى قۇربان
بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا زاپچوز، كاتىپلار
قوماندانلىق قىلدى. ھالقىلىق پەيتتە زاپاس قىسىم — مۇھاپى-
زەتچىلەر باتالىيونى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرە-
پىدىن جەڭگە ئاتلىنىپ، دۈشمەننىڭ 3-قېتىملىق قايتۇرما
ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى. مۇشۇنداق تەكرار ئېلىشىش
نەتىجىسىدە دۈشمەن ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. 7-كۈنى، ئارمى-
يىمىز ئەسكىرىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يەنە ھۇجۇمغا
ئۆتتى. چۆچەك ئاتلىق 6-پولكى دۈشمەننىڭ ئىككىنچى
مۇداپىئە لىنىيىسىنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتتى. 8-كۈنى
تاڭ سەھەردە، ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى مۇداپىئە
لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ

كىرىشىدۇ. بىر بۆلۈك دۈشمەن بىز تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىندۇ. قالغان ئەسكەرلەر ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچىدۇ. مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قىسىملىرى، سۈيدۈڭ پىيادىلەر 1-پولكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، يولبويى كۆيتۈك، شىخو ئايرودرومى، مايتاغ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، يەنسىخەيگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. موڭغۇل دىۋىزىيونى ۋە چۆچەك ئاتلىق 6-پولكىنىڭ بىر قىسمى شىخونىڭ غەربىدە جىڭدىن شەرققە قاراپ قاچقان دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىدۇ. ساۋەن پارتىزان ئەترىتى شياۋگۇەي، داگۇەي ۋە ئالاۋسۇن قاتارلىق جايلارنى تىزگىنلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ تەرىپىدىن «يېمىرىلمەس قورغان» دەپ ئاتالغان شىخو 1945-يىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنى مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىندۇ. بۇ قېتىملىق جەڭدە دۈشمەننىڭ 900 ئادىمى يوقىتىلدۇ، 100 دىن كۆپ ئادىمى ئەسىرگە چۈشىدۇ، نۇرغۇنلىغان قورال-ياراغ، ئوق-دورا غەنىيمەت ئېلىندۇ. شۇ قېتىمقى شىخو ئۇرۇشىغا قاتناشقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن يالغۇزلا سۈيدۈڭ 1-پولكىدىن 200 گە يېقىن كوماندىر-جەڭچى قۇربان بولدۇ. 400 گە يېقىن ئادەم ئېغىر-يېنىك يارىلىندۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتىدۇ. تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تۈركۈم كۆرەش قەھرىمانلىرى بارلىققا كېلىدۇ. سۈيدۈڭ پىيادىلەر 1-پولكىنىڭ جەڭچىسى ئاۋۇت دۈشمەن تانكىسىنى پارتلىتىش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ. بۇ پولكىنىڭ پىلموتچىكى دارىيوۋ جەڭدە دۈشمەننىڭ ئۆزىگە قارىتىپ ئاتقان گراناتىنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ دۈشمەنگە قايتۇرۇپ ئېتىپ، دۈشمەن ئىستىھكامىنى پارتلىتىپ تاشلاپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ

ھەمدە كۆرەش قەھرىمانى بولىدۇ.

جىڭ ئۇرۇشى شىخو ئۇرۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى. جىڭ ناھىيىسى شىخونىڭ غەربىگە، شىخوغا 160 كىلومېتىر كېلىدىغان چۆللۈككە جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپى تاغلىق رايون ئىدى. شىمالىي تەرىپى ئىبنۇر كۆلىگە ياندىش بولۇپ، شىنجاڭدىكى مەشھۇر تۇز ماكانى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى تەخمىنەن 3000 دىن كۆپرەك ئەسكىرى بار تۆت پولك بولۇپ، ئۇلار جىڭنى مەركەز قىلغان ھالدا يۇنجىخۇ، باجاخۇنى تىرەك قىلىپ، قاراتۇمشۇق، قۇمبۇلاق، كۆلئۆتەك، توغراقچازا قاتارلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۈشمەن 45-دىۋىزىيىسىنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرى گېنېرال مايور گوچى ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى ئىدى. دۈشمەن جىڭ ئاھالىسىنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىپ، ئۆيلەرنى چېقىپ، دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاپ، كۆپلىگەن پوتەي ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياسىغانىدى.

مىللىي ئارمىيە 1945-يىل 4-ئايدا داخېيەنزىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىلى پىيادىلەر 2-پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيونى جىڭ بىلەن داخېيەنزە ئارىلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ جىڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بىلەن تىركىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باجاخۇ، يۇنجىخۇ دېگەن جايلاردا دۈشمەنگە پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. دۈشمەن داخېيەنزىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، بىزنىڭ مۇداپىئە لىنىيىمىزگە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قوزغايدۇ. 6-ئاينىڭ 28-كۈنى، دۈشمەن ئايروپىلانى پوزىتسىيىمىزنى بومباردىمان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۈشمەن پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى بىزگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. ئارمىيىمىز بىرىنچى مۇداپىئە

لىنىيىسىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇ، كەيىندىنلا دۈشمەن بىر روتىمىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدۇ، بۇ روتا مۇھاسىرىدىنى بۆسۈپ چىقالماي، ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدۇ، جەڭچىلەر دۈشمەن بىلەن قوچاغلاشما جەڭ قىلدۇ. مانا شۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە، ئىلى پىيادىلەر 2-پولكىنىڭ بىر باتالىيونى يېتىپ كېلىپ، پوزىتسىيىنى تېزدىن قايتۇرۇۋالدۇ. جەڭدە بىز تەرەپتىن 30 نەپەر ئادەم قۇربان بولدۇ، 40 نەچچە نەپەر ئادەم ياردار بولدۇ، 14 نەپەر ئادەم ئەسىرگە چۈشۈپ قالدۇ.

7-ئايدا، بايچوردىن 65 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتىنى باشلاپ، شىخو بىلەن جىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سارغازار تاغلىق رايونىغا يېتىپ كېلىپ، شىخو بىلەن سارغازار ئارىلىقىدىكى تار جىلغىدا تۇرۇۋاتقان ۋە سارغازار بىلەن نىلقا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئىككى داۋاننى تېزدىن ئىشغال قىلىپ، شىخو بىلەن جىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفون سىملىرىنى كېسىپ تاشلاپ، يەتتە ياغاچ كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈپ، قاتناش-ئالاقىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېكەس ئاتلىق 1-پولكى بىر رازۋېتكا ۋزۋودىنى ئەۋەتىپ، رازۋېت قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەيدۇ.

8-ئايدا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ داخىيەنزە، يۇنجىخۇ، باجاخۇ قاتارلىق جايلارغا دەرھال يىغىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چىقىرىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئىلى پىيادىلەر 2-پولكى، تېكەس ئاتلىق 1-پولكى، ئىلى زاپاس 4-پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيونى، شىبە روتىلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ 4000 دىن كۆپ ئادىمى بار ئىدى.

9-ئاينىڭ بېشىدا، قوماندانلىق شتاب ئالدى بىلەن

جەڭنىڭ سىر قىسىدىكى يۈنجىخۇ باجاخۇلارنى ئىشغال قىلىشنى
بەلگىلىدى. 3-كۈنى تاڭ سەھەر سائەت بەشتە، مىللىي ئارمى-
يە يۈنجىخۇدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. جىددىي جەڭ قى-
لىپ چۈشتىن كېيىن دۈشمەننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ
ئۆتتى. دۈشمەنلەر ئۆز ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، باجاخۇ تە-
رەپكە قېچىپ كېتتى. ئارمىيىمىز يۈنجىخۇنى ئىشغال قىل-
دى. جەڭدە شىبە روتىسى دۈشمەن بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ
قىلدى. بىر قىسىم جەڭچىلەر شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.
ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى مىللىي ئارمىيە كوماندىر-
جەڭچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلىشىغا زور ئىلھام بولدى.
ئارقىدىن، ئەلى 2-پولكى، ئەلى 4-پولكىنىڭ 1-باتالىيونى،
تېكەس ئاتلىق 1-پولكى، خۇيزۇ دىۋىزىيونى، شىبە روتىسى
باجاخۇنى ساقلاۋاتقان دۈشمەننى تېزدىن قورشىۋالدى. تې-
كەس ئاتلىق 1-پولكى، ئەلى 4-پولكى، زەمبىرەكچىلەر باتا-
لىيونىنىڭ ئوت كۈچى بىلەن ياردەم بېرىش ئارقىسىدا ئالدى
بىلەن شەرقتىن ھۇجۇم قىلدى. جەڭ باشلانغاندا، دۈشمەن
تاشيولنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىزلىككە قۇرۇۋالغان ئۈچ پوتەي-
دىن پايدىلىنىپ، ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارمىيىمىز-
نىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇۋالغانلىقتىن، ئارمىيىمىز خېلى
زور چىقىمغا ئۇچراپ ئېنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بۇ
جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى دۈشمەننىڭ
بۇ ئۈچ پوتەيىنى پاچاقلاپ تاشلاش-تاشلىيالماسلىقتا ئىدى.
بۇ چاغدا ئەلى زاپاس 4-پولكى 1-باتالىيونىنىڭ جەڭچىسى
نادىروۋ زىنفىرۇللام كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ تۆت جەڭ-
چىنى باشلاپ، پوتەيىنى پارتلىتىشقا ماڭدى. ئۇلار دۈشمەن-
نىڭ 1-پوتەيىگە 20 نەچچە مېتىر كېلىدىغان يەرگە كەلگەن-
دە، دۈشمەن سېزىپ قېلىپ، پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق

ياغدۇردى. بىر جەڭچى قۇربان بولدى. قالغان ئۈچ نەپەر جەڭ-
چى ئېغىر يارىدارلاندى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە زىغىرۇللام قىل-
چە قورقماي، ئوت كۈچىمىزنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، دۈشمەن-
نىڭ پىلىموتتىن ئوققا تۇتۇشىغا پىسەنت قىلماي، پوتەيگە
باتۇرلۇق بىلەن يېقىنلىشىپ، ئارقا-ئارقىدىن گىرانات تاش-
لايدۇ. گىرانات پارتلاش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن چاڭ-تو-
زان دۈشمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىنى توسقان پەيتتىن پايدىلى-
نىپ، زىغىرۇللام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پوتەينىڭ ئالدىغا ئې-
تىلىپ بېرىپ، پوتەينىڭ ئوت تۆشۈكىگە بىر باغلام گىراناتنى
كىرگۈزۈۋېتىدۇ. «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دۈشمەن پو-
تەيى گۇمران بولىدۇ. ئۇ ئارقىدىن يەنە 2-، 3-پوتەينى
پارتلىتىپ تاشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قىسىم ئالدىدىكى توسال-
غۇ تازىلىنىدۇ. ئارمىيىمىز بۇ پەيتنى قولدىن بەرمەي، شىد-
دەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 7-كۈنى كېچىدە باجاخۇنى ئىشغال
قىلىدۇ. قالدۇق دۈشمەن جىڭغا قاراپ قېچىپ كېتىدۇ.

ئۇرۇش قەھرىمانى نادىرووۋ زىغىرۇللام غۇلجا ناھىيىسى-
نىڭ قىشلاقتام يېزىسىدا بىر ئۇيغۇر دېھقان ئائىلىسىدە دۇن-
ياغا كەلگەن بولۇپ، 8 يېشىدىن باشلاپلا بايلارنىڭ قوي-كا-
لىلىرىنى بېقىپ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە خورلاشقا ئۇچراي-
دۇ. كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنى تەرىپىدىن ئاكوپ قېزىشقا
تۇتۇلۇپ، قورسىقى ئاچ قالغاننىڭ ئۈستىگە دائىم تاياق يەي-
دۇ ۋە ھاقارەت ئىشىتىدۇ. بىر قېتىم ئۇ كىچىككىنە بىر
ئىش بىلەن گومىنداڭنىڭ بىر ئوفىتسېرىنىڭ ئاچچىقىنى كەل-
تۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، سولاققا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ كېيىن
سولاقتىن قېچىپ چىقىپ، يۇرت كېزىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇشى-
نى ئۆتكۈزىدۇ. بىر بايغا يىللىقچى بولۇپ بىر نەچچە يىل
ئىشلەيدۇ. 1944-يىلى ئۇنىڭ يۇرتىدا ئىنقىلاب پارتلايدۇ.

زىغىروللام گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە فېئودال پومېشچىك-
لار سىنىپىغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن پارتىزان ئەت-
رىتىگە قاتنىشىدۇ. كېيىن مىللىي ئارمىيە جەڭچىسى بولىدۇ.
ئۇ جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايتتى، ئۇرۇشتا باتۇر ئىدى.
شۇڭا كوماندىر-جەڭچىلەر ئۇنى ھىمايە قىلاتتى. ئىلىنى ئا-
زاد قىلىشتىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، ئۇ مىنامىيوت ئوقى تو-
شۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ دۈشمەننىڭ شىددەت-
لىك ئوقى ئاستىدا قىسىملارغا سەككىز قېتىم ئوق يەتكۈزۈپ
بەرگەنىدى. لىياڭشاڭ بۇتخانىسى ۋە ئايرودرومنى ئىشغال قى-
لىش جېڭىدە، ئۇ دۈشمەننىڭ پوتەيىگە بېسىپ كىرىپ، ئىككى
دۈشمەننى يوقىتىپ، دۈشمەننىڭ بىر دانە پىلىموت ۋە بىر
تال مىلتىقىنى ئولجا ئالغان. شۇنىڭدەك جەڭ مەيدانىدىن 18
نەپەر ياردارنى قۇتقۇزۇپ چىققان. باجاخۇ جېڭىدە دۈشمەن-
نىڭ ئۈچ پوتەيىنى پارتلىتىپ ياردار بولغان بولسىمۇ، جەڭ-
نى داۋاملاشتۇرۇپ، جەڭ مەيدانىدىن قايتمىغان. ئۇنىڭ قەھ-
رىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە
قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭغا بەش يۇلتۇزلۇق ئالتۇن مېدال
تەقدىم قىلغانىدى. 1950-يىلى ئۇ 5-كورپۇستىن مەملىكەت-
لىك كۆرەش قەھرىمانلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل
بولۇپ سايلاندى. مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانى بولۇپ با-
ھالاندى. 1951-يىلى شەرەپ بىلەن غەربىي-شىمال ھەر-
بىي رايونى 1-نۆۋەتلىك قەھرىمان-نەمۇنىچىلار قۇرۇلتىيىغا
قاتنىشىپ، غەربىي-شىمال ھەربىي رايونى بويىچە 1-دەرىجىلىك
قەھرىمان بولۇپ باھالاندى. 1952-يىلى ئۇ شىنجاڭ
ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى ئاچقان مىللىي كادىرلارنى
تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى ئېڭىنى تې-
خىمۇ ئۆستۈردى. 1954-يىلى قىسىملار رەتكە سېلىنغاندا،

ئۇ كەسسپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيىسىنىڭ كۆكدالا دېھقانچى -
لىق مەيدانىغا بېرىپ خىزمەت قىلدى.

ئارمىيىمىز يۇنجىخۇ، باجاخۇ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ
ئۆتكەندىن كېيىن، جىڭدىكى دۈشمەن پاتىپاراق بولۇپ
كېتىدۇ. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى بۇ پايدىلىق جەڭ
پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي، جىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىنى
ئۇيۇشتۇرىدۇ. خۇيزۇ دىۋىزىيونى بىلەن شىبە روتىسى غەربىي-
شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا، ئىلى پىيادىلەر 2 - پولكى
بىلەن زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى غەربتىن ھۇجۇم قىلىشقا، تېز -
كەس ئاتلىق 1 - پولكى جىڭنىڭ شەرق تەرىپىگە ئايلىنىپ
ئۆتۈپ، قېچىشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرگە توسۇپ زەربە بېرىشكە
ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەر-
دە، ئارمىيىمىز جىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەن
جىڭنىڭ غەربىدىكى سەككىز پوتىيىگە تايىنىپ جاھىللىق بى-
لەن قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى پارتلىتىش
گۇرۇپپىلىرىنى چىقىرىپ دۈشمەننىڭ پوتىيىنى پارتلىتىۋەتكەنـ -
لىكتىن، دۈشمەن تايىنىش نۇقتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئارقا-
ئارقىدىن تەرەپ - تەرەپكە قاچىدۇ. قالدۇق دۈشمەن جىڭ
كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇپ بېرىپ شەرققە قاراپ قاچىدۇ. ئارمى -
يىمىزنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ئۇلارغا قوغلاپ زەربە بېرىدۇ.
دۈشمەن قاراتۇمشۇق، ساچەنزىگە قېچىپ بېرىپ، دەرھال
مۇداپىئە ئۇيۇشتۇرىدۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى شىددەت
بىلەن ھۇجۇم قىلغاچقا، دۈشمەن كەينى - كەينىدىن يېڭىلىپ،
قارشىلىق قىلىشقا چارىسىز قالىدۇ. نەتىجىدە دۈشمەننىڭ بىر
قىسمى تەسلىم بولىدۇ. بىر قىسمى تاشيول بىلەن ماناسقا
قېچىپ كېتىدۇ، پايانسىز كەڭ چۆلدە ئوزۇق - تۈلۈك، سۇسىز

قىلىپ ھالسىزلىنىدۇ، ئۇلار قورال - ياراغ، كىيىم - كېچەكلىرىنى يول بويى تاشلاپ ماڭىدۇ. قاچقان دۈشمەنلەر بورتاچقا يېتىپ كەلگەندە، مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇ جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان قىسىملىرى ۋە پارتىزانلار ئالدى - كەينى تەرەپتىن زەربە بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يوقىتىدۇ. دۈشمەن ئالدىنقى سېپىنىڭ قوماندانى، 45 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى گوچى 200 دىن كۆپرەك قالدۇق ئەسكىرىنى باشلاپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ قاچىدۇ. بىزنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملىرىمىز ئۇلارنى كونا شىخۇ، يەنسىخەي، كۈيتۈڭ ئەتراپلىرىدا تەلتۆكۈس يوقىتىدۇ. گېنېرال گوچى ئەسىرگە چۈشىدۇ. جىڭ، شىخو ئۇرۇشىدا دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى يوقىتىلىدۇ، 3000 ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە گېنېرال مايوردىن بىرى، پولكوۋنىكتىن ئىككىسى، پودپولكوۋنىكتىن تۆتى، مايوردىن 15 ى، باشقا ئوفىتسېرلاردىن 198 ى بار ئىدى. ئېغىر قوراللاردىن 12 دانە مىنامىيوت، سەككىز دانە زەمبىرەك، 38 دانە پىلىموت ۋە باشقا زور مىقداردىكى ھەربىي ئەشيالار غەنىيمەت ئېلىنىدۇ.

ئوتتۇرا، شىمالىي يۆنىلىشلەردىكى ئۇرۇشلار غەلىبە قىلىغاندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت غۇلجىدا بىر تۈركۈم كۆرەش قەھرىمانى ۋە نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە پاتىخ مۇسلىموۋ، دەلىلقان، غېنىلارغا «خەلق قەھرىمانى» ئالتۇن ئوردېنى تەقدىم قىلىندى.

ئوتتۇرا، شىمال يۆنىلىشلەردىكى ئۇرۇشلارنىڭ غەلىبىسى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى، ھەتتا ماناستىكى دۈشمەنلەرمۇ ئۈرۈمچىگە قاراپ تىكىۋېتىشكە ھازىرلىق قىلىپ قويدى. گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بەزى مۇھىم ھەربىي، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىدىيىدە قالايمىقانلىشىپ،

ئارقا-ئارقىدىن ئائىلىلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يولغا سالدى.

1945-يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملىرىنىڭ ئاۋانگارت قىسمى — ئاتلىق قىسىم باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي ياقىسىغا كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچىگە بىۋاستە تەھدىت سالدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقتىن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىغا شەرققە يۈرۈش قىلىشنى توختىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. گومىنداڭ دائىرىلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي ياقىسىغا نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ، مۇداپىئەنى تەشكىللىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي ياقىسىدا ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 60 كىلومېتىر دائىرىگە (ساۋەن، يەنجىخەيگىچە) يىغىلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈردى، ماناس دەرياسى ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي پاسىلى بولۇپ قالدى.

## جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى پارتىزان ئۇرۇشى

ھەيۋەتلىك تىيانشان تېغى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ يېتىپ، شىنجاڭنى شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىككى رايونغا ئايرىپ تۇرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنى كەڭ بىر ماكان. 40-يىللاردا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نوپۇسى شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ 80 پىرسەنتى مۇشۇ جايغا ئورۇن-

لاشقانىدى. ئۇ چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، 35 ناھىيە بار ئىدى.

ئىلى ئىنقىلابىنىڭ مىللىي ئاۋازى شىمالىي شىنجاڭدىكى كەڭ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ سادا قوزغىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئازابىنى قاتتىق تارتقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ، قۇياش نۇرىنى كۆرىدىغان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھەرقايسى ۋىلايەت خەلقى ئارقا ـ ئارقىدىن تەشكىللىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەردە پارتىزانلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، ئازاب ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىگەنىدى.

گومىنداڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن، مۇشۇ رايوندا ھەربىي مۇداپىئەنى كۈچەيتتى، ئىلى بىلەن تۇتىشىدىغان ھەرقايسى مۇھىم تاغ ئېغىزلىرى ۋە مۇزداۋاندىكى ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتتى. ئۇ چاغدا دۈشمەننىڭ قىسىملىرى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى: قاراشەھەردە زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنىڭ 20 ـ پولكى تۇرۇشلۇق بولۇپ، يەنە ساغانسۇ، قوغۇستاي ۋە دالىن داۋىنىنى كونترول قىلىنغانىدى؛ كۇچادا يېڭى ئەسكەرلەر 2 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 4 ـ پولكى تۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بىر روتا ۋە ئىككى ۋزۋودى بايغا، بىر روتىسى قىيىرغا، بىر ۋزۋودى تىلىمەت داۋىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى؛ ئاقسۇدا ئاتلىق 2 ـ دىۋىزىيىنىڭ 5 ـ پولكى، تولۇقلاپ بېرىلگەن 2 ـ پولك ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى؛ قەشقەردە ئاتلىق 12 ـ دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە

شتابى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 34 - پولكنىڭ بىر قىسمى، ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ 2 - پولكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ يەكەندە ئاتلىق 12 - دىۋىزىيىنىڭ 36 - پولكى تۇرۇشلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر باتالىيون تاشقورغاندىكى توققۇز چازىدا چېگرا ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ خوتەندە ئاتلىق 12 - دىۋىزىيىنىڭ 35 - پولكى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ يەتتە پولك ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ قىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى قىسىملاردىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاساس قىلىنغانىدى. بۇلار ئىچىدە، ئومۇمەن ئالغاندا، مىللىي ئەسكەرلەر يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيتتى. بۇ گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى تارقاق، ھەربىي ئىنتىزامى ناچار بولۇپ، ئايرىم قىسىملاردىن باشقا، كۆپىنچىسىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئوتتۇرا، شىمالىي يۆنىلىشلەردە ئۇرۇش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلى ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشىغا ئىلھام بېرىش، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكىلىشىنى تىزگىنلەپ، ئوتتۇرا يۆنىلىش، شىمالىي يۆنىلىشلەردىكى ئۇرۇشلارنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، تاشقورغاندىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا پارتىزان ئۇرۇشىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

## قاراشەھەر رايونىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى

قاراشەھەر شىمالىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ستراتېگىيىلىك

ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، زېمىنى كەڭ جاي. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ جاي شىمالدا تيانشان تېغىغا، جەنۇبتا شىنزاڭغا، شەرقتە چىڭخەيگە تۇتىشىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي-شىمال قىسمىدىكى تيانشان تاغلىرى ئارىلىقىدىكى يوللار بىلەن ئىلى رايونىنىڭ تېكەس، توققۇزتارا، كۈنەس، جىڭ ۋە شىخو قاتارلىق جايلىرىغا بارغىلى بولاتتى. شەرقىي-شىمال قىسمىدىن توقسۇن ناھىيىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولاتتى، بۇ گومىنداڭ دائىرىلىرى ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرى بويىچە قاتناش-ترانسپورتتا بېسىپ ئۆتىدىغان بىردىنبىر جاي ئىدى.

1944-يىل 12-ئايدا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى تاغ يوللىرى بىلەن قاراشەھەر تەرەپكە قاچقان ۋاقىتتا بىزنىڭ تېكەس، كۈنەس قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئاتلىق پارتىزان ئەترەتلىرىمىز تاغ يوللىرى بىلەن داغۇتا داۋىنىنى بويلاپ، خېجىڭنىڭ شەرقىي-شىمالىدىكى بايانبۇلاققا قەدەر قوغلاپ زەربە بەرگەنىدى. بايانبۇلاق موڭغۇلچە «مول بۇلاق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ چوڭ-كىچىك يۇلتۇز تېغىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئويمانلىققا جايلاشقان بىر كىچىك بازار ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئىلىدىن قاراشەھەر، خېجىڭ، كۇچاغا بېرىشتا ئۆتىدىغان مۇھىم ئېغىز ئىدى. 12-ئاينىڭ 25-كۈنى پارتىزان ئەترىتى يۇلتۇز تېغىدا دۈشمەنگە قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىدۇ، قالغانلىرى قېچىپ كېتىدۇ. ئارقىدىن، بۇ جايدا نېكتىن

پارتىزانلىرى ئەترىتى قۇرۇلدۇ. ئۇلار بايانبۇلاقنى بازا قىلىپ، يۇلتۇز تېغىدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، قاراشەھەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئىلىغا ياردەمگە بېرىشىنى توسىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭ قاراشەھەر ساقچى ئىدارىسى كۆپ قېتىم ئەسكەر ئەۋەتىپ، پارتىزان ئەترىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، بايانبۇلاقنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم بارغىنىدا مەغلۇپ قىلىندۇ. 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، پارتىزان ئەترىتى قاراشەھەرنىڭ قوغۇستاي دېگەن يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ، قاراشەھەر، خېجىڭلاردىكى كونا توربوغۇتلار خانىنىڭ ئايالى ۋۇجىڭبىن ئۇيۇشتۇرغان ئاتالمىش قوغدىنىش ئەترىتىنى مەغلۇپ قىلىپ، دۈشمەننىڭ 220 ئادىمىنى يوقىتىدۇ، 208 دانە مىلتىق، تۆت دانە پىلىموت، 39 مىڭ پايدىن كۆپ ئوق ۋە نۇرغۇن ئاشلىق، چارۋا - ماللارنى غەنىيمەت ئالدۇ ۋە بۇ جاينى كونترول قىلدۇ. 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قارغاتنى ئىشغال قىلدۇ، بۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان بىر روتا دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدۇ، بۇ روتىدىن ئاران ئون نەچچە ئادەم قېچىپ چىقتۇ. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى دالىن داۋىنى ئىشغال قىلىندۇ. 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تىلەمەت داۋىنى ئىشغال قىلىندۇ، پارتىزان ئەترىتى بىر ئاتلىق دىۋىزىيون قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدۇ.

8 - ئايدا، تېكەس پارتىزان ئەترىتى ئاساسىدا كېڭەيتىپ قۇرۇلغان تېكەس ئاتلىق 2 - پولكى داغوتا داۋىنىنى مەركەز قىلىپ، كۈچا بىلەن قاراشەھەر ناھىيىسىگە قارايدىغان كۆيىكان، توقساندۇڭ ۋە تىلەمەت داۋانىنى كونترول قىلدۇ. كېيىن مەزكۇر پولك يەنە بىر ئاتلىق ئەسكەر دىۋىزىيونىنى ئاقسۇ رايونىدىكى پارتىزان ئۇرۇشىغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ.

شۇ يىلى 5 - ئايدا، ناسىرووۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر پارتىزان ئەترىتى كۈنەس ئارقىلىق تىيانشاندىكى مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ، توقسۇن ناھىيىسىگە قارايدىغان ئايغىربۇلاق جىرا ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ، دۈشمەننىڭ بۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان بىر روتا ئەسكىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئون ئەسكىرىنى يوقاتتى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بۇ پارتىزان ئەترىتى شەرققە يۈرۈش قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر قاراۋۇللۇق پونكىتىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىدۇ ھەمدە بۇ رايوننى ئىشغال قىلىپ، ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، ئىلى ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلىدۇ. كېيىن پارتىزان ئەترىتى ئايغىربۇلاق جىرا ئېغىزىغا چېكىنىپ كەلگەندە، ئۇ يەرنى دۈشمەن ئىشغال قىلىۋالغان بولۇپ، پارتىزانلار دۈشمەن بىلەن ئىككى كۈن كەسكىن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى چېكىندۈرىدۇ ھەمدە بۇ يەردە داۋاملىق ئاممىنى قوزغاپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەنگە پاراكەندىچىلىك سالىدۇ.

9 - ئاي ئىچىدە، نىكىتىن پارتىزان ئەترىتى قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ قاراشەھەر ناھىيىسىدە، تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ 60 تىن كۆپ ئادىمىنى يوقىتىدۇ ھەمدە بىر بەن ئەسكەرنى بۇگۈر ناھىيىسىگە رازۋېت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار بۇگۈرگە كېتىۋېتىپ، دۈشمەننىڭ 40 ماشىنا ئاشلىق، ماددىي بۇيۇملىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۇنىڭ بىر بۆلىكى بىلەن قىسىمنى تەمىنلەيدۇ، قالغىنىنى شۇ جايدىكى خەلق ئاممىسىغا تارقىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىزان ئەترىتىدىكى 250 نەپەر ئادەم خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئوۋامىن (ھازىر ۋامىن دەپ ئاتىلىدۇ) غا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەنە پارتىزانلاردىن 60 ئادەم خىبجىاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي - جەنۇب تەرىپىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ساغانسۇغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇ يەردىكى دۈشمەننى دەككە - دۈككىگە سالىدۇ.

بۇ رايوندىكى پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىگە بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن، ناسىرۇۋ، نىبكتىن پارتىزان ئەترەتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر چوڭ ئەترىتى (يەنى كېيىنكى چاغلاردىكى تېكەس ئاتلىق بىرىگادىسى) قۇرۇلدۇ، بۇنىڭدا جەمئىي 1700 دىن كۆپرەك ئادەم بار ئىدى. بۇ قوشۇن يۇلتۇز بازىسىدا داۋاملىق تۇرۇپ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەنگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ، قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلاپ، نىشاننى بۇراپ، جەنۇبىي يۆنىلىشتە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا، شىمالىي يۆنىلىشلەردىكى جەڭلەرگە ياردەم بېرىدۇ.

## ئاقسۇ رايونىدىكى پارتىزان ئۇرۇشى

1945 - يىلى 7 - ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى، دامولla رازىلار ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۈپىتىدە، بىر ئاتلىق پارتىزان ئەترىتىنى باشلاپ غۇلجىدىن ئاقسۇ رايونىغا بېرىپ، ئاممىنى قوزغاپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردۇ. سوپاخۇن باشچىلىقىدىكى بۇ پارتىزانلارنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭلىق بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىنى كۆپ تارتقان، يۇرتىدىكى ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن بالدۇرراق ئازاد قىلىشنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىۋاتقان يولداشلار ئىدى. ئۇلار جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇشقا قاتنىش-

دىغانلىقىنى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ،
بەگلىرىنى تۇرۇپ تەييارلانغاندى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پارتىزان ئەترىتى يولغا چىقىدى-
غان ۋاقىت يېتىپ كەلگەنىدى. ھەر مىللەت ئاممىسى تە-
رەپ - تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ. بە-
زىلەر دەستە - دەستە گۈللەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، پارتىزانلارغا
تەقدىم قىلىدۇ، بەزىلەر جەڭچىلەرنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ،
ئۇلارغا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىڭلار، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىنى تېزرەك ئازاد قىلىڭلار، دەپ تاپىلايدۇ.

پارتىزانلار ئەترىتى غۇلجىدىن تېكەسكە يۈرۈش قىلىپ،
پىلان بويىچە، موڭغۇلكۈرەنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق مۇزات
داۋىنىدىن ئۆتۈپ، بىراقلا قورغان تاغ ئېغىزىغا بېرىپ، ئاقسۇغا
ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ. ئېھتىيات ئۈچۈن، پارتىزان ئەترى-
تى ئاۋۋال بىر رازۋېت گۇرۇپپىسىنى چىقىرىپ، يەر تۈزۈلۈشى،
دۈشمەن ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ. ئۇلار گومىنداڭنىڭ قورغان
تاغ ئېغىزىدىن ئەسكەر چىقىرىپ، مۇزداۋاندا چازا قۇرغانلى-
قىنى، داۋاندا قار بەك قېلىن بولۇپ، ئۆتۈش قىيىنلىقىنى
ئۇققاندىن كېيىن، تېكەس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي
تەرىپىدىكى ئاقبۇلاق داۋىنى ئارقىلىق تىيانشان تېغىدىن
ئۆتۈشنى قارار قىلىدۇ. پارتىزانلار ئەترىتى 100 دىن ئارتۇق
ئاتلىق ئادەم بىلەن يولغا چىقىپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان
روھ بىلەن بىرنەچچە داۋاندىن ئۆتۈپ، قارلىق تاغ، تار جىرالار
ئارىسىدا يۈرۈش قىلىدۇ، ئوزۇق - تۈلۈك، ئاتلارنىڭ يەم -
خەشەكى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىدۇ. يول بارغانسېرى
تارلىشىپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش بەك قىيىن-
لىشىپ كېتىدۇ، ئاقداۋانغا يامىشىپ چىققان چاغدا،
بەزى ئاتلار ياردىن غۇلاپ كېتىدۇ. پارتىزانلار زىيانىنى

ئازايتىش، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يۈرۈش قىلىش يۆنىلىشىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ، شەرق تەرەپكە ئەگىپ ئۆتۈپ، تېكەس ناھىيىسىنىڭ كۆكسۇ دېگەن جايىنىڭ شىمالىدىكى چوڭقۇشتاي ئارقىلىق، باي ناھىيىسىنىڭ شەرق-شىمال تەرىپىدىكى قىيىرغا يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇلار تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، ئادەم مېڭىپ باقمىغان يوللاردا مېڭىپ، ئادەم چىقىپ باقمىغان ئېگىز چوققىلاردىن ئۆتۈپ، 8-ئاينىڭ 8-كۈنى گويا بىر مۆجىزىدەك قىيىردا پەيدا بولدى.

پارتىزانلار يۈرۈش قىلىش داۋامىدا چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا قارىماستىن، قىيىردا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دۈشمەننىڭ بىر روتا ئەسكىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. دۈشمەن ئەس-ھوشىنى يىغىۋالغۇچە، كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، قالغان 30 نەچچە ئادىمى روتا كوماندىرى بىلەن كۇچاغا قېچىپ كەتتى. پارتىزانلار ئارقىدىنلا غەربكە يۈرۈش قىلىپ، 14-كۈنى باي ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، باي ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بۇ يەرنى ساقلاپ تۇرغان بىر روتا ئەسكەرگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. جەڭ تۆت سائەت داۋام قىلدى. دۈشمەننىڭ 70 تىن ئارتۇق ئەسكىرى يوقىتىلدى، 40 نەپەر ئادىمى تەسلىم بولدى. سەككىز نەپەر ئەسكىرىلا ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى.

پارتىزان ئەترىتى باي ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، ئىلى ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىزان ئەترىتىنى تەرتىپكە سېلىپ شۇ يەرلىك بىر تۈركۈم ياشلارنى پارتىزانلىققا قوبۇل قىلدى. بايدا ئەسىرگە

چۇشكەن مىللىي جەڭچىلەر پارتىزانلارغا قوشۇلىدۇ.
باينىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى گويا گۇلدۇرمامىدەك تارىم ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. پارتىزانلار ۋە يەرلىك خەلق بۇنىڭدىن ناھايىتى زور ئىلھام ئالىدۇ. ئاقسۇدىكى دۈشمەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپكەتكۈدەك بولۇپ تىپىرلاپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى پارتىزان ئەترىتىگە داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئىلى بىلەن ئاقسۇنىڭ مۇزداۋاندىكى يولىنى تۇتاشتۇرۇپ، قورغان تاغ ئېغىزىنى تارتىۋېلىپ، ئاقسۇ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.
پارتىزانلار 8-ئاينىڭ 19-كۈنى، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. شۇ كۈنلەردە يامغۇر يېغىۋاتقان بولۇپ، جىرالاردىن ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۈيى يولنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. پارتىزانلار بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 21-كۈنى چۈشتىن كېيىن قورغانغا يېتىپ كېلىدۇ. قورغان ئىككى تاغنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، ئۇنىڭغا مۇستەھكەم سېپىل ۋە ئىستىھكاملار ياسالغان بولۇپ، بۇ يەرنى 200 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسكىرى ساقلاپ ياتاتتى. پارتىزان ئەترىتى دۈشمەنگە شۇ كۈنى كېچىسىلا ھۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ئالدىنئالا تەييارلىقى بولغانلىقى، مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا تايىنىپ قارشىلىق قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىزانلار ئۇدا يول يۈرۈپ، جەڭ قىلىپ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، جەڭ ئالتە سائەت داۋام قىلغان بولسىمۇ، تاغنى ئىشغال قىلالمايدۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونىشەھەردىن قورغانغا ياردەمگە كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يولغا چىققانىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بۇ مۇھىم ئاخباراتنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال يىغىن ئېچىپ،

دۇشمەن ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، قورغانغا ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، پارتىزانلارنىڭ بىر قىسمى بۇ يەردە قېلىپ، دۇشمەننى قايمۇقتۇرىدۇ. كۆپ قىسمى كېچىسى جەڭدىن چېكىنىپ جەنۇبقا قاراپ جىددىي يۈرۈش قىلىپ، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي - شىمال تەرىپىدىكى ناھىيە شەھەرىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تۇزئاۋاتقا بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ. ياردەمگە كەلگەن دۇشمەن ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، پارتىزانلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچراپ، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشىدۇ، دۇشمەنلەرنىڭ نەچچە ئادىمى ئۆلىدۇ ۋە يارىدارلىنىدۇ. قالغانلىرى قۇيرۇقىنى قىسىپ ئاقسۇغا قېچىپ كېتىدۇ.

دۇشمەن بۇ قېتىم ياردەمگە كېلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، كۇچا، ئاقسۇلاردىن قورغاندىكى دۇشمەنگە يېڭىباشتىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق يېڭى ئەسكەرلەر 2 - دىۋىزىيىسى 4 - پولكىنىڭ كوماندىرى ما دېخۇڭ بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ كېلىپ، باي ناھىيىسىنى قايتىدىن بېسىۋالغان، بايدىن قورغانغىچە بولغان بارلىق مۇھىم قاتناش يوللىرىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. پارتىزانلار دۇشمەننىڭ قورشاش ئېھتىمالى ئالدىدا كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دەرھال قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ، مۇزداۋان يولىنى ئېچىپ، ئىلىدىن كېلىدىغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلىدۇ.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تاڭ سەھەردە، پارتىزان ئەترىتى قورغاننىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئاقچاق چوققىسىدىن قورغاندىكى دۇشمەنگە ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۇشمەننىڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن

ئەسكەرلىرى تاغ ئېغىزىغا كېلىپ قالايلا دېگەندى. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى. بۇ چاغدا، پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئۇزۇق-تۈلۈكى تۈگىگەن، ئەسكەرلىرى ۋە ئات-ئۇلاغلىرى چارچاپ كەتكەنىدى. ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ پارتىزانلىرى تېخىمۇ تولۇق ئىشەنچكە كېلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، دۈشمەننى قەتئىي، ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىشقا بەل باغلايدۇ. جەڭچىلەر يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان ئوققا قارىماي، دۈشمەنگە ئۈچ تەرەپتىن شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال ئاچقۇچلۇق ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىدۇ، ئارقىدىن ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. لېكىن قورغان ئىچىدىكى دۈشمەنلەر غالجىرلارچە پىلىموت ئېتىپ يولنى قاتتىق كونترول قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، قىسىم ئىلگىرىلىيەلمەي قالىدۇ. پارتىزان مىجىت، مەھەممەت، ھاپىز، مۆمىن، تالىپ قاتارلىقلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئوت كۈچىنىڭ ھىمايە قىلىشى ئارقىسىدا يوشۇرۇن ئىلگىرىلەپ، قورغانغا يېقىنلىشىپ، دۈشمەننىڭ ئوت توچكىسىنى يوقىتىدۇ. پارتىزانلار ئارقىدىنلا بىردەك ھۇجۇم قىلىپ، قورغاننى ئىشغال قىلىدۇ، قارشىلىق قىلغان دۈشمەن يوقىتىلىدۇ، دۈشمەننىڭ روتا كوماندىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە دۈشمەننىڭ 150 تىن كۆپ ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ، 17 دانە ئېغىر، يېنىك پىلىموت، 170 تال مىلتىق، 20 دانە تاپانچا، 100 مىڭ پايدىن كۆپ ئوق غەنىيمەت ئېلىنىدۇ.

پارتىزانلار قورغاننى ئىشغال قىلىپ ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ كۈچا، ئاقسۇ تەرەپتىن ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرى قورغان ئەتراپىغا يېتىپ كېلىدۇ. دۈشمەنلەر قورغان قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن

كېيىن، قىيا-چىيا سېلىشىپ، قوماندىنغا ئىتائەت قىلماي،
تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. دۈشمەن نائىلاج قورغان
جېڭى جەريانىدا قېچىپ چىققان قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باش-
لاپ كونا ئۇۋىسىغا قېچىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، پارتىزان ئەترىتى بىر ۋزۋود پار-
تىزاننى ئاجرىتىپ، مۇزات داۋىنى چازىسىدىكى بارلىق دۈش-
مەننى يوقىتىپ، مۇھىم قاتناش يولىدىكى پۈتلىكاشاڭنى ئې-
لىپ تاشلاپ، ئىلىدىن ئاقسۇغا ئۆتىدىغان مۇزداۋان يولىنى
تۇتاشتۇردى.

پارتىزان ئەترىتى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر ھەپ-
تە پارتىزانلارنى تەرتىپكە سېلىپ، دەم ئالدۇرۇپ، ئاقسۇنى
ئازاد قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. قورغان ئۇرۇشىدا
ئەسىرگە چۈشكەن 90 نەچچە مىللىي ئەسكەر ئۆز ئىختى-
يارلىقى بىلەن پارتىزان ئەترىتىگە قاتنىشىدۇ. پارتىزان
ئەترىتى كېڭىيىپ ئادىمى 200 دىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئىك-
كى ئاتلىق ئىسكادرون بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. مىللىي ئارمى-
يە قوماندانلىق شتابى ئاقسۇ رايونىدىكى پارتىزان ئۇرۇ-
شىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، تېكەس ئاتلىق 2-پولكتىن بىر
مۇستەقىل ئاتلىق دىۋىزىيونىنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار تىيانشان تې-
غىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل بايغا چۈشۈپ، دۈشمەن قايتىدىن بې-
سىۋالغان باي ناھىيىسىنى بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ ئالغاندىن
كېيىن ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىدۇ.

بۇنداق قولايلىق شارائىتتا، ئابدۇكېرىم ئاببasوۋ باش-
چىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتى قورغان بىلەن مۇزداۋاننى
ساقلاشقا بىر ۋزۋود ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغان ئادەملىرى
بىلەن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر
ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالىدۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا، پارتىزان-

لارغا گومىنداڭ ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى ئۇلارنى تەسلىم بو-
لۇشقا دەۋەت قىلىش غەرىزىدە، ئىككى ئاخۇن ۋە يەنە بىر
ئادەمدىن خەت ئەۋەتىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان
قەمبىرى قاتارلىقلار بۇ ئۈچ ئەلچىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوۋ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن
كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «پارتىزانلارنى تەسلىم بول دېيىش
ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرگەنلىك! گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دۈشمەنلەشمەكتە. ئۇلار
زاۋاللىققا يۈزلەنگەن كۈچ. تەسلىم بولۇش شۇلارنىڭ بىر-
دىنبىر چىقىش يولى!» ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوۋ يەنە بۇ ئەل-
چىلەرگە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئۇلارغا ئېلىپ كېتىشكە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بېرىدۇ. ئۇ-
لارنىڭ ئاغزىدىن ئاقسۇنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەيدۇ.
ئاخىرىدا ئابدۇكېرىم ئاببا‌سوۋ ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى (بۇ ۋالىي
ئەسلىدە ئىلىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇكېرىم
ئاببا‌سوۋ ئۇنىڭغا بىر مەزگىل تەرجىمان بولغان، ۋالىينىڭ با-
لا-ۋاقىلىرى ئۇ چاغدا ئىلىدا ئىدى) غا بىر پارچە جاۋاب
خەت يېزىپ بېرىدۇ. خەتتە: «يەقەت سىز قارشىلاشماي، ئا-
دەملىرىڭىزنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىدىغان بولسىڭىز، پۈ-
تۈن ئائىلىڭىزنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىڭىزنىڭ بىخەتەرلى-
كىگە كاپالەتلىك قىلىمىز» دېيىلگەنىدى. ئۈچ ئەلچى جاۋاب
خەتنى ئېلىپ قايتىدۇ.

9-ئاينىڭ 6-كۈنى تاڭ سەھەردە پارتىزانلار ئاقسۇ
كونىشەھەرگە يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى ساقلاۋاتقان بىر
ۋزۋود دۈشمەن ئەسكىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. جەڭ تۈيۈق-
سىز باشلىنىپ، تېزلا ئاياغلىشىدۇ. دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەس-
كىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ، 50 دانە مىلتىق غەنىيمەت ئېلىنىدۇ.

ئاقسۇ كونىشەھەر ئازاد قىلىندۇ. 10 - كۈنى ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوۋ ناھىيىدىكى خەلققە نۇتۇق سۆزلەپ، گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن جى-
نايىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئىنقىلاب داۋلىرىنى
تەشۋىق قىلىدۇ. پارتىزانلار دۈشمەن بۇلاپ كەلگەن ئاش-
لىقلارنى ئاممىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئاشلىققا ئىگە بولغان
ھەر مىللەت ئاممىسى خۇشال بولۇپ داپ - دۇمباق چېلىشىپ
خۇشاللىقتىن دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىدۇ. «شەپقەتچى-
مىز پارتىزانلارغا ھەشقالالا!» دېگەن شوئارلار پەلەككە ياڭ-
رايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەل-
تۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى خەلقنىڭ
پارتىزانلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى، ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدۇ.
خەلق ئاقسۇنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى
بىلدۈرىدۇ. نۇرغۇن ئامما پارتىزانلارغا ئۆزلۈكىدىن ئات، ئاش-
لىق، يەم - خەشەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.
بەزى كەمبەغەل دېھقان - چارۋىچىلار يىراق يەرلەردىن كېلىپ
پەرزەنتلىرىنى پارتىزانلارغا تۇتىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە
يەنە 100 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياشلىرى قولىدىغا
قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى كۈرەش سېپىگە قوشۇلىدۇ.

بۇ چاغدا، مىللىي ئارمىيە شىمالىي، ئوتتۇرا يۆنىلىش-
لەردىكى ئۇرۇشلاردا ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن، قارا-
شەھەر، خېجىڭ سەپلىرىدىكى پارتىزانلار ئەترىتى دۈش-
مەنگە زور تەھدىت سالغانىدى، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقور-
غان پارتىزان ئەترىتى قەشقەر، يېڭىسار ۋە يەكەندىكى
دۈشمەنلەرگە تەھدىت سالماقتا ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققى-
ياتى، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلغان پارتىزانلارغا ئىنتايىن

پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىيەت ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. قورغان ۋە ئاقسۇ كونا شەھەر ئۇرۇشىدا قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولغان گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئىككى پولكى شەھەرگە كىرىۋالغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچتۇرپان چېگرا قاراۋۇل چوڭ ئەترىتىدىن 300 دىن كۆپ ئەسكەر ئاقسۇنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. ئۇلار سېپىل ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنى چۇۋۇپ، ئورنىغا خەندەك كولاپ، سۇ توشقۇزۇپ، توساق ئورنىتىپ، ئىستىھكاملارنى ياساپ، كېچە-كۈندۈز دېجورنى تۇرغۇزغانىدى. ئۇلار پارتىزان ئەترىتىنىڭ كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ھەر كۈنى چىراغلارنى يېقىپ ئەتراپنى يورۇتقان ھەمدە ئاممىنىڭ شوتىلىرىنى پۈتۈنلەي يىغىۋېلىپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ چاغدا، تېكەس ئاتلىق 2-پولكى كۈچەيتىلگەن باتالىيونىنىڭ بىر ئاتلىق ئىسكادرونى بايدىن ئاقسۇغا كېلىپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ پارتىزان ئەترىتى بىلەن بىرلىشىپ، ئاقسۇ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. پارتىزان ئەترىتى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، 50 دانە ئۇزۇن شوتا تەييارلايدۇ. ئۇلار 9-ئاينىڭ 12-كۈنى تاڭ سەھەردە شەھەرگە ھۇجۇم قوزغايدۇ. پارتىزان ئەترىتى بۇ تەرەپتىن شەپە بېرىپ، ئۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن بىر قىسىم جەڭچىلەرنى ئىشقا سېلىپ شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى جەلپ قىلىدۇ. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى دۈشمەنلەر پاتىپاراق بولۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسىم پارتىزانلىرىمىز

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۈچ نەپەر پارتىزان ئاۋۋال سېپىلغا يېقىنلىشىپ، سېپىلغا شوتا قويىدۇ-دە، باتۇرلۇق بىلەن سېپىلغا چىقىدۇ. لېكىن، دۈشمەن ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ شىددەت بىلەن ئوققا تۇتىدۇ. ئۇلار ئوق تېگىپ باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. ۋەھشىي دۈشمەن بۇ ئۈچ نەپەر باتۇرنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، سېپىلغا ئېسىپ سازايى قىلىدۇ. بۇ پاجىئەلىك ۋەقە بارلىق پارتىزانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئوتقا سېلىپ پۇچۇلغاندەك بولىدۇ. ئابدۇكېرىم ئاببباسوۋ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزەپلە-نىدۇ-دە، كۆپچىلىككە: يولداشلار، جاللاتلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن بىزنى قورقۇتماقچى بولغانلىقى ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرگەنلىك! بىز دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ئىنقى-لابىي قۇربانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى! دۈشمەنلەردىن قانغا قان، جانغا جان ئالايلى! دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپ چاقى-رىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدا قىلغان سەپەرۋەرلىكى بىلەن پارتىزانلار تېخىمۇ جاسارەتلىنىپ، دۈشمەنگە ئارقا-ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان بىر پارتىزان قولىدا پىلىموتنى كۆتۈرۈۋېلىپ سېپىل تۆپىسىدىكى دۈشمەننىڭ پىلىموتچىكىغا غەزەپ بىلەن ئوق ئۈزىدۇ. دۈش-مەننىڭ پىلىموتى ئېتىشتىن توختايدۇ، بىرنەچچە دۈشمەن سېپىلدىن موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ. بەزى پارتىزانلار يارىدار بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماي، يارىسىنى ئاندا-مۇندا تاڭدۇرۇپلا يەنە جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە دۈشمەننى يوقىتىپ خەلقنى ئازاد قىلىش دېگەن بىرلا ئارزۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، سېپىل تۈۋى دۈشمەن ئەسكەر-

لىرىنىڭ جەسىتى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

بۇ چاغدا، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى ئابدۇكېرىم ئاببـاسوۋ يازغان خەتنى تاپشۇرۇۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىزانلارنىڭ ھۇجۇمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، قاتتىق چۆچۈيدۇ. ئۇ بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى يىغىپ، كىشىگە تۇيدۇرماي قەشقەرگە قېچىپ كەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق 5 - پولكىنىڭ كوماندىرى جاۋ خەنچى بۇنى سېزىپ قېلىپ، ئەھۋالنى مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، نەزەربەند قىلىپ قويۇلىدۇ. جاۋ خەنچى ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۇ كۈنلەردە، شەھەردىكى دۈشمەنلەر ئىنتايىن غالجىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار «ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇپ، پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلىدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئىنقىلابىي ياشلارنى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى ۋە ئاممىنى ھەدەپ تۇتۇپ، قىرغىن قىلماقتا ئىدى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، گومىنداڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قەتئىي ھىمايە قىلغان، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن پائال شۇغۇللانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياخشى پەرزەنتى، مۇنەۋۋەر ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ل. مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ 28 نەپەر ئەزاسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، جادىغا بېسىش، تىرىك كۆمۈش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۆلتۈرىدۇ.

ل. مۇتەللىپ مەشھۇر ئۇيغۇر ياش شائىرى ئىدى. ئۇ 1943 - يىلدىن باشلاپ، ئۆز قەلىمى بىلەن گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى ئاقسۇ گېزىتى ئەدەبىيات بېتى — «جەنۇب بورانلىرى» دا شېئىر، ھېكايە، فىلىيەتونلارنى ئېلان قىلىپ، ئىنقىلابنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى تەشۋىق قىلغان. مۇتەللىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە «يىۋاۋاس ئويغاندى» دېگەن بىر شېئىرىدا خەلقنى ئۇخلاۋاتقان يولۋاسقا ئوخشىتىپ، ئۇلار چوقۇم ئويغىنىدۇ، قوزغىلىپ كۈرەش قىلىدۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، ئەكسىيەتچىلەرنى يېڭىدۇ، دەپ يازغان. مۇتەللىپ كۆپكە ماھىر سەنئەتكار ئىدى. ئۇ دائىم ئىلغار ياش ئوقۇغۇچىلارنى، زىيالىيلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دراما قويغان ۋە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دراما ئۆمىكىدە بىر مەزگىل مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زوھرا» قاتارلىق رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە كلاسسىك دراملىرىنى تەييارلاپ، شەخسەن ئۆزى درامىدىكى باش پېرسوناژ غېرىب، تاھىرلارنىڭ رولىنى ئالغان ھەمدە درامىنى ئاقسۇ كونىشەھەر، ئۈچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەرگە ئاپىرىپ قويغان. ئۇ، تاھىرنىڭ جازا مەيدانىدا ياۋۇز كۈچلەرگە تىز پۈكمىگەنلىك ئوبرازىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگىنىدە نۇرغۇن تاماشىبىنلار ھاياجان ئىلكىدە يىغلاپ كەتكەن. سەھنىدىكى ئىنقىلابىي كۆرەشچانلىققا ئىگە سۆزلەر ۋە مۇتەللىپنىڭ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىشى خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كەيپىياتىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتقان ھەمدە مۇتەللىپنىڭ نامى جەنۇبىي شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئەكسىيەتچىلەر ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن قورقۇپ، ئۇنى مەخپىي تەقىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ. ئىلى ئىنقىلابى

قوزغالغاندىن كېيىن، مۇتەللىپنىڭ روھى تېخىمۇ جۇشقۇنلىشىدۇ، ئۇ، ئىلى قوزغىلىڭىغا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھېسداشلىق قىلىدۇ ھەمدە ئاقسۇدا مەخپىي ھالدا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ. 1945 - يىلى 4 - ئايلاردا مۇتەللىپ ئۆز سەپداشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» دېگەن يەر ئاستى تەشكىلاتىنى قۇردى. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا تۇرغاچقا نامدا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق باشلىقى بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ غوللۇق ئادىمى ئىدى. ئۇ يەنە گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئەسكەرلىرى ئىچىدە مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، پارتىزانلار ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا مۇزداۋاندا تۇرۇشلۇق بىر ئوتدېلېنىيە مىللىي ئەسكەرنى ھەقىقەتكە ئۆتكۈزىدۇ. 1945 - يىلى 7 - ئايدا خائىننىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشى بىلەن «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى تۇتقۇن قىلىنىدۇ. ل. مۇتەللىپ تۈرمىدە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زوھرا» دراممىلىرىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىپ، شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، شېئىر، ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئىنقىلابنى تەرغىب قىلىدۇ. قۇربان بولۇش ئالدىدا «تاھىر - زوھرا» دراممىسى ئىچىدىكى ناخشىنى ئۈنلۈك ئېيتىپ، جاللاتلارغا: «مېنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن، ئەسەرلىرىمنى تۈگىتەلمەيسەن، مېنىڭ روھىم ئۆلمەيدۇ» دەيدۇ. مۇتەللىپ ھاياتىنى، ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئەشۇنداق ئۇلۇغ شائىر ۋە ئىنقىلابىي جەڭچى ئىدى.

پارتىزانلار ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەۋەرىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىدۇ. ئۇلار ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلايدۇ. پارتىزان ئەترىتى تۇرۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسا، تۇرۇپ چېكىنىپ چىقىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر، جام قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ، قاتتىق بىئارام قىلىدۇ. ئاقسۇنى قورشاش ئۇرۇشى 10-ئاينىڭ 8-كۈنىگىچە داۋام قىلىدۇ.

11-كۈنى پارتىزانلار ئەترىتى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ: ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزمەكچى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇش توختىتىدىغان بولدى، قىسىم ئىلىغا قايتىپ كەلسۇن، دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. پارتىزانلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى بۇنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق يولداشلار پارتىزانلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، كۆپچىلىكتىن بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، پارتىزان ئەترىتى قورغانىغا چېكىنىپ كېلىدۇ. قىسمەن پارتىزاننى مۇزات داۋىنىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ باشقىلار مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ ئىلىغا قايتىپ كېلىدۇ. پارتىزانلار ئاقسۇ رايونىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، گومىنداڭ قوشۇنى ئۇرۇش توختىتىپ ئۆز جايىدا مۇداپىئەدە تۇرۇش توختامىغا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا خىلاپلىق قىلىپ، پارتىزانلار چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن رايونلارنى قايتىدىن بېسىۋالىدۇ ھەمدە مىللىي ئارمىيىگە ياردەم قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلىپ، مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلايدۇ، ھەتتا بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

## تاشقورغاندىكى پارتىزان ئۇرۇشى

تاشقورغان ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بىر تاغلىق ناھىيە بولۇپ، ئورنى تاشقورغان دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي ئېگىز تاغ بىلەن ئورالغان. تاشقورغان جەنۇبتا ئافغانىستان، پاكىستان بىلەن چېگرىداش؛ شىمالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتىشىدۇ؛ ئۇ يەردە تاغارما، قاراسۇ، سۇباش، بۇلۇڭكۆل قاتارلىق بىرمۇنچە چازىلار بار ئىدى؛ شەرقتە قاغىلىق، يەكەن ناھىيىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ ناھىيە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا ئۆتىدىغان بىر مۇھىم ئېغىز ئىدى. تاشقورغان ناھىيىسىدە ئەينى ۋاقىتتا 19 مىڭ نوپۇس بولۇپ، ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى تاجىك ئىدى. يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋە قىرغىزلارمۇ بار ئىدى.

گومىنداڭنىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرى (360 چامىسىدا) ناھىيە بازىرى بىلەن ھەرقايسى چازىلاردا تۇراتتى. ئۇلار تاجىك خەلقىگە تىررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپلا قالماي، نۇرغۇن چارۋىچىلارنى ئېگىز جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. زۇلۇم دەستىدە نۇرغۇن چارۋىچىلار ۋەيران بولغان، چارۋىلار توپ - توپى بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، نۇرغۇن كىشىلەر ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ كەتكەن؛ گومىنداڭ ئارمىيىسى ئارمىيىنىڭ تەمىناتى، چىقىمىنى پۈتۈنلەي خەلقنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ، ئاممىنىڭ چارۋىلىرىنى،

مال-مۈلكىنى بۇلاپ، ئاممىنى مەجبۇرىي تۇتۇپ كېتىپ، ئو-
زۇق-تۈلۈك توشۇشقا، هاشارغا ئىشلەتكەن.

1945-يىل 6-ئايدا تاشقورغاندىكى ئىلغار زاتلار
ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبىسىنىڭ ئىلهام بېرىشى ئارقىسىدا، گو-
مىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار پارتىزان ئەترى-
تى قۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ تاغارما چازىسىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەر-
لىرىگە هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يوقىتىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە بۇ-
لۇڭكۆل ئەتراپىغا كېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغاندا، شۇ
جايدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تەييارلىقى بولغاچقا، پار-
تىزان ئەترىتى ئۇ يەرگە كىرەلمەي چېكىنىدۇ.

1945-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى كېچىدە پارتىزانلار
تاشقورغان ناهىيە بازىرى بىلەن هەرقايسى چازىلارغا بىر-
لا ۋاقىتتا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىدۇ. ناهىيە بازىرىدا ئۇخ-
لاپ ياتقان دۈشمەن مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ،
پاتىپاراق بولۇپ كېتىشىدۇ، بەزىلىرى كىيىمىنى كىيىۋېلىشقىمۇ
ئۈلگۈرەلمەي سىرتقا قاچىدۇ. پارتىزانلار بۇ پۇرسەتتىن پاي-
دىلىنىپ، ناهىيە بازىرىنى تېزلا ئىشغال قىلىدۇ. هەرقايسى
چازىلاردىكى دۈشمەن ئەسكەرلىرى پارتىزان ئەترىتىنىڭ زەر-
بىسىدە ئارقا-ئارقىدىن قاغىلىق، يەكەنلەرگە قاراپ قاچىدۇ.
پارتىزانلار دۈشمەنلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىپ، تۆت كۈن
كەسكىن جەڭ قىلىپ، تاشقورغاننى تولۇق ئازاد قىلىدۇ.

قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پارتىزانلار هەر-
قايسى چېگرا قاراۋۇللىرىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. نۇرغۇن ياشلار
ئۆزلىرى ئات ۋە ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاپ پارتىزان ئەترى-
تىگە قاتنىشىدۇ. كەينىدىنلا، پارتىزانلار ئەترىتى كېڭەيتىلىپ،
تاجىك، ئۇيغۇر، قىرغىزلاردىن تەركىب تاپقان ئىككى پولك
قۇرۇلىدۇ. هەر بىر پولكتا ئىككىدىن روتا بولۇپ، ئىككى پولكنىڭ

ئەسكىرى 400 دىن كۆپرەك ئىدى. ئۇلار بىر ئاي تەلىم-تەربىيە كۆرگەندىن كېيىن، 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىققا ھۇجۇم قىلىدۇ.

9-ئاينىڭ 15-كۈنى، قىرغىز پولكىنىڭ بىر قىسمى تاشقورغاننىڭ شەرقىي-شىمالىغا جايلاشقان ئاۋتارادىكى دۈشمەننى قورشىۋالىدۇ. بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، دۈشمەن قارۇل بىلەن ئېگىز ياغا قېچىپ كېتىدۇ. ئەتىسى، بۇ پولك بۇ ئىككى جايغا تېخى ئورۇنلىشىپ بولالمىغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەن يېڭىسارغا قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ 300 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلىدۇ ۋە ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. 280 دانە مىلتىق، ئون دانە پىلىموت غەنىيمەت ئېلىنىدۇ. ئۇلار ئارقىدىنلا دۈشمەننى يېڭىسارغىچە قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. ئۇلار يېڭىسارنىڭ جەنۇبىدىكى ناھىيە بازىرىغا 12 كىلومېتىر كېلىدىغان سۆگەت دېگەن جايغا كەلگەندە دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 100گە يېقىن ئادىمى قۇربان بولىدۇ ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. 9-ئاينىڭ 24-كۈنى، دۈشمەنلەر قارۇلغا ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ھەر ئىككى قېتىمدا قىسىملىرىمىز تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلىدۇ. 28-كۈنى، بۇ قىسىم يېڭىسارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلگەندىن كېيىن، قارۇلغا چېكىنىپ كېلىپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.

قىرغىز پولكىنىڭ بىر قىسمى 9-ئاينىڭ 15-كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا 30 كىلومېتىر كېلىدىغان ئوپال دېگەن جاينى ئىشغال قىلىدۇ. كەينىدىنلا، ئوپالنىڭ جەنۇبىدىكى كونىشەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) گە 50 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشمىلىق دېگەن جايدىكى دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. 19-كۈنى، دۈشمە-

مەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئاساسىي كۈچى — ئالدىنقى 1-دىۋىزىيەنىڭ 3-پولكى ئوپال بىلەن تاشمىلىقتا ياردەمگە كەلدى. قىرغىز پارتىزانلار ئوپالنىڭ جەنۇبىدىكى ئويتاغ دېگەن جايغا چېكىنىپ كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

شەرقتىن يەكەن، قاغىلىققا ھۇجۇم قىلغان تاجىك پولكى ئارقا-ئارقىدىن قوغلاپ، كاچۇڭ، تۈمشۇقنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، 1946-يىل 1-ئاينىڭ باشلىرىدا قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلدى، جەڭدە دۈشمەننىڭ 70 تىن كۆپ ئەسكىرىنى يوقاتتى. بۇ پولك كېڭىيىپ، ئەسكىرى 2000 دىن ئېشىپ كەتتى (كۆپۈنچىلىرىدە قورال يوق ئىدى). 1-ئاينىڭ 16-كۈنى، بۇ پولكتىن 500 دىن كۆپ ئادەم يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ، يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا دۈشمەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەنلەردىن يەكەنگە ياردەمگە كەلدى ھەمدە تۈمشۇق، كاچۇڭدىكى پارتىزانلارغا ھۇجۇم قىلدى. تاجىك پولكى نائىلاج پوسكام، قاغىلىقتىن يەكەننىڭ غەربىي-جەنۇبىدىكى قوشراپ دېگەن جايغا چېكىنىپ كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى.

1946-يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئىسھاقبېك ئىلىدىن يولغا چىقىپ مەخپىي ھالدا تاشقورغانغا كېلىپ، شۇ جايدىكى پارتىزان ئەترىتىگە ھۇجۇمنى توختىتىپ، ئۆز جايىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشنى، دەپ بۇيرۇق بەردى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقانىدى. 6-ئايدا، بىز تەرەپ 11 ماددىلىق بىتىم بويىچە، تاشقورغان پارتىزان ئەترىتىنى قىسقارتىپ، گومىنداڭ چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ بىر روتىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۇردى. قالغان پارتىزانلار

تارقىتىۋېتىلدۇ. قورالنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ يىغىۋالدۇ. لې-
كىن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن،
بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرماي، بۇ پارتىزان
ئەترىتىگە هۇجۇم قىلدۇ. پارتىزانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈ-
رۈلدۇ، تۇتقۇن قىلىندۇ، نەزەربەندىت ئاستىغا ئېلىندۇ، بەزى-
لىرى نائىلاج چېگرىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا ئۆتۈپ
كېتىندۇ.

تاشقورغان پارتىزانلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى ئۈچ ۋى-
لايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ياردىمى بىلەن جەنۇبىي
شىنجاڭدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇتاشقان ئىن-
قىلاب ئوچقۇنى ئىدى. بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ تارىخى
شەرەپلىك، ئىنقىلابىي تارىختۇر.

ئۈچ يۆنىلىشتىكى جەڭنىڭ غەلىبە قىلىشى نەتىجىسىدە،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي بازىسى تېخىمۇ مۇستەهكەملەندى
ۋە زورايدى، شۇنداقلا، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشىغا
ئاساس يارىتىلدى.

ئۈچ يۆنىلىشتىكى جەڭدە، مىللىي ئارمىيىدىكى بارلىق
كوماندىر-جەڭچىلەر قاتتىق چېنىقتى ۋە سىناقلاردىن ئۆتتى،
هەممە جەڭ داۋامىدا ئۈزلۈكسىز زورىيىپ باردى.

1945 - يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە، مىللىي ئارمىيىدە
تۆۋەندىكى قىسىملار بار ئىدى: ئوتتۇرا يۆنىلىش قوماندانلىق
شتابىغا قارايدىغان سۈيدۈڭ پىيادىلەر 1 - پولكى، ئىلى
پىيادىلەر 2 - پولكى، مۇستەقىل ئاتلىق 2 - بىرىگادا (كەڭساي
ئاتلىق 3 - پولكى، دۆربىلجىن ئاتلىق 4 - پولكى، چۆچەك ئات-
لىق 6 - پولكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ئىلى زاپاس 4-پولكى،
موڭغۇل ئاتلىق پولكى (موڭغۇل دىۋىزىيونىدىن كېڭەيتىپ قۇ-
رۇلغان)، خۇيزۇ ئاتلىق پولكى (خۇيزۇ دىۋىزىيونىدىن كېڭەيتىپ
قۇرۇلغان)، شىبە ئىسكادرونى، مۇستەقىل زەمبىرەكچىلەر باتا-

لىيونى، ئۇنىڭدىن باشقا ئالتاي ئاتلىق 5 - پولكى؛ يۇلتۇز، مۇڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىكى تىكەس ئاتلىق 1 - بىرىگادىسى-غا قارايدىغان تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى، 2 - پولكى، توققۇز-تارا ئاتلىق پولكى؛ ئىلىدا تۇرۇشلۇق ئارقا سەپ قىسىملىرى-دىن مۇھاپىزەتچىلەر باتالىيونى، ئاتلىق دىۋىزىيون، نىلقا ئاتلىق پولكى قاتارلىقلار. شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى 30 مىڭدىن ئاشقانىدى.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، غۇلجا قوزغىلىڭىدىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە مىللىي ئارمىيە شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ماددىي، مەنىۋى ۋە ئادەم جەھەتتىكى ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ياردەم ۋە قوللاش ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بازىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

# ئۈچىنچى باب

## يېڭى كۈرەش

### مىللىي ئارمىيە ۋە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى

1945 - يىلى 8 - ، 9 - ئايلاردا، دۇنيا مىقياسىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈرەش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. مەملىكەت ئىچىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشمۇ ئۈزۈل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتى. رەئىس ماۋزېدۇڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، مەملىكەت بويىچە تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يېڭى ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سۈيىقەستىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتىرىگە قارىماي، ھەققانىيەت يولىدا ئۆزى بىۋاستە چۇڭچىڭغا بېرىپ، گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جياڭ جېيشىنى ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، مۇستەقىل دېموكراتىك، ئەركىن ۋە قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان «10 - ئۆكتەبىر» كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ئارمىيە شىخۇ، ساۋەن ۋە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى ئىشغال قىلغان ئەھۋالدا، گومىنداڭ دائىرىلىرى قوراللىق كۈچ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئوتىنى ئۆچۈرۈش، مىللىي ئارمىيىنى يوقىتىش تامامەن مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول

بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋىلايەت
رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار ۋەزىيەت ۋە
ئۆز بىلەن دۈشمەن ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى جەزمەن جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابى كۈرەش ۋەزىيە-
تىنىڭ تەرەققىياتىغا بويسۇنۇشى لازىم، شىنجاڭنىڭ ئۈزۈل-
كېسىل ئازاد بولۇش مەسىلىسى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلا-
بىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە باغلىق بولىدۇ، دەپ قاراپ،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدە تىنچلىق - دې-
موكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسى تەشەببۇ-
سىغا ئاۋاز قوشۇپ، شىنجاڭدا قوراللىق توقۇنۇشنى توختى-
تىشنى خالايدىغانلىقىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنى تىنچ
يول بىلەن ھەل قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئىككى تەرەپ،
1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قوراللىق توقۇنۇشنى
توختىتىشقا كېلىشتى. شۇ ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ
ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجىيېۋ، ئوبۇل-
خەيرى تۆرە قاتارلىقلار ئايروپىلان بىلەن ئىلىدىن ئۈرۈمچى-
گە كېلىپ، 17 - كۈنى، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ
جاڭ جىجۇڭ باشلىق ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.
باشتا، گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى «تىنچلىق،
بىرلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە» دېگەن نىقابىنى كۆتۈرۈپ
چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىپ قۇر-
غان ئىنقىلابى ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇش، مىللى ئارمىيىنى تارقىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى، شۇنداقلا
جايلارنىڭ مىللى ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشى،
ئاساسى قاتلام ھاكىمىيىتىنى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق
ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا قارشى تۇردى. سۆھبەتتە ئەخمەتجان

قاسىمى قاتارلىقلار گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇسىغا قارىماي قارشى ھالدا «ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، تىنچلىق، بىرلىك» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى ساقلاپ قېلىش»، «گومىنداڭنىڭ سىياسىي ساقچىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش»، «ئومۇمىي خەلقنىڭ دېموكراتىك سايلىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»، «بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار» قاتارلىق مەسىلىلەردە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشتى. ئەمما شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىنچلىققا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بەزى مەسىلىلەردە خېلى كۆپ يول قويدى. 1946-يىل 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، ئىككى تەرەپ قوراللىق توقۇنۇشنى توختىتىش، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى 11 ماددىلىق بىتىم ۋە بىرىنچى قوشۇمچە ھۆججەت توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بىراق، ئىككىنچى قوشۇمچە ھۆججەت — مىللىي ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور ئىختىلاپ يۈز بەرگەچكە، سۆھبەت بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قېلىپ، شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنىگە كەلگەندە ئاندىن بىتىمگە ئىمزا قويۇلدى.

1946-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. جاڭ جىجۇڭ قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، بۇرھان شەھىدى، ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ليۇ مىڭچۈن باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمىدىن باشقا، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا، سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، دەلىلقان

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازارىلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 25 ئەپەر ئەزاسى ئىچىدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن ئادەمنى كۆرسەتتى، ئۈچ ۋىلايەتتىن سەككىز ئادەم قاتناشتى، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋەكىلى ياكى ئاتاقلىق زاتلىرىدىن سەككىز ئادەم قاتناشتى.

11 ماددىلىق بىتىمنىڭ تۈزۈلگەنلىكى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ غەلىبىسى ئىدى. بۇ غەلىبە نەتىجىسىدە، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قانۇنىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشقا، سىياسىي جەھەتتە خەلققە ئانچە-مۇنچە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇبھىسىزكى، بۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىسمەن مىللىي، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئېلىپ كەلدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىغانلىقتىن، بىتىم تۈزۈلگەندىن تارتىپ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيە 11 ماددىلىق بىتىمدە تۈزۈلگەن بارلىق بەلگىلىمىلەرگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلدى.

ئالدى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىلى، تارغاباتاي، ئالتايدا ۋالىي مەھكىمە قۇردى. دېموكراتىك سىياسىينى يولغا قويۇپ، ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى خەلق سايلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلققە سىياسىيغا ئارىلىششقا تولۇق ھوقۇق بەردى.

11 ماددىلىق بىتىمدە: مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى «دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۈچ ئاتلىق پولك ۋە ئۈچ

پىيادە پولك قىلىپ قۇرۇلىدۇ، ئادەم سانى 11-12 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ»، «تۇرىدىغان ئورنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەن چەكلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. مىللىي ئارمىيە 1946-يىل كۈزدە بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تىركىشىپ تۇرغان قىسىملارنىڭ ھەممىسىنى چېكىندۇرۇپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرىغا قايتۇرۇپ كەلدى ھەمدە گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە رەتكە سالدى ۋە زور كۆلەمدىكى ئوفىتسېر-جەڭچىلەرنى ھەربىي سەپتىن بوشىتىپ، مىللىي ئارمىيىنى ئەسلىدىكى 13 پولك، 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمدىن ئالتە پولك، 12 مىڭ ئادەمگە قىسقارتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ ئاتلىق پولك، ئۈچ پىيادىلەر پولكى بولۇپ، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى، ئىلى پىيادىلەر 2-پولكى، توپچىلار باتالىيونى، ھەربىي مەكتەپ غۇلجىدا تۇرىدىغان، تېكەستىكى ئاتلىق 1-پولك سۈيدۈڭدە تۇرىدىغان، شىخودىكى پىيادىلەر 1-پولكى شىخودا تۇرىدىغان، چۆچەك پىيادىلەر 3-پولكى چۆچەكتە تۇرىدىغان، ئاتلىق 2-پولك قوبۇقساردا، ئاتلىق 3-پولك ئالتايدا تۇرىدىغان بولدى.

بىتىمدە تۈزۈلگەن «ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىنغانلار، تۇتۇلغانلار مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە تەڭ قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ھەرقانداق باھانە بىلەن كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مىللىي ئارمىيىمىز ئۆز ۋەدىسىنى ساداقەتلىك بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن 3000 دىن كۆپ ئوفىتسېر-ئەسكىرىنى ۋە بىر قىسىم مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى (بۇلارنىڭ

ئىچىدە ئۈچ نەپەر گېنېرال، بىر نەپەر ۋالىيمۇ بار ئىدى)نى
يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، گومىنداڭ تەرەپكە تولۇق ئۆت-
كۈزۈپ بەردى. ئەمما مىللىي ئارمىيىدىن گومىنداڭنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالغانلار ئاللىقاچان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقتىن
بىرىمۇ ھايات قايتىپ كېلەلمىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى سۆھبەتتە سىياسىي مەھبۇسلار-
نى جۈملىدىن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان
جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قويۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغا-
نىدى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى جۇئېنلەينىڭ يۈزتۇرانە تاپ-
شۇرۇقى بولغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ چىڭ تۇرۇپ
تەلەپ قىلغانلىقى سەۋەبلىك، 1946-يىل 6-ئايدا ئۈرۈمچىدە
ياتقان 231 نەپەر كوممۇنىست ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن-بالا
ۋاقىلىرىنى قويۇپ بەردى ھەممىدە ئادەم چىقىرىپ يەنئەنگە
ئاپىرىپ قويدى.

## ئوسمان بىلەن بولغان دەسلەپكى جەڭ

تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالانغانلىقى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت-
نىڭ قۇرۇلغانلىقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ئاياغلاش-
قانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى، ئەكسىچە يېڭى ۋەزىيەتتە كۈرەشنىڭ
شەكلىدىلا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. تىنچلىق سۆھ-
بىتىدىن بۇرۇن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش شەكلى ئاساسەن قوراللىق كۈرەش ئىدى،
تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، كۈرەشنىڭ شەكلى
ئاساسەن سىياسىي كۈرەشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ كۈرەشنىڭ ما-
ھىيىتى شۇ ئىدىكى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىم تۈزۈلگەن
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش، ئۈچ ۋىلايەتنى

پارچىلاش، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، خەلقنىڭ كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن دېموكراتىيە، ئەركىنلىك هوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بولسا بىتىمنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى قوغداش ۋە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغان كۈندىن ئېتىبارەنلا، گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ بىتىمنى ئىجرا قىلىش نىيىتى يوقلۇقى ئاشكارىلانغانىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ هوقۇقدارلىرى ئارىسىدىمۇ بىرمۇنچە كىشىلەر بىتىمنىڭ ئىمزالانغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتكە «بەك يول قويۇلۇپ كەتتى»، «ئۆكچىلىق قىلىندى» دېيىشتى. ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، گومىنداڭ «يارىشىش»نى تېخىمۇ سۈيىئىستېمال قىلىپ جەڭگە تەييارلىنىپ، تەييارلىقنى قەدەممۇ قەدەم پۇختىلىدى. تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغان چاغدىلا شىنجاڭغا ئىچكىرىدىن يوشۇرۇنچە ئەسكەر يۆتكىمەكچى بولدى. ئۇلار چىڭخەيدىكى مابۇفاڭنىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسىنى دەل 1945 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭغا يۆتكەپ كەلدى، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، قۇتۇبىلارغا ئون ئاتلىق پولك، ئون پىيادىلەر پولكىنى توپلىدى. قۇمۇل، تۇرپاندا بىردىن بىرىگادا ئورۇنلاشتۇردى. قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شتابى قۇرۇلغان بولۇپ، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 42 - دىۋىزىيە ۋە ئاتلىق 9 - بىرىگادىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. يەكەن، ئاقسۇ، قاراشەھەرلەرگە بىردىن بىرىگادا ئورۇنلاشتۇردى.

1946 - يىلى 7 ئايدا، يەنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت قۇرۇلغان ئايدا، جياڭ جيېشى «10 - ئۆكتەبىر كېلىشىمى»نى ئاشكارا يىرتىپ تاشلاپ، 8 - ئارمىيىگە، ئازاد

رايونلارغا ئۇمۇمیۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، يەنە بىر قېتىم كەڭ
كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە،
گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، 11
ماددىلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا بىر
قاتار بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ
باردى. باش باندىت ئوسماننى سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم
قىلدۇرۇش ئۇلارنىڭ مۇھىم سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ
بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوسمان ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىدىن
بولۇپ، فېئودال قەبىلە باشلىقى سۈپىتىدىكى
شەخس، ئۇچىغا چىققان قارانىيەت ئىدى. ئۇ
ئالتاي رايونىدىكى نامرات چارۋىچىلارنىڭ سىتىـ
خىيلىك ھالدا باندىت شېڭ شىسەيگە قارشى
قوزغالغانلىقى پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەيگە
قارشى تۇرغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ كۈچىنى
كېڭەيتىپ، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، شېرىك توپلاپ، ئالتاينىڭ يەرلىك
خاقانى بولۇشقا ئۇرۇنغان. 1944 - يىلى ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبە
قىلغاندا ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتى تېخى تولۇق ئاشكارىلانمىغاـ
نىدى، شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈش مەقـ
سىتىدە، ئۇنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقى، قوشۇمچە
ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا كۆرسەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ كۆرەڭلەپ
ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى كۆزىگە ئىلماي خىزمىتىگە بارماي، چىڭگىل
تاغلىرىنى ئۇزاق مۇددەت قوراللىق ئىگىلەپ، تاغ پادىشاھى بولۇۋالـ
دى. گومىنداڭ شىنجاڭ ھەربىي دائىرىلىرى ئوسمان باندىتىنى قولغا
كەلتۈرۈپ، پايدىلىنىشقا بولىدۇ دەپ قاراپ، ھەر خىل ۋاستىلەرنى
قوللىنىپ ئوسماننى جېنىنىڭ بارىچە ئۆزىگە تارتىپ، سېتىۋېلىپ،
قوراللاندۇرۇپ، ئۇنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى

قىسمىدا كۆرەش قوزغاپ، مىللەتلەرنى ئۆزئارا ئۆچمەنلىشىپ قىرغىنچىلىق قىلىشقا قۇترىتىپ قويۇپ، ئۆزى چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆردى.

1946 - يىلى 2 - ئايدا، ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدىلا گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان ئۆز يېقىنلىرى ئارقىلىق ئوسمانغا سوۋغات تەقدىم قىلغان ۋە خەت ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇ خېتىدە «سەن ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى تۇرۇشقا بەل باغلىساڭ، تېزدىن ۋەكىل ئەۋەتكىن، مەن سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولىمەن» دېگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئوسماننى سېتىۋالماقچى بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوسمان تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوسمان فۇكاڭنىڭ چولۇڭگەي دېگەن يېرىدە كەنت باشلىقى داشى ئارقىلىق جانىمقان بىلەن دائىملىق ئالاقە ئورناتتى. كېيىن، ئوسمان داشىنى چىڭگىلگە چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ئۆز يېقىنلىرىنى قوشۇپ ئۈرۈمچىگە ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتتى. 3 - ئايدىن باشلاپ، ئوسمان ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى توپىلاڭ قوزغاشنى پىلانلاشقا كىرىشتى. ئۇ تەرەپ - تەرەپتىن باندىتلارنى توپلاپ، ئامما ئارىسىدا: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى قىزىل پاچاقلار، كوممۇنىستلار»، «ئۇلار دىنىنى يوقىتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش پىتنە ئىغۋالارنى تارقىتىپ، شۇ جايدىكى چارۋىچى خەلقنى قورقۇتۇپ، ئالداپ، ئۇلارنى باندىتلار توپىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

شۇ يىلى 8 - ئايدا، ئوسمان گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ يېقىنى قاناتبايىنى ئۆز ۋەكىلى سۈپىتىدە خەت بىلەن ئۈرۈمچىگە جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. ئوسماننىڭ خېتىدە: تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئالتاي تاغلىق رايونىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلالمىغانلىقى

ئۈچۈن، ئۆزىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە قاناتىباينى ئەۋەتتىم...
ئۈرۈمچىدە ئەلى جۇنۋاڭ، جانىمقان قاتارلىق كىشىلەر بار، شۇ-
لارنى ئالتايغا ئەۋەتسىڭىز، بىزگە تىنچلىق بىتىمىنىڭ مەزمۇنى تولۇق
شەرھلەپ بېرىلسە... ئالتايدا ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنلىپ قال-
دۇق، قۇتقۇزۇش بېرىلسە...ئالتاي رايونىدا چېگرا مۇداپىئەسى مۇ-
ھىم، شۇڭا بۇ جاينى قوغداش ئۈچۈن دۆلەت ئارمىيىسى ئەۋەتىلسە
ۋەھاكازا دېيىلگەن. مانا بۇلار ئوسماننىڭ ئۆزىنى غەرەزلىك
ھالدا گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقانلىقىنى تولۇق ئىسپات-
لاپ بېرىدۇ. لېكىن جاڭ جىجۇڭ تىنچلىق بىتىمى يېڭىدىنلا
ئىمزالانغانلىقى، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەمدىلا قۇرۇلغانلىقى، ئال-
تاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى نەزەردە
تۇتۇپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى-
لەرنى تەكلىپ قىلىپ، قاناتىباينى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قوبۇل
قىلىدۇ ۋە ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ماددىي سوۋغات
تەقدىم قىلىدۇ. قاناتىباي ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە
جاڭ جىجۇڭ گەرچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ
لېكىن گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون شتابىنىڭ قوماندانى سۇڭ
شىلىيەن ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاناتىبايغا يوشۇرۇنچە
بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيا ۋە قورال - ياراغ بېرىپ يولغا سالىدۇ
ھەمدە بىر ئاخباراتچىنى بىر دانە راتسىيە بىلەن قوشۇپ،
قاناتىباي بىلەن ئوسماننىڭ ئۆۋىسى بولغان چىڭگىلگە ئەۋەتىدۇ.
ئوسمان قاناتىباينىڭ ئۈرۈمچىدىن ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمە-
گەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدىن
ئەنسىرەپ، شتاب باشلىقى يۈسۈپباينى ۋەكىل قىلىپ، قولىغا خەت تۇت-
قۇزۇپ يولغا سالىدۇ. يۈسۈپباي 9-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۈرۈمچىگە كې-
لىپ، ئوسمان ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتكەن ۋەكىل سۈپىتىدە جاڭ جى-
جۇڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. خەتتە گومىنداڭ دائىرىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر

جىددىي تەلەپ قىلىنغان:

(1) ئالتايغا مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ بېرىلسە؛ (2) 2000 دانە قورال ۋە بىر تۈركۈم ئوق - دورا ياردەم بېرىلسە؛ (3) ئالاقىلىشىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ئالتايدا تۇرۇشقا راتسىيە ۋە رادىست ئەۋەتىپ بېرىلسە؛ (4) بىر نەپەر خەنزۇ ئەمەلدار ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئالتايدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلسە. يۇسۇپباي ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن ئالتاي رايونىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، گومىنداڭ گارنىزون شتابىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدۇ. گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ مەسئۇلى يۇسۇپباينى قوبۇل قىلىپ، ئوسماننى قوللاشقا ۋەدە بېرىدۇ، ئالاقىلىشىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئوسماندىكى راتسىيىنى راۋاملىق قالدۇرىدىغان بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئوسمان راتسىيە ئارقىلىق گومىنداڭ دائىرىلىرىگە تەلەپ قويىدۇ. ئۇ تەلەپلەرنىڭ ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالتاي رايونىغا بەرگەن راسخوتى بىۋاسىتە ئەۋەتىپ بېرىلسە؛

(2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاشلىق، رەخت، چاي، دورا-دەرمەك قاتارلىق ئەشيالارنى ئاجرىتىپ بەرسە؛

(3) دەلىلقان ئالتايدىن تېزرەك يۆتكەپ كېتىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قويۇلسا؛

(4) پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئالتاي رايونىدىكى قىسىملارغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بېرىلسە؛

(5) ئالاقىلىشىشقا ئوڭايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئالتايغىچە بولغان ھاۋا يولى ئېچىلسا؛

(6) ئىككى پولك ئەسكەرنى تەشكىللەپ قۇرۇشقا ياردەم بېرىلسە، بۇنىڭغا كېتىدىغان ئات، قورال-ياراغ، تەمىنات قاتارلىقلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىۋاستە تولۇقلاپ بېرىلسە.

ئوسمان 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لاتىپنى ئۈچىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، قىش پەسلىدە ئالتايغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ تولۇق تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ تېزلىكتە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، لاتىپ ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە يەنە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈپ، يولسىزلىق قىلىپ ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق تۇغدۇردى.

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئوسماننىڭ ئۈرۈمچىگە كۆپ قېتىم ۋەكىل ئەۋەتكەنلىكىگە قارىتا: ئوسمان فېئودال قەبىلە باشلىقى سىياقىدىكى بىر شەخس، بىر قاراقچى. لېكىن، ئۇ ئۈچ ۋىلايەتنى پارچىلاش، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۈچ؛ شۇڭا يوشۇرۇن رەۋىشتە بەلگىلىك دائىرىدە قوللاش كېرەك؛ «ئۆزىنىڭ يېغى بىلەن ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش» چارىسىنى قوللىنىپ، تولۇق پايدىلىنىش كېرەك، دەپ يەكۈن چىقاردى. شۇڭا، سۇڭ شىلىيەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئوسمانغا 300 تال مىلتىق، ئون دانىدەك پىلىموت، 100 مىڭ پاي ئوق بەردى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېڭى پۇلدىن 56 مىليون سوم ئاجرىتىپ، گۈرۈچ، بۇغداي، رەخت قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە 80 مىڭ جىڭ ئاشلىق ۋە ھەربىي كىيىم-كېچەككە ئىشلىتىدىغان 150 توپ رەختنى قوشۇپ، 1946-يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 1-دىۋىزىيە ئارقىلىق ئوسمان باندىتلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئالتايغا ئەسكەر

ئەۋەتىش، ئوسمانغا ياردەملىشىپ يېڭى قىسىم تۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەرنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئامال بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقتىنچە قويۇپ تۇردى.

ئوسمان ئۆزىچە گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىدەك يۆلەنچۈكۈم بار دەپ بىلىپ، ئۇنى دەسمايە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە، ئالدى بىلەن ئالتايغا قارىتا قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى بولدى.

1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئوسمان باندىت 600 دەك ئادەمنى باشلاپ بۇرۇلتوقايدىن يولغا چىقىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئالتاي ئاتلىق 3 - پولكىنىڭ ئىككى ئىسكادرونىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنداقلا باندىتلار يەنە كۆكتوقاي، چىڭگىل، بۇرۇلتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەردە بۇلاڭچىلىق قىلدى ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئوسماننىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى ئالتايدىكى ئاتلىق 3 - پولكىمىزنىڭ ۋە كۆكتوقايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 2 - پولكىمىزنىڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. باندىتلارنىڭ ۋەتـۋەردىكى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كاتتىباشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 127 ئادىمى قولغا چۈشىدۇ. ئاممىنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن 30 مىڭ تۇياققا يېقىن چارۋا - مېلى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. ئوسمان باندىتلىرىغا قارشى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا جەڭچىلىرىمىز داۋاملىق باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. مەسىلەن، باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئالاقىچى جەڭچىمىز مۇقان ئۇلارنىڭ قىيىن - قىستاقلىرىغا پىسەنت قىلماي، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون شتابى يەنە ئوسمانغا 200 تال مىلتىق، 40 مىڭ پاي ئوق ۋە

يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ئەۋەتىپ بېرىپ، ئوسماننىڭ كۆكتوقاي رايونىدا بۇلاڭچىلىق قىلىشىغا مەدەت بەردى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئالتايدىكى ئاتلىق 3 - پولكقا يەنە بىر قېتىم قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. بۇ قىسىم 3 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە باندىتلارغا قارشى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كەسكىن جەڭ قىلىپ، باندىتلاردىن 800 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئەسىرگە ئالدى، 10 مىڭدىن كۆپ ئاممىنى قۇتقۇزدۇرۇۋالدى. باندىتلار بۇلاپ كەتكەن 40 مىڭ تۇياقتىن كۆپ قوي، 9000 تۇياقتىن كۆپ باشقا چارۋىنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ قېتىمقى كۈرەشتە 3 - پولكنىڭ سىياسىي كومىسسارى مايور يۈسۈپجان قاتارلىق 18 نەپەر كوماندىر - جەڭچىمىز بەختكە قارشى ئوسمان باندىتلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

كېيىن، ئوسمان باندىتلىرى چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ بۇرۇنغا دېگەن جايىغا ھۇجۇم قىلغاندا دەللىقان رەھبەرلىكىدىكى 3 - پولكنىڭ قاتتىق زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوسماننىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئەھۋالنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوسمانغا ئالدىراپ - تېنەپ تېلېگرامما بېرىپ، دەرھال بەيتىككە چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئوسمان بۇيرۇققا بىنائەن بەيتىككە چېكىنىدۇ ھەمدە پۇرسەت كۈتۈپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئۇرۇمچىگە يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ، جانىمقان بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، گومىنداڭدىن يەنە بىر قېتىم قورال - ياراغ، ئوق - دورا بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پارچىلىنىشى

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى بىر تەرەپتىن ئوسماننى سېتىۋېلىپ، ھەربىي جەھەتتە ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلدۇرسا،

يەنە بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە بىتەمنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىدۇ. بىتىم بويىچە بولغاندا، ئۈچ ئاي ئىچىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈپ، دېموكراتىك تۈزۈم يولىغا قويۇلۇشى كېرەك ئىدى. بىراق گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەبىت بيۇروكرات ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە بىتىمنى ئىجرا قىلىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلغانلىكى ئادەم «قىزىل پاچاق»، «ئىلىنى ھىمايە قىلغۇچى» دېگەن بەتنامىلار بىلەن قامىلىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى سايلام ئەمەلىيەتتە شۇ ئورۇندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. گومىنداڭ قىسىملىرى يەنە سايلامغا قاتناشقان ئاممىغا ئوچۇق - ئاشكارا ئوق چىقىرىدۇ. كۇچادىكى ھۇرۇنباغدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا گومىنداڭ قوشۇنلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئامما يىغىلغان يىغىن مەيدانىدىكى ئاممىغا ئوق چىقىرىپ، ئىككى ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، سەككىز ئادەمنى ياردار قىلىدۇ، 17 ئادەمنى تۇتقۇن قىلىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىدىكى سايلام ئەھلىمۇ ئوققا تۇتۇلۇپ، تۆت ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ، يەتتە ئادەم ياردار قىلىنىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى مىللىتىق ئارقىلىق ئاممىنى ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئەكسىيەتچىلەرنى سايلاشقا مەجبۇر قىلغانلىقتىن، پۈتۈن يەتتە ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ئىلگىرىكىدەك يەنىلا گومىنداڭنىڭ فېئودال - مىلىتارىستلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ رايونلارنى ئاق تېررورلۇق قاپلاپ كېتىدۇ. گومىنداڭ دائىرىلىرى يەنە سايلامغا نارازىلىق قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە ئادەم

ئەۋەتىپ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇ ھەرىكەتلەر ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ.

1947-يىلى 2-ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بىرقانچە كۈن ئۇدا ئومۇمىي ھەيئەت يىغىنى ئاچىدۇ. يىغىندا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمنى خالىغانچە بۇزغان قىلمىشلىرىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ.

2-ئاينىڭ 22-كۈنى، ئۈرۈمچىدە ھەر مىللەت ئاممىسى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق بىتىمىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىرقانچە تۈرلۈك تەلەپ قويىدۇ ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن 72 سائەت ئىچىدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بولىدۇ ۋە ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە بېسىم ئىشلىتىدۇ، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سالىدۇ. ئۇلارنىڭ مەخپىي قۇترىتىشى بىلەن جانىمقان، خادىۋاڭلار بىر بۆلۈم ئاممىنى يىغىپ، 24-كۈنى 22-كۈنىدىكىگە قارشى بىر نامايىش ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ نامايىش قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ نامايىشى كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ. ئۇلار ئاخىر پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «25-فېۋرال» قانلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلىدۇ. 2-ئاينىڭ 25-كۈنى گومىنداڭ گارنىزون شتابى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان بىر قىسىم ئاممىنى قۇترىتىپ، زور

تۈركۈمدىكى ئىشپىيون ۋە ھەربىي خادىملارنى ئىشقا سېلىپ ھەمدە نۇرغۇن لۈكچەكلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى پۇقراچە كىيىندۇرۇپ، ئۇلارغا يان قورال بېرىپ، قولىغا كالتەك ئالدۇرۇپ نامايىش قىلدۇردى. بۇ ئاتالمىش نامايىشچىلار كوچىغا چىقىپ ۋارقىراپ - جارقىراپ، چۇقان سېلىپ ھۆكۈمەت قورۇسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە مەجلىسكە قاتنىشىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە قىستايدۇ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ ھەمدە بۇرھان ئەپەندىمنىڭ شوپۇرى مۇنۇپئاخۇن ۋە ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۇپ قانلىق ۋەقە پەيدا قىلىدۇ. شۇ كۈنى، گومىنداڭ گارنىزون شتابى «ئامانلىقنى ساقلاش» نامى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ ھەمدە «قورال تىنتىش» نى باھانە قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايوندا ھەممە نەرسىنى ئاختۇرۇپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدۇ، شۇنداقلا بىرنەچچە نەپەر ئادەمنى تۇتۇپ كېتىدۇ. ھەتتا 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «تىنتىش» نامى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلارنىڭ تۇرار جايى — نەنخۇايىۋەنگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا (ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت كىنوخانىسى) كىنو كۆرۈۋاتقان ئادەمنى ئوققا تۇتىدۇ ھەمدە كىنوخانىغا ئوت قويۇۋېتىدۇ.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا قارىماي، بىتىمنى قوپاللىق بىلەن ئاشكارا يىرتىپ تاشلاپ، پانتۈركىست مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەيسابەگنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا، قوشۇمچە باش كاتىپلىققا تەيىنلەيدۇ. ئەتىسى،

ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەسئۇتقا قارشى ئەشۋىق ۋەرەقىلىرى قاپلاپ كېتىدۇ. بۇ ئىش كېيىن پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىلىدۇ. غۇلجا شەھىرىدىكى خەلق زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزىدۇ ھەممە جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلارغا قاتتىق تەلەپنامە سۇنۇپ، مەسئۇت، ئەيسابەگلەرنىڭ تەختكە چىقىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئەمما 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى زورمۇ زور خىزمەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. مەسئۇتنىڭ تەختكە چىقىشىغا ئەگىشىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۆلۈنۈشكە يۈزلىنىدۇ. ئەكسىيەتچىلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، تەرەققىيپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى ۋە بىگۇناھ ئاممىنى كۆپلەپ تۇتقۇن قىلىدۇ. نەتىجىدە ئومۇمىي خەلق نارازىلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە 7 - ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلايدۇ.

11 ماددىلىق بىتىمنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرىنى سايلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى يىغىنى چاقىرىلاتتى. 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن سايلانغان ھەيئەتلەر ئۈرۈمچىگە يىغىلىدۇ. لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى قىسمەن ھەيئەتلەرنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئۈچ ۋىلايەت ۋە بەزى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولسا، مەسئۇتنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قارشى تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن ھەيئەت رىياسەتى ھەيئەتلەرنىڭ بۇ تەكلىپ لايىھىلىرىنى رەت قىلىدۇ ھەمدە ھەيئەتلەر ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە قارىمۇ قارشىلىق پەيدا قىلىپ، بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل

كۆز قاراشنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئاخىر 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يىغىننىڭ توختىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى بەربات بولىدۇ. نەتىجىدە، خەلقنىڭ قانۇنلۇق دېموكراتىك ھوقۇقى يەنە بىر قېتىم تارتىۋېلىنىدۇ.

مەسئۇتنىڭ تەختتىكە چىققانلىقى ۋە گومىنداڭنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئوچۇق - ئاشكارا يىرتىۋەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە خىزمەت ئىشلەشكە ئامالسىز قېلىپ، 1947 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غۇلجىغا قايتىدۇ. ئاران بىر يىل داۋاملاشقان بىرلەشمە ھۆكۈمەت شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسمى بار، جىسمى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى

تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرى شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، ئۈرۈمچى رايونىغا قارايتتى. بۇ ئۈچ ناھىيە ئۈرۈمچىگە يېقىن بولغانلىقتىن، ئۈرۈمچىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ ئۈچ ناھىيىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەسئۇتنىڭ تەختتىكە چىقىشى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىللە تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى خەلقنىڭمۇ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى[13] ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى پائال قوللايدىغان تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي بولۇپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىشى

بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنىدى. پىچان، توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىمۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن بەزى خادىملار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەنىدى. گومىنداڭ بۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدىن ئىنتايىن قورقاتتى ۋە ئۇلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب يالقۇنىنى بۇ جايلارغا تۇتاشتۇرۇشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىدىغان ئىشپىيونلار دائىم ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ يولداشلار مانا مۇشۇنداق ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە مۇشكۈل مۇھىتتا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلققە قارشى جىنايى ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىپ، بىتىمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ تۇراتتى. مەسئۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن، بۇ يولداشلار ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەسئۇتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ كېتىش توغرىسىدا قاتتىق تەلەپلەرنى قويغان. ئاممىنىڭ بۇ ھەققانىي تەلەپلىرى قاندۇرۇلمىغاندىن كېيىن، ئۈچ ناھىيىدە كىچىك كۆلەملىك، يوشۇرۇن پارتىزانلار پائالىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ قاتناش تۈگۈنىدە گومىنداڭغا قارشى قوراللىق پارتىزانلار ھەرىكىتىنىڭ پەيدا بولۇشى گومىنداڭ دائىرىلىرىنى تېخىمۇ زور ئەندىشىگە سالىدۇ ۋە چۆچۈتۈۋېتىدۇ.

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىكى ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ كېتىدۇ، مەسئۇتنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن بىللە ئەكسىيەتچىلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ. ئۇلار ئىشپىيونلۇق، ماراقچىلىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە خالىغانچە ئادەم تۇتىدۇ. ئىلغار

كىشىلەر ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھېيسداشلىق قىلغانلارغا ۋەھشىيانە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ھەتتا ئابدۇراخمان مۇھىتىغا زەھەرلىك قولىنى سالماقچى بولىدۇ. 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، گومىنداڭ تۇرپان گارنىزون شتابى ئابدۇراخمانغا قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىپ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قەستلەيدۇ. ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان بىرەيلەن ئابدۇراخمان ھاكىمغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلاجىسىز يېرىم كېچىدە شەھەردىن قېچىپ چىقىپ تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى پارتىزانلار قوشۇنىغا قاتنىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، پىچان ناھىيىسىدىكى قوراللىق ئامما ئالدى بىلەن گومىنداڭنىڭ لەمجىندىكى ساقچى پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، مەزكۇر پونكىتتىكى ساقچىلارنى يوقىتىپ، نەچچە ئون تال مىلتىق غەنىيمەت ئالىدۇ ۋە 200 كىشىلىك پارتىزان ئەترىتى قۇرىدۇ. ئۇلار غەلىبىسىنى ئىلگىرىلەپ لۈكچۈن ساقچى پونكىتىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلار گومىنداڭ ھەربىي - ساقچىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. پارتىزانلار پىچاننىڭ شىمالىدىكى كۆكيار تاغلىق رايونىغا چېكىنىدۇ. پارتىزانلار كېيىن يەنە ياڭخې ساقچى پونكىتىغا ھۇجۇم قوزغاپ، بىر تۈركۈم قورال - ياراغ ۋە نۇرغۇن ئاشلىقنى ئولجا ئالىدۇ.
7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، توقسۇن پارتىزانلىرى ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يولدىكى كۆمۈشكە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئىككى روتا ئەسكىرى بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز كەسكىن ئېلىشىدۇ. دۈشمەن قاراشەھەردىن بىر پولك ئەسكەرنى ياردەمگە يۆتكەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن پارتىزانلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، پىچان، تۇرپان
پارتىزانلىرى تۇرپاننىڭ سىڭگىم ئېغىزىدىكى دۈشمەنگە ئومۇم ـ
يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغايدۇ. پارتىزانلار ئاۋۋال مەزكۇر جاينىڭ
شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى ئىككى ئېگىزلىكنى ئىشغال قىلىدۇ.
لېكىن دۈشمەننىڭ ئىستىھكامى پۇختا ئىدى. پارتىزانلاردا ئېغىر
قوراللار كەمچىل، قوراللىرىنىڭ كۆپىنچىسى قولدا ياسالغاندى.
شۈڭلاشقا كەسكىن جەڭ بىرقانچە سائەت داۋاملاشقان بولسىمۇ،
پارتىزانلار ئۇ يەرنى ئالالمايدۇ. گۇگۇم چۈشكەندە پارتىزانلار
دۈشمەننىڭ تۇرپان بىلەن پىچان ئارىلىقىدىكى تېلېفون سىمىنى
ئۈزۈپ تاشلايدۇ، سىڭگىم ئېغىزى يېنىدىكى كۆۋرۈكنى كۆيدۈ ـ
رۈپ، تاشيوللارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. كېچىدە پارتىزانلار خەن ـ
دەكتىن شوتا قويۇپ ئۆتۈپ، دۈشمەن پوتەيىگە يېقىنلىشى ـ
دۇ. بۇ قېتىم 11 ئادەم قۇربان بولىدۇ، پارتىزانلار قۇربان
بېرىشكە قارىماي، دۈشمەنگە ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ.
دۈشمەن تەڭ كېلەلمەي، راتسىيە ئارقىلىق گومىنداڭ ئۈرۈم ـ
چى گارنىزون باش شتابىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. 14 ـ كۈنى
ئەتىگەندە، گومىنداڭ ئاتلىق 5 ـ كورپۇسىنىڭ بىر ئاتلىق پول ـ
كى توقسۇندىن سىڭگىم ئېغىزىغا قاراپ ياردەمگە كېلىدۇ.
قۇمۇل تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەننىڭ بىر باتالىيون ئەسكىرىمۇ
سىڭگىم ئېغىزىغا يېقىنلىشىدۇ. پارتىزانلار قىيىن ئەھۋالدىن
قۇتۇلۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ياڭخېي، لۈكچۈن، سۇبېشى، لەمجىن ـ
گە قاراپ بىر ـ بىرلەپ چېكىنىدۇ، يولدا كۆپ قېتىم گومىن ـ
داڭ قوشۇنلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ، پارتىزانلار ئېغىر
چىقىم تارتىدۇ، قالغان 400 ئادەم كۆكيار تېغىغا كىرىپ كې ـ
تىدۇ. 16 ـ كۈنى بۇ پارتىزانلار يەتتەقۇدۇقنى ساقلاۋاتقان
گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ،
گومىنداڭ زور تۈركۈمدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئەۋەتىپ كۆكيار

تېغىدا تازىلاپ يوقىتىش ئېلىپ باردى. پارتىزانلار ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىدۇ، ئۇلار بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقاچقا، نائىلاج تاغدىن چېكىنىپ، پىچاننى بويلاپ غەربكە چېكىنىدۇ. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۆجەي دېگەن يېرىگە كەلگەندە توقسۇن پارتىزانلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار يۈرۈش قىلىپ ئېغۇرغۇلغا كەلگەندە پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۇرتۋازلىق ۋە مەزھەپچىلىك پەيدا بولىدۇ. توقسۇن پارتىزانلىرىنىڭ باشلىقى — پەتتار ھاجى نىيىتىنى بۇزۇپ دۈشمەنگە تەسلىم بولىدۇ. تۇرپان پارتىزانلىرى بۇ رايوندا ھەرىكەت قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئۈزلۈكسىز غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ئىلىغا بارماقچى بولىدۇ. ئابدۇراخمان مۇھىتى باشچىلىقىدىكى 200 دىن ئارتۇق تۇرپان پارتىزانلىرى دۈشمەننىڭ يول بويى قوغلىشى ۋە توسۇشىغا بوي بەرمەي، تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 1946-يىل 8-ئاينىڭ 7-كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس ناھىيىسىگە قارايدىغان ئارالتۆپە دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، شۇ جايدىكى مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلىدۇ. پارتىزانلار تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر ئۆز يۇرتىدا قېلىپ قالغان پارتىزانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى ھەدەپ تۇتقۇن قىلىدۇ، ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرىدۇ.

تۇرپان، پىچان، توقسۇن قوزغىلىڭى يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خەلق ئۈزلۈكسىز قوزغىغان ھەرىكەت ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ ئۈچ ناھىيە پارتىزانلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ ھەمدە كۆپ قېتىم ئاشكارا ماقالە، نۇتۇق ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۈچ ناھىيە خەلقىنى قاتتىق باستۇرغانلىق جىنايىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ.

## ئوسمان بانديتىنىڭ قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىقىنىڭ يەنە بىر قېتىم تارمار قىلىنىشى

ئوسمان بانديتىنىڭ ئالتايغا قىلغان بىرىنچى قېتىملىق هۇجۇمى مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا نىيىتىدىن يانماي قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئۇرۇندى. بىرلەشمە هۆكۈمەت پارچىلانغاندىن كېيىن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوسماننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشىنى تېخىمۇ ئاشكارا قوللىدى.

1947 - يىل 6 - ئايدا، گومىنداڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمىتى مۇئاۋىن باش كاتىپ زاكچىن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ ئوسمان بانديتقا قورال - ياراغ ئاپىرىپ بېرىدۇ. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆلكىلىك گارنىزون شتابى لاتىپ قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوسمان بانديتقا ئىككى دانە مىنامىيوت، ئالتە دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت ۋە بىر تۈركۈم ئوق - دورا، گراناتلارنى بېرىدۇ. ئوسمان گومىنداڭنىڭ قوراللاندۇرۇشى ۋە مەشق قىلدۇرۇشى بىلەن 1600 دەك ئادەمنى توپلايدۇ ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ، ئالتاي رايونىدىكى چارۋىچىلارغا قارىتا ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ: «ئامېرىكا بىزنىڭ دوستىمىز، ئۇلارنىڭ ئاتوم بومبىسى بار، يېقىن ئارىدا ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدۇ. سىلەر گومىنداڭغا يېقىنلاشمىساڭلار ھەممىڭلار قىرىپ تاشلىنىسىلەر» دەپ پىتنە - پاسات تارقىتىدۇ. نەتىجىدە، ئالتاينىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىدا قورقۇنچ، تەۋرىنىش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ. ئوسمان بانديتىنىڭ تەھدىت سېلىشى ۋە مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا نۇرغۇنلىغان چارۋىچىلار ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، ئوسمانغا ئەگىشىپ گومىن-

داڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى گۇچۇڭ، بەيتىك قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېتىدۇ.

8 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇسمان گومىنداڭنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بىلەن بىرلىكتە ئالتايغا يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئوسماننىڭ قاپاس قاتارلىق يېقىنلىرى باندىتلارنى باشلاپ چىڭگىلدىن يولغا چىقىپ بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

ئۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالتايدا تۇرۇشلۇق ئالتاي ئاتلىق 3 - پولكى، قوبۇقسار ئاتلىق 2 - پولكىنىڭ بىر قىسمىلا بار ئىدى. بۇ رايوننىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، قىسىملار تارقاق جايلاشقان، ماددىي تەمىنات ۋە خەۋەر - ئالاقىمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

باندىتلار ئالدى بىلەن چىڭگىلنىڭ شەرقىدىكى چوقايىي دېگەن جايدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر ۋزۋود ئەسكىرى تۇرغان ئورۇننى بېسىۋالىدۇ. چىڭگىل ئاخىر قولدىن كېتىدۇ. جىددىي جەڭ نەتىجىسىدە ئارمىيىمىزنىڭ بىر قىسمى كۆكتوقايدىن چېكىنىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، باندىتلار بۇرۇلتوقاينى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، يەنە قوبۇقسار ئاتلىق 2 - پولكىنىڭ قوبۇقسارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قوشتولغايدا تۇرۇشلۇق بىر ئىسكادرونىنى قورشىۋالىدۇ. مەزكۇر ئىسكادرون جەڭدە زور چىقىمغا ئۇچرايدۇ. 37 نەپەر جەڭچى قۇربان بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ جەنۇبىي پۈتۈنلەي باندىتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنىدۇ. ئالتاي تاغلىق رايونى ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ.

بۇ چاغدا باندىتلار سارسۇمبىگە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىدۇ. قوشتولغايدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 2 - پولكىمىزنىڭ بىر قىسمى

يۇيرۇققا بىنائەن باندىتلارغا توسۇپ زەربە بېرىدۇ. ئاتلىق 2 - پولكىمىزنىڭ ئالدىدا ماڭغان ئىسكادرونى ئېرتىش دەرياسى بويىغا كەلگەندە باندىتلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ. جىددىي جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ئىسكادروندا ئاران 12 جەڭچى قالىدۇ. قالغانلارنىڭ ھەممىسى باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. مەزكۇر پولكنىڭ ئاساسلىق كۈچى سارسۇمبىنىڭ جەنۇبىدىكى قىران دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بوتەۋ دېگەن جايغا كەلگەندە، باندىتلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قېلىپ، جەڭدە كۆپ چىقىم تارتىدۇ. 700 دانىدەك قورال - ياراغ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. قېپقالغانلار جېمىدنەي ئارقىلىق سوۋېت چېگرىسىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. باندىتلار 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سارسۇمبىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تىغ ئۇچىنى ئارباغاتايغا قارىتىدۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭدە، ئالتاينىڭ باندىتلار قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدا ھەرتەرەپلىمىلىك سەۋەبلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئاساسەن ئالتاينىڭ يېرى كەڭ، ئالتايدا تۇرۇشلۇق بىر ئاتلىق پولكنىڭ تارقاق جايلاشقانلىقى، شۇنىڭدەك قاتناش ئىنتايىن قولايسىز بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوق - دورا، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش، ئالاقىلىشىش قىيىن بولغانلىقى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ئالتاي ئاتلىق قىسمىدا ئاز ساندىكى جەڭچىلەردە ساقلانغان قەبىلە كۆز قارىشىنىڭ قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەب بولدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئىلى، ئارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگە ئىنتايىن زور خەۋپ كەلتۈرگەنىدى. شۇڭا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەربىي ۋە خەلقنى باندىتلارنى يوقىتىپ، ئالتاينى قايتۇرۇۋېلىشقا جىددىي سەپەرۋەر قىلىدۇ.

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تارباغاتايدا تۇرۇشلۇق پىيادىلەر 3 - پولكىنى ئاتلىق پولكقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدۇ ھەمدە غۇلجىدا 800 كىشىلىك كۆچەيتىلگەن باتالىيون قۇردۇ. ھەر مىللەت ياشلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پائال تۈردە ھەربىي سەپكە قاتنىشىدۇ، خەلق ئاممىسى ئالدىنقى سەپكە ئاكتىپ ياردەم قىلىدۇ، نۇرغۇن ئات ۋە ماددىي ئەشـ يالارنى تەقدىم قىلىدۇ.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ دەللىقان، لىسكىنلەرنىڭ قوماندانلىقىدا ئىككىگە بۆلۈـ نۈپ قوبۇقساردىن ئالتايغا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىرى، تارباغاتاي ئاتلىق 3 - پولكى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېرـ تىش دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، گومىنداڭـ نىڭ ئۈرۈمچىدىن سارسۇمبىدىكى ئوسمان قىسىملىرىغا بېرىدىغان ياردىمىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھەمدە جەنۇبقا قېچىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەننىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاش ئىدى؛ يەنە بىرى، كۆچەيتىلگەن باتالىيون، قوبۇقسار ئاتلىق 2 - پولكى، ئالتاي ئاتلىق 3 - پولكىنىڭ قېپقالغان قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى قوبۇقساردىن ئۇدۇل سارسۇمبىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

تارباغاتاي ئاتلىق 3 - پولكى ئۇلۇڭگۈر كۆلى بويىدا دۈشمەن بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. باندىتلار بۇرۇلتوقايـ نى تاشلاپ، ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى بۇرچىنغا چېكىنىدۇ. تارباغاتاي ئاتلىق 3 - پولكى كېچە - كۈندۈز يۈرۈش قىلىپ، بۇرۇلتوقاينى ئىشغال قىلىپ، بۇرچىنگە بىۋاسىتە تەھدىت سالىدۇ.

كۆچەيتىلگەن باتالىيون قوبۇقساردىن يولغا چىقىپ، شۇ كۈنىلا بۇرچىن يېنىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ

باردى. ئەمما دۈشمەن دەريا بويىدىكى كېمىلەرنى كونترول
قىلىۋالغاچقا، كېمىلەرنى تارتىۋېلىپ، قىسمىنى دەريادىن
ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈش ئەڭ جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى.
ئارمىيىمىز كېچىدە بىرنەچچە كىشىنى ئېرتىش دەرياسىدىن
يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈپ، دۈشمەننىڭ كېمە ئۈستىدىكى ئىككى
قاراۋۇلىنى تۇيدۇرماي ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، كېمىنى تارتىۋالدى.
شۇنىڭ بىلەن قىسىملار دەريادىن تېز ئۆتۈپ، ئاتلىق 3-
پولك بىلەن بىرگە بۇرچىننى قورشايدۇ. جەڭ ئارقىلىق بۇ
جايدىكى باندىتلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى سارسۈمبىگە قېچىپ
كەتكەندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشتى.
بىز تەرەپ باندىتلاردىن 20 دانە ئېغىر-يېنىك پىلىمۇت،
300 تال مىلتىق، 4300 تۇياقتىن كۆپ ئات، كالا، قوي
قاتارلىقلارنى غەنىيمەت ئالدى. تارباغاتاي ئاتلىق 3-پولكى
بىلەن كۆچەيتىلگەن باتالىيون دەسلەپكى جەڭدىلا غەلىبە
قىلدى. ئارقىدىنلا، كۆچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ ئىككى روتىسى
غەلىبىسىنى ئىلگىرىلەپ، سارسۈمبىگە يېقىنلاشقان چاغدا،
باندىتلار پوزىتسىيىنى تاشلاپ قاچتى. 10-ئاينىڭ 18-
كۈنى ئالتاي ناھىيە بازىرى بىز تەرەپتىن ئىشغال قىلىندى.
ئارمىيىمىز باندىتلارنى قوغلاپ يوقىتىپ، كۆكتوقاي، چىڭگىل
قاتارلىق ناھىيىلەرنى ئارقا-ئارقىدىن قايتۇرۇۋالدى. 10-
ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئالتاي رايونىدىكى باندىتلار مىللىي ئارمى-
يىمىز تەرىپىدىن تازىلىنىپ بولىندى. قالدۇق باندىتلار كۆچۈك،
جىمسار تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا ئالتايدا تۇرۇش-
لۇق مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز قايتىدىن رەتلىنىدۇ. سابىق
ئالتاي ئاتلىق 3-پولك بىلەن قوبۇقسار ئاتلىق 2-پولكى-
نىڭ قېپقالغان ئاز ساندىكى ئەسكەرلىرى كۆچەيتىلگەن
باتالىيوننىڭ بىر قىسمى بىلەن قوشۇۋېتىلىپ، يېڭىدىن ئالتاي

ئاتلىق پولكى قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. مەزكۇر قىسىم سارسۇمبىدە تۇرىدۇ. كۈچەيتىلگەن باتالىيوننىڭ يەنە بىر قىسمى تارباغاتاي ئاتلىق 3 ـ پولكىغا تولۇقلاپ بېرىلىدۇ. مەزكۇر پولك 11 ـ ئايدا بۇرۇلتوقايغا ئورۇنلىشىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئىككى پولك ئوسمان باندىتلىرىغا قارشى كۈرەشنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئوسماننىڭ ئالتاينى بېسىۋېلىش پىلانى گەرچە ئۈزۈل-كېسىل بەربات بولغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى بىلەن سودىلىشىدىغان دەسمايىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ قالدۇق باندىتلىرى بەيتىك، جىمسارلارغا چېكىنىپ بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ شىنجاڭ گارنىزون شتابى ئۇلارغا دائىم ئاشلىق، رەخت، چاي ۋە كىگىز ئۆي قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرىدۇ. 1948 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئوسمان سۇڭ شىليەننىڭ مەخسۇس تەكلىپ قىلىشى بىلەن 70 تەك كاتتىباشلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا خىل ئاتتىن 40 نى سوۋغات قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچى شۈيمۇگۇدا تۇرغان سەككىز كۈن ئىچىدە گومىنداڭ تەرەپ تۆت قېتىم كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ بىر قېتىملىقىغا سۇڭ شىليەن ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئوسمان يەنە گومىنداڭ كاتتىباشلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزىدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: ئوسماننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى 1000 غا كۆپەيتىپ بېرىش (ئۇ چاغدا ئوسماننىڭ 300 ئادىمىلا قالغانىدى)؛ ئۇلارنىڭ ھەربىي تەمىناتىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتى بىۋاستە بېرىش؛ گومىنداڭ قوشۇنى ئادەم ئەۋەتىپ، ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش؛

ئەسكەرلەرنى جىمسار ناھىيىسىنىڭ سەنتەي دېگەن جايىدا تۇرغۇزۇش؛ ئوسمان بىرەيلەننى ئۈرۈمچىدە ئالاقىچىلىككە قالدۇرۇش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوسمان گومىنداڭ كاتتىباشلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلى ماكلان بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ تىل بىرىكتۈردۇ. ماكلان ئوسمان بىلەن كۆرۈشكەندە، ئوس-مان ئامېرىكىدىن يېڭى تىپتىكى قورال ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدۇ. ماكلان ئوسماننى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشدۇ.

ئوسمان قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەرەپ-تەرەپتىن ئەسكەر توپلاپ، 600 دەك يېڭى ئەسكەر ئالدۇ ھەمدە ئەس-كەرلىرىنى جىمسارنىڭ سەنتەي دېگەن يېرىدە تۇرغۇزدۇ. گومىنداڭنىڭ گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق دىۋىزىيىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى تەربىيىلەپ بەردۇ. گومىنداڭ يەنە گۇچۇڭدا ئوسماننىڭ قورچاق ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئىش بېجى-رىش ئورنىنى قۇرۇپ بەردۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئوسمان قىسىملىرىغا ياردەم بەردۇ ھەمدە ئوسماننىڭ قەبىلىلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا موري، فۇكاڭ، گۇچۇڭ، جىمسار قاتارلىق تۆت ناھىيىگە كۆچۈرۈپ ئورۇن-لاشتۇردۇ. بۇ خىل ئەھۋال تاكى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

ئوسمان باندىتلىرى ئالتايغا بېسىپ كىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەت كەلتۈردۇ. ئۇلار ئالتاي رايونىدىكى ھەردەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى بىر-بىرلەپ بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ماددىي بۇيۇم، مال-مۈلكىنى بۇلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ھېسداشلىق قىلغان چارۋىچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جان

باقىدىغان ماللىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى 1948 - يىلى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئوسماننىڭ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدە غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئوسماننىڭ بۇلاڭچىلىقىنىڭ ئالتاي خەلقىگە يەتكۈزگەن زىيىنى 10 مىليارد 500 مىليون سومدىن كۆپ يېڭى پۇلغا توغرا كېلىدۇ. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ زىيىنى 2 مىليارد 900 مىليون سومدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرگەن ئادىمى بىرنەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلار بۇلاپ كەتكەن ئات 3842، كالا 6555، قوي 17 مىڭ 212 تۇياق بولۇپ، بۇ، پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئوسماننىڭ جىنايىتى توغرىسىدا كۆپ قېتىم جاڭ جىجۇڭغا تەلەپ قويۇپ، خەت يېزىپ ئوسماننى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەرقايسى تەرەپلەردىكى جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى ئون نەچچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئالتايغا ئەۋەتىدۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئالتايدا سۆھبەت يىغىنى ۋە ئاممىۋى يىغىن ئاچىدۇ. ئامما ئوسماننىڭ بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق جىنايىتىنى ئارقا - ئارقىدىن پاش قىلىپ، شىكايەت قىلىپ، ئوسماننىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىق، قوشۇمچە ئالتاينىڭ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ھەمدە ئۇنى قاتتىق جازالاشنى، خەلقنىڭ ئوچۇق سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ. تەكشۈرۈش ئۆمىكى قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىغا دوكىلات قىلىدۇ. لېكىن گومىنداڭ دائىرىلىرى قىلچىمۇ كارى بولماي، ئوسماننىڭ بەيتىك تاغلىق رايونىدا خالىغىنىنى قىلىشىغا يول قويىدۇ.

شىنجاڭ تىنىچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئوسمان ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قۇتۇرتىشى ئارقىسىدا، جانىمقان بىلەن بىرلىشىپ داۋاملىق ھالدا باندىتلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ئازادلىقتىن كېيىن، باندىتلارنى تازىلاش جېڭىدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى تەرىپىدىن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى ۋە ئۈرۈمچىدە ئوچۇق سوت قىلىش ئارقىلىق، ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ دەرھال ئىجرا قىلىندى.

## قالىبېك توپىلىڭىنىڭ تارمار قىلىنىشى

گومىنداڭ شىنجاڭ ھەربىي دائىرىلىرى ئوسمان باندىتلىرىنى ئالتايغا شىمالىي تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈش ۋە ئۇنىڭغا يار-يۆلەكتە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە قالىبېك، تاكىمان قاتارلىق كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ، غەربىي تەرەپتە ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى باندىتلار گۇرۇھىنى توپلاپ، توپىلاڭ ئۇيۇشتۇردى.

ئەسلىدە، قالىبېك ئۈچ ۋىلايەتكە قاراشلىق ساۋەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى، تاكىمان بۇ ناھىيىنىڭ ساقچى باشلىقى ئىدى. گومىنداڭ ئۆلكىلىك گارنىزون شتابى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلايدۇ. ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان ئۆزىنىڭ قالىبېك بىلەن بىر قەبىلىدىن ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قالىبېك بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى كۆپ قېتىم پىلانلايدۇ.

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭ قالىبېكنى نەنسەندىكى بورتۇڭگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قالىبېك ئاغرىپ قالدىم دەپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ قويۇپ، بورتۇڭگە بېرىۋېلىپ، پائال تۈردە باندىتلىق ھەرىكىتىنى تەشكىللەيدۇ. بۇ مەزگىلدە، ئۇلار ساۋەندە تۇرۇشلۇق قوبۇقسار 2 - پولك 4 - روتىسىنىڭ كاماندىرى شابداننى سېتىۋالىدۇ. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى بۇنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن شابدان ئىسكادرونىنى دەرھال قورالسىزلاندۇرىدۇ ۋە شابدانغا چارە كۆرىدۇ. 9 - ئايدا، ئوسمان كۆكتوقاي ۋە چىڭگىل قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ بولۇپ، ئالتايغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، قالىبېك پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ، ئۇرۇمچىدە بېسىلغان نۇرغۇن ئەكسىيەتچى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى ساۋەن، قۇتۇبى، ماناسلاردا تارقىتىپ، ئاممىنى ئالدايدۇ ۋە قايمۇقتۇرىدۇ ھەمدە: «ئوسمان ئالتاينى قولغا چۈشۈرۈپ بولدى، بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ باتۇرى دەپ ئېتىراپ قىلدى، بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، دەرھال ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى سەپكە قوشۇلۇشىمىز كېرەك» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم قايمۇققان چارۋىچىلار ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ.

گومىنداڭ دائىرىلىرى قالىبېككە ياردەم بېرىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئىككى قېتىمدا 640 تال مىلتىق، ئالتە دانە پىلىموت ۋە نۇرغۇن ئوق - دورا، گرانات، ئىككى دانە راتسىيە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. 10 - ئايدا، جانىمقان قالىبېككە 12 مىليون سوم شىنجاڭ پۇلى ياردەم قىلىدۇ. 11 - ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئاشلىق ۋە مائاش بىلەن

تەمىنلەيدۇ. نەتىجىدە، قالىبېك ئۇزۇنغا قالمايلا ساۋەننىڭ قىزىل دېگەن يېرىدە 600 كىشىلىك قوراللىق باندىتلار گۇرۇھىنى تەشكىللەيدۇ ھەمدە ئۇنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي شتاتى بويىچە بىر ئاتلىق چوڭ ئەترەت، ئىككى شۆبە ئەترەت قىلىدۇ، قالىبېك چوڭ ئەترەتكە، تاكىمان شۆبە ئەترەتكە باشلىق بولىدۇ.

گومىنداڭ قالىبېككە يەل بېرىپ، پەيتى كەلگەندە باندىتلارغا ماسلىشىپ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا ماناس دەرياسىنىڭ ئەتراپىغا ئىككى پولك ئەسكەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئارقا سەپتىكى ئېغىر قوراللارنى ئالدىنقى سەپكە يۆتكەيدۇ.

قالىبېك باندىتلىرى ئىگىلەپ تۇرغان تاغلىق رايوننىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، شىمالىي تەرەپتە شىخو، ساۋەنلەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشقىلى، غەربىي تەرەپتە يەنسىخەيگە ھۇجۇم قىلغىلى، شىخونى كۆزىتىپ تۇرغىلى، تارباغاتاي، ئالتاي تاغلىرىدىكىلەرگە بىۋاسىتە ماسلاشقىلى، شۇ ئارقىلىق ئوسمان باندىتلىرى بىلەن قالىبېك باندىتلىرى بىرلىشىپ ئۈچ ۋىلايەتكە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگىلى بولاتتى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن شىخو 1-پولكى، قوبۇقسار ئاتلىق 2-پولكىنىڭ 4-روتىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ساۋەن، شىخو، مايتاغ، يەنسىخەي ۋە ساندىخوزا قاتارلىق جايلاردا تۇراتتى. قالىبېك باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئىلى پىيادىلەر 2-پولكى بىلەن توپچىلار باتالىيونىنى شىخو رايونىغا يۆتكىدى. پىيادىلەر 2-پولكى مايتاغقا

ئورۇنلاشتى، توپچىلار باتالىيونى ۋە پىيادىلەر 1 - پولكىنىڭ تارقاق تۇرۇۋاتقان قىسىملىرى يەنىسخەيگە ئورۇنلاشتى ھەمدە بىر روتا يۆتكەپ كېلىنىپ ساندىخوزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلى پىيادىلەر 2 - پولكىنىڭ بىر قىسمىنى كېڭەيتىش ئاساسىدا ساۋەن ئاتلىق پولكى قۇرۇلۇپ، ئۇلار ئالاۋۇسۇن، شىخەنزە ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، قالىبېك بىلەن تاكىمان ئىككىگە بۆلۈنۈپ، شىخو بىلەن ساۋەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار تاغدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، بارا - بارا ئىلگىرىلەپ، يولبويى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ. كۆيتۈڭ كۆۋرۈكى ۋە يەنىسخەي كۆۋرۈكىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، قاتناشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ ھەمدە مىللىي ئارمىيىنىڭ تارقاق قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇ ئاينىڭ 18 - كۈنى، يەنە مىللىي ئارمىيىنىڭ ساندىخوزىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قالىبېك باندىتلىرى دوڭدى، يەتتەتام، بۆرتۆڭگە، كازدۋەن، قىزىل ئەتراپلىرىدا، تاكىمان باندىتلىرى بولسا مايتاغ، بايىنگو ۋە لاماميياۋ ئەتراپلىرىدا داۋاملىق ھەرىكەت قىلىدۇ.

قالىبېك باندىتلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە شىخودا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇرىدۇ ھەمدە ئۈچكە بۆلۈنۈپ باندىتلارنى يوقىتىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ:

1 - يول ئالاۋۇسۇن، شىخەنزە ۋە ساۋەندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق پولكىنىڭ ئىككى ئەسكادرونىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار قىزبېك، دوڭدى قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ،

باندىتلارنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

2 - يول شىخو پىيادىلەر 1 - پولكىنىڭ يەنسىخەيدە تۇرۇشلۇق بىر كۆچەيتىلگەن باتالىيونىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار بورتۇڭگە ئارقىلىق قورغاس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قالىبېك باندىتلىرىغا غەربتىن ھۇجۇم قىلىدۇ؛ يەنە بىر روتا بورتۇڭگە ئارقىلىق قورغاس دەرياسى تەرەپكە ئىلگىرىلەپ، تاكىمان باندىتلىرىغا شەرقتىن قورشاپ زەربە بېرىدۇ.

3 - يول ئىلى پىيادىلەر 2 - پولكىنىڭ بىر باتالىيونىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇلار تاكىمان باندىتلىرىنى مايتاغدىن شەرق تەرەپكە قوغلاپ، ئىككى باندىت گۇرۇھىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قورشاپ يوقىتىدۇ. قالغان قىسىملار زاپاس ئەترەت سۈپىتىدە يەنسىخەي، ساۋەن قاتارلىق جايلاردا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدۇ.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز جەڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالاۋۇسۇن، يەنسىخەي، ساندىخوزىدىن يولغا چىقىپ، قىزبېك، دوڭدى، بورتۇڭگىلەرگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ. قالىبېك باندىتلىرىنىڭ قوشۇنى قالايمىقان، ئەسكىرىي كۈچى تارقاق بولغاچقا، مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا بالا - ۋاقا، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ غېمىدە قېلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ قېچىپ كېتىدۇ. قالىبېك ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر قىسىم باندىتلارنى باشلاپ قېچىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قالغانلىرى قېچىپ بېرىپ تاكىمان باندىتلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. تاكىمانلار ماناسنىڭ غەربىدىكى تەبىئىي توسالغۇدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن ئېلىشماقچى بولىدۇ. بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئالدى

بىلەن ئۇنى مايتاغدىن قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ، باندىتلار
شەرققە قاراپ قاچقاندا بىزنىڭ ئوتتۇرىغا يېرىپ كىرىۋاتـ
قان بىر روتىمىزنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە دۇچ كېلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن باندىتلار ئامالسىز قېلىپ، جەنۇب تەرەپتىكى
قورغاس دەرياسى تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. بۇ ۋاقىتتا
1 - پولكنىڭ ئىككى روتىسى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار
تاكىمان باندىتلىرىنى قورشىۋالىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىـ
لىدۇ. نەتىجىدە، باندىتلارنىڭ كۆپىنچىسى بىز تەرەپتىن
تىرىك قولغا چۈشۈرۈلىدۇ، تاكىمان باشلىق ئاز ساندىكىـ
لەر 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇرۇمچىگە قارايدىغان نەنـ
سەن تېغىنىڭ بەيياڭگو ئەتراپىغا قېچىپ كېلىۋالىدۇ، گوـ
مىنداڭ گارنىزون شتابى ئۇلارنى يىغىۋېلىپ، كېيىنچە لاـ
زىم بولۇپ قالار دېگەن مەقسەتتە ئۇلارغا تەلىم-تەربىيە
ئېلىپ بارىدۇ.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى تاغلىق رايوندىكى جاپالىق
مۇھىتتا باندىتلارغا قارشى 20 كۈن كەسكىن جەڭ قىلىش
نەتىجىسىدە، قالىبېك، تاكىمانلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قاراتقان
قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىدۇ.
جەڭدە ئارمىيىمىز جەمئىي 200 باندىتنى يوقىتىدۇ، 63
باندىتنى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ، بىر تۈركۈم قورال-ياـ
راغ، ئوق-دورىلارنى ئولجا ئالىدۇ. باندىتلار تەرىپىدىن
مەجبۇرىي كۆچۈرۈۋېتىلگەن 900 ئائىلىلىك چارۋىچى قۇتۇلدۇـ
رۇپ قېلىنىدۇ، باندىتلار بۇلاپ كەتكەن 10 مىڭ تۇياققا
يېقىن مال ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
بىز تەرەپتىن جەڭدە 60 ئادەم قۇربان بولىدۇ، 100 ئادەم
يارىدار بولىدۇ، 500 دەك ئادەم خىزمەت كۆرسىتىدۇ.

مىللىي ئارمىيە ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونلىرىنىڭ ئامانـ

لىقنى قوغداش ئۈچۈن، ماناس دەرياسى بويىدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىنى كۆپەيتىدۇ، ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشەيدۇ. ساۋەن ئاتلىق پولكى ماناس دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ۋە شىخەنزە، ساۋەن ئەتراپىغا يۆتكەپ كېلىنىدۇ؛ شىخو پىيادىلەر 1-پولكى، ئىلى پىيادىلەر 2-پولكى ۋە زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى يەنسىخەي يۆنىلىشىگە ئورۇنلىشىدۇ؛ موڭغۇل ئاتلىق دىۋىزىيونى بورتالادىن مايتاغنى ساقلاشقا يۆتكەپ كېلىنىدۇ.

## ئازاد رايونلارنى مۇستەھكەملەش

گومىنداڭ مەسئۇتنى يۆلەپ تەختكە چىقارغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچىلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كېتىدۇ. تىنچلىق ۋەزىيىتى بۇزۇلىدۇ، شىنجاڭ ئاسمىنىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى يېڭىباشتىن قاپلاپ كېتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ.

قالغان يەتتە ۋىلايەتتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ. ئۇلار ئىلغار زاتلارغا ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشىلەرگە تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا، ئۈرۈمچى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە ئىرادىلىك ياشلار، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، جۈملىدىن بەزى خەنزۇ زىيالىيلىرى ئارقىمۇ ئارقا غۇلجىغا يىغىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كەڭ بىرلىك سەپ ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ.

ئازاد رايونلارنى مۇستەھكەملەش، يېڭى شارائىتتا

ئىنقىلابىنى كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئىنقىلاب قوزغالغاندىن بۇيانقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرقلەندۈرۈش، ئاممىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىدى.

1948-يىلى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتاتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق ئۇرۇش زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولۇشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت مەتبۇئاتلىرى ئازادلىق ئۇرۇش غەلىبىلىرى توغرىسىدا گېزىت-ژۇرناللاردا خەۋەر بېرىپ تۇردى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ھەر مىللەتتىن بولغان ئىلغار، دېموكراتىك زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، كەڭ بىرلىك سەپ قۇرۇش مەقسىتىدە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن، شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى قۇرۇش قارار قىلىندى.

8-ئاينىڭ 1-كۈنى غۇلجىدا ئۆلكىلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ، «ئىتتىپاق» نىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. يىغىندا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 54 نەپەر ھەيئىتى، ئىتتىپاق مەركىزى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ 11 نەپەر ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىتتىپاقنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. ئىتتىپاق پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت ئېلان قىلدى، مۇراجىئەتتە: «ئىتتىپاق» — ئاممىۋى تەشكىلات، بۇنىڭغا قاتنىشىشتا جىنسى، مىللىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە مال-

مۇلكىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارالمايدۇ، ئۆز يۇرتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ھەممە شىنجاڭنى زۇلمەتتىن، قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان بارلىق كىشىلەر «ئىتتىپاق» قا كىرسە بولىدۇ؛ ئۆلكە بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا - قىشلاقلار ئىتتىپاق تەشكىلىنى قۇرسا بولىدۇ؛ «ئىتتىپاق» نىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا باراۋەر، ئەركىن، تىنچ تۇرمۇش شارائىتىنى يارىتىش، 1946 - يىل 6 - ئايدا ئىمزالانغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇش، تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تەۋەككۈلچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش، بارلىق ئىلغار زاتلار بىلەن بىرلىشىشتىن ئىبارەت، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. «ئىتتىپاق» قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىلىدا «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى ۋە «ئالغا گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، قازاقچە) نەشر قىلىندى. سەيپىدىن ئەزىزى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى ۋە «ئالغا گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. چۆچەكتە «دېموكراتىيە گېزىتى» (ئۇيغۇرچە، قازاقچە) نەشر قىلىندى، ئالتايدا «ھەقىقەت يولى گېزىتى» نەشر قىلىندى. كېيىنچە، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە يەنە كەينى - كەينىدىن خەنزۇچە «دېموكراتىيە گېزىتى»، موڭغۇلچە «خەلق گېزىتى»، ئۇيغۇرچە «كۈرەش» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىندى. بۇ گېزىت - ژۇرناللاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان سۇيىقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ تۇردى. بۇ گېزىت - ژۇرناللار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن

ئۆلكىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىگە ۋە ئازاد رايونلارنى مۇستەھكەملەش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىگە ئىلھام بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىتتىپاق» دەسلەپتىلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى، قىزغىن ھىمايە قىلىشىغا سازاۋەر بولدى. ھەر مىللەت ئاممىسى، ھەر ساھەدىكى دېموكراتىك، ئىلغار زاتلار بەس-بەس بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ، بۇ تەشكىلاتقا قاتناشتى. 1948-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىرىدە ۋە مىللىي ئارمىيىدە بولۇپ «ئىتتىپاق» نىڭ جەمئىي 318 ئاساسىي قاتلام كومىتېتى قۇرۇلدى، ئەزالىرى 24 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 1949-يىلغا كەلگەندە «ئىتتىپاق» نىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى 787 گە، ئەزالىرى 53 مىڭغا يەتتى. بۇ تەشكىلاتقا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، تاجىك، ئۆزبېك، شىبە، مانجۇ، خۇيزۇ، رۇس قاتارلىق ئون نەچچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان دېھقانلار، چارۋىچىلار، ھەربىيلەر، ئىشچىلار، خىزمەتچىلەر، سودىگەرلەر، قول سانائەتچىلەر، ياش ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى. «ئىتتىپاق»نىڭ مەركىزىي تەشكىلىي كومىتېتى ئەمەلىيەتتە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي جەمئىيەتتىكى رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلانغانىدى. «ئىتتىپاق» يەنە ئەزالىرىنى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە، مەدەنىي-تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ھەمكارلىشىشقا، تۈرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا پائال تەشكىللەپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

بۇ مەزگىلدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈۋرۈكى

بولغان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئاساسلىق ۋە-
زىپە ئىچكى قىسمىنى مۇستەھكەملەپ، خەلقنى ئىتتىپاق-
لاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە ھارماي-تال-
ماي كۈرەش قىلىش روھى ئارقىلىق، قان تۆكۈش، قۇربان
بېرىش بەدىلىگە كەلگەن ئازاد رايونلارنى قوغداپ ۋە مۇس-
تەھكەملەپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت
دائىرىلىك خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىششتىن ئىبارەت
ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىللىي ئارمىيە 1947-
يىلى كۈزدە ئوسمان باندىتلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قاراتقان
2-قېتىملىق قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىقىنى ئۇزۇل-كېسىل
تارمار قىلدى، ئارقىدىنلا قالىبېك باندىتلىرىنىڭ توپىلىڭىنى
تارمار قىلدى، يەنە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئۈچ ۋى-
لايەتنى، مىللىي ئارمىيىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا
بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنى كۆپ قېتىم تارمار قىلدى.
شۇ ئارقىلىق، ئازاد رايونلارنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش
ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

بۇ مەزگىلدە، مىللىي ئارمىيىدە ئىچكى جەھەتتىن ئۆ-
زىنى مۇستەھكەملەشكە دائىر بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلەندى،
بولۇپمۇ سىياسىي تەربىيە، ئىنتىزام تەربىيىسى كۈچەيت-
ىلدى، شۇ ۋاقىتتا، قىسىملار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان
ئىجابىي تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق بولغانىدى:
11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
كۈرەش قىلىش؛ جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قورالى
بولغان پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمغا قارشى تۇرۇش؛
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش؛ گومىنداڭ ئەكس-
يەتچىلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاغدۇرمىچىلىق

قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىش؛ خەلقئارا مەسىلىلەردە، جاھانگىرلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش.

1948 - يىلىدىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۇقتىلىق ھالدا تەشۋىق قىلىندى. شۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەتتە ماۋزېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە»، «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسەرلىرى، ليۇشاۋچىنىڭ «ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە مىللەتچىلىك» دېگەن ئەسىرى تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىنىپ، مىللىي ئارمىيىدە «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمىتى» قاتارلىق ماتېرىياللار تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىنىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ بولۇپمۇ كادىرلارنىڭ مۇھىم سىياسىي ئۆگىنىش دەرسلىكى قىلىندى. قىسىملاردا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەتكە ئائىت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسى بارا - بارا روشەنلەشتى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى، ئوفىتسېرلار بىلەن جەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بەزى يېڭى كەيپىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1948 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بىلەن بىرلىكتە قىسىمنىڭ سىياسىي خىزمەت ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈش، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملارغا بارغانىدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە،

2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ماڭا:
«مەن ئەخمەتجان، ئىسھاقبېكلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويـ
دۇم. مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىمـ
لىرىغا باردىغان بولدۇم. سىزمۇ بىرگە بارسىز، يەنە بىرـ
نەچچە كادىر ئېلىۋالايلى. بىز ئاساسەن قىسىمدىكى كوماندىرـ
جەڭچىلەرگە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى تەشـ
ۋىق قىلىش ئۈچۈن بارىمىز. سىز بىردانە جۇڭگو خەرىتىسى
ۋە قەغەزدىن ياسالغان بىرنەچچە قىزىل بايراقچە ئېلىۋېلىڭ،
مەن لازىم قىلىمەن» دېدى. ئۇ يەنە ماڭا نەنجىڭدىن ئالغاچ
كەلگەن بىر خەنزۇچە كىتابچىنى بەردى. ئابدۇكېرىم ئابـ
باسوۋنىڭ سۆزىدىن بۇ كىتابچىنىڭ «8 ـ ئارمىيىنىڭ سىـ
ياسىي خىزمىتى» ناملىق كىتاب ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. 1946 ـ
يىلى 11 ـ ئايدا گومىنداڭ نەنجىڭدە قورچاق «خەلق قۇرۇلتىيى»
چاقىرغان. ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ نەنجىڭگە بارغان. قۇرۇلتاي مەزـ
گىلىدە، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خېيىم ـ خەتەردىن
قورقماي، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدە
تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، دۇڭ بىۋۇ بىلەن
كۆرۈشكەن. دۇڭ بىۋۇ ئۇنىڭغا ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى سۆزـ
لەپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۈرەشنى قەتئىي داۋامـ
لاشتۇرۇشىغا ئىلھام بەرگەن. دۇڭ بىۋۇ ئاقساقال يەنە پېلىك
گۈيەن (يەنە بىر ئىسمى پېلىك چاڭگۇي) نى بىر دانە راتـ
سىيە ئېلىۋېلىپ، شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە بۇيرۇغان. ئۇ
ئېلىپ كەلگەن راتسىيىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولغانلىقى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى يەنئەندىن بەك يىراق بولغانلىقى ئۈـ
چۈن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەنئەن ئارىلىقىدا ئالاقە ئورنىـ
تىلماي قالغان بولسىمۇ، لېكىن پېلىك گۈيەن شىنخۇا

ئاخبارات ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن تارقىتىلغان رادىئو خەۋەر-
لىرىنى مۇشۇ راتسىيە بىلەن ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ رەتلەپ
چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرنال-
لارنىڭ ئېلان قىلىشىغا بېرىپ تۇردى.

ئەتىسى، مەن مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىدە يىغىن
ئېچىپ (ئۇ چاغدا مەن مىللىي ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ
مۇدىرى ئىدىم)، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزدۈم،
بىز بىلەن بىرگە بارىدىغان يولداشلارنى ئورۇنلاشتۇردۇم ھەم-
دە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بەرگەن كىتابچىنى يولداش ئابلىمىت
مەخسۇتوۋقا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشكە بەردىم.
ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ تەرجىمان تېپىپ ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلدۇرۇپ بەردى.

كېيىن، بىز مىللىي ئارمىيىنىڭ يەنىسخەي، شىخەنزە،
مايتاغ ۋە شىخو قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق ئوتتۇرا سەپ
قىسىملىرىغا باردۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بارغانلا يەردە
ھەربىيلەر يىغىنى ئېچىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەرىتىسىنى تامغا ئېسىپ،
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئازاد قىلغان رايونلارغا قىزىل
بايراقچىلارنى قاداپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى
كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى ھەمدە كۆپچىلىككە خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى پات ئارىدا شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدۇ، پۈتۈن
شىنجاڭ ئازاد بولىدىغان كۈنلەرگە ئاز قالدى... دېدى. ئۇ
يەنە: «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خەلقنىڭ ھەقىقىي ئازاد
قىلغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى. ئۇلار ئارىسىدا ئۈچ چوڭ ئىنى-
تىزام، سەككىز دىققەت، كۈچلۈك سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى
يولغا قويۇلغان، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، ئارمىيە بىلەن
خەلق ئىنتايىن ئىناق، خەلق ئاممىسى ئۇلارنى قوللايدۇ، بىز
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك» دېدى.

ئۇ يەنە مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ھوشيار تۇرۇپ، تىنچلىق ۋەزىيىتىنى قوغداپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى.

5-، 6 - ئايلاردا، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلارنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، مىللىي ئارمىيە شتابىدا ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى قىسىملارنىڭ سىياسىي كادىرلىرى كۇرسىنى ئاچتى. بۇ كۇرسقا 100 نەپەر كادىر قاتناشتى. كۇرس ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. كۇرس مۇدىرلىقىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ مەسئۇلى لېسكىن ئۈستىگە ئالدى، مەن مۇئاۋىن مۇدىر بولدۇم، سەيپۇللايوۋ، سەيدى ئەخمەت تۇرسۇن، سادىروۋ قاتارلىق يولداشلار ئوقۇتقۇچى بولدى. مەنمۇ «8 - ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمىتى» ناملىق كىتابچىنى ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىمغا ئاساسەن، كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتتۈم. ئۇلارغا ئاساسلىقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئۈچ چوڭ پرىنسىپى، ئۈچ چوڭ دېموكراتىيە شۇنىڭدەك ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىنقىلابنى قەھرىمانلىق قاتارلىق ئېسىل - ئەنئەنىلىرىنى چۈشەندۈردۈم. كۇرس جەريانىدا يەنە ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، رەخىمجان سابىرھاجىيوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ھەققىدە بەرگەن دوكلاتى كۇرسانتلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. كۆپچىلىك ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزملىق نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى ئىكەن، ئۇ ۋەزىيەتنى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا

تەھلىل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى
ۋەزىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بەردى، دەپ ھېس قىلىشتى. ئۇ
ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
ئېلىمىزنىڭ قىسمەن رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان مىللىي، دېموكرا-
تىك، ئازادلىق ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئىنقىلاب پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ئىنقىلابى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى رەھبەرلىكىدىكى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان
ئىنقىلاب غەلىبە قىلمىسا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىمۇ غەلى-
بە قىلالمايدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز دوكلاتىدا يەنە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇ-
رۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەندى. ئۇ يەنە، پۈتۈن شىنجاڭ
خەلقىنىڭ ئازادلىقىنى ھەرمىللەت خەلقى ئورتاق كۆرەش قىلى-
غاندىلا، پۈتۈن مەملىكەت ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولى-
غا كەلتۈرگەندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ كەڭ
خەنزۇ خەلقىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز، بىز ئۇلار
بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىغا بىرلىكتە قارشى
تۇرۇپ، مىللەت ئايرىمايدىغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى بولمىغان ھەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى دې-
موكراتىك تۈزۈم ئورنىتىشىمىز لازىم، دەپ كۆرسەتكەندى.
ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئارمىيە ئىچىدە زور تە-
سىر قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن، مىللىي ئارمىيە كادىرلىرى
خەنزۇ خەلقىگە قارىتا خېلى توغرا تونۇشقا ئىگە بولدى. كو-
ماندىر - جەڭچىلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ چو-
قۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى، شىنجاڭنىڭ پات ئارىدا ئازاد بولى-
دىغانلىقىغا قارىتا ئىشەنچى كۈچەيدى.

# تۆتىنچى باب

# مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ تاشلانغان قەدەم

## مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي خىزمىتى

مىللىي ئارمىيىنىڭ شتات تۈزۈلمىسىدە بولغان ئۆزگىرىش مۇنداق بىرنەچچە مەزگىلنى بېسىپ ئۆتتى: (1) دەسلەپكى تەشكىل قىلىنغان مەزگىل؛ (2) تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىشتىن ئىلگىرىكى مەزگىل؛ (3) تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن پارتىزانلاشتۇرۇلغان مەزگىل؛ (4) بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلغاندىن تارتىپ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىل؛ (5) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلگەن مەزگىل. بۇ بەش مەزگىلدە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 30 مىڭغا يەتكەنىدى. 1946 - يىلى بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 12 مىڭ 700 نەپەرگە قىسقارتىلدى. 1947 - يىلى گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئوسمان، قالىبېكلەرنى تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتۈپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا ھۇجۇم قوزغىغاندا، قىسىملار ئاز - تولا كۆپەيتىلدى. ئوسمان، قالىبېك باندىتلىرىنىڭ تۇپىلىڭى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئادەم سانى ئاساسىي جەھەتتىن 13 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى.

5 ـ كورپۇسقا ئۆزگەرتىلىش ئالدىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ شتاتى
ئومۇمەن قۇراللىق ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ۋە
قورال ـ جابدۇق ئەھۋالى ئاساس قىلىنغان ھالدا بېكىتىلگەنـ
دى. قىسىملاردا پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاساس قىلىنـ
ماتتى. گەرچە ئومۇمىي ئادەم سانى بەزىدە كۆپەيتىلىپ، بەزىـ
دە ئازايتىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شتات تەرتىپىدە
چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. مىللىي ئارمىيە باش قومانـ
دانلىق شتابىنىڭ قارىمىقىدا بىرقانچە بۆلۈم بولغاندىن
سىرت يەنە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە قىسىملاردىن سىۋەز
روتىسى، مۇھاپىزەتچىلەر روتىسى، موتسىكلىت روتىسى،
كامىندانت روتىسى، ئاپتوموبىل روتىسى، دوختۇرخانا، ھەر-
بىي مەكتەپ بار ئىدى. قىسىملاردىن پىيادىلەر پولكى، ئاتـ
لىق پولك، ئاتلىق دىۋىزىيون، زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى بار
ئىدى. ئادەتتە پىيادىلەر پولكىدا ئىككىدىن پىيادىلەر باتالىيونى،
بىردىن ئاتلىق باتالىيون بولۇپ، ئۇنىڭ شتاتى 1500، ئاتلىق
پولكىنىڭ شتاتى 1000، ئاتلىق دىۋىزىيونىنىڭ شتاتى 500
ئىدى. پىيادىلەر باتالىيونىدا ئۈچتىن روتا بولۇپ، ھەر-
بىر روتىدا 150 تەك ئادەم بار ئىدى. ھەربىر روتا تۆتتىن
ۋزۋودقا، ھەربىر ۋزۋود تۆتتىن ئوتدېلېنىيىگە بۆلۈنگەن.
1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ۋزۋودلار پىيادىلەر ۋزۋودى بولۇپ، ھەر بىـ
رىدە 40 تىن ئادەم بار ئىدى، 4 ـ ۋزۋود پىلىموتچىلار ۋزۋودى
بولۇپ، ئۇنىڭدا 20 دەك ئادەم بار ئىدى. ھەربىر روتىدا
يەنە بىردىن ئاشپەزلەر ئوتدېلېنىيىسى بار ئىدى. ھەربىر رو-
تىدا يەتتە داندىن يېنىك پىلىموت، بىر داندىن ئېغىر پىـ
لىموت (ماكسىم پىلىموت) بولغاندىن سىرت، قالغانلار ئاساـ
سەن مىلتىق تۇتاتتى. پىيادىلەر باتالىيونىدا ئادەتتە 30 دىن
ئوفىتسېر بار ئىدى، بۇنىڭدىن باتالىيون شتابىدا توققۇز نەپەر

كادىر (بىر نەپەر باتالىيون كوماندىرى، بىر نەپەر مۇئا-
ۋىن باتالىيون كوماندىرى، بىر نەپەر شتاب باشلىقى، بىر
نەپەر مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، بىر نەپەر سىياسىي رەھبەر،
بىر نەپەر ئالاھىدە خىزمەتچى، ئۈچ نەپەر ۋزۋود كوماندىرى)،
ھەربىر روتىدا يەتتە نەپەردىن كادىر (بىر نەپەر روتا كو-
ماندىرى، بىر نەپەر مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، بىر نەپەر سى-
ياسىي رەھبەر، تۆت نەپەر ۋزۋود كوماندىرى) بولاتتى. ھەر-
بىر باتالىيوندا ھەربىي - سىياسىي كادىرلاردىن باشقا قوشۇمچە
دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بىر كىشى بولۇپ، ئامما ئارىسىدا ئى-
ناۋىتى بار، دىنىنى بىلىدىغان ئوفىتسېر ياكى جەڭچىلەر قو-
شۇمچە ئۆتەيتتى. پولكلاردا شتاتلىق ئاخۇن بولاتتى. ئات-
لىق پولكتا باتالىيون يوق بولۇپ، ئۇ بىرنەچچە ئىسكادرون-
غا بۆلۈنەتتى. ھەر بىر ئىسكادرون ئۈچ ۋزۋود تۇققۇز
ئوتدېلېنىيىگە بۆلۈنەتتى. 100 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب
تاپاتتى، شتاتتا ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ھەربىي ئۇن-
ۋانى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىلەتتى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى
ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىدە بىر
نەپەر گېنېرال لېيتېنانت، ئىككى نەپەر گېنېرال مايور، 14
نەپەر پولكوۋنىك، 19 نەپەر پودپولكوۋنىك، 35 نەپەر ما-
يور بولغاندىن سىرت، يەنە 1202 نەپەر كاپىتاندىن
تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر بار ئىدى. ھەربىي، سىياسىي،
ئارقا سەپ كادىرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن باشلىقلىق تۈزۈم
بويىچە تەيىنلىنەتتى. ھەردەرىجىلىك ئاساسىي ھەربىي باشلىق-
لار قىسىمنىڭ ئەڭ يۇقىرى باشلىقى ھېسابلىناتتى، تەڭ دە-
رىجىلىك سىياسىي، ئارقا سەپ باشلىقلىرى ھەربىي باشلىققا
بويسۇناتتى ھەمدە شۇ دەرىجىلىك ھەربىي باشلىقنىڭ بىۋا-
سىتە رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ 1946 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چىقارغان 235 - نومۇرلۇق قارارىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

«ئارمىيىدە ئىشلەۋاتقان ھەربىيلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتى تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1. فېلدفېبېلىقتىن پراپورۇچىكلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلار ئوفىتسېرلار ئەترىتىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، بىر يىل خىزمەت قىلغان ياكى ئالدىنقى سەپتە يېرىم يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى كېرەك.

2. پراپورۇچىكلىقتىن پودپورۇچىكلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلار ئىككى يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان ياكى ئالدىنقى سەپتە بىر يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى كېرەك.

3. پودپورۇچىكلىقتىن پورۇچىكلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلار ئۈچ يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان ياكى ئالدىنقى سەپتە بىر يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى كېرەك.

4. پورۇچىكلىقتىن كاپىتانلىققا ياكى مايورلۇققا ئۆستۈرۈلىدىغانلار تۆت يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان ياكى ئالدىنقى سەپتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى كېرەك.

5. مايورلۇقتىن پودپولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلار بەش يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان ياكى ئالدىنقى سەپتە ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى كېرەك.

6. پودپولكوۋنىكلىقتىن پولكوۋنىكلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلار ئالتە يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان ياكى ئالدىنقى سەپتە تۆت يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولۇشى كېرەك.

7. پولكوۋنىكلىقتىن گېنېرال مايورلۇققا ئۆستۈرۈلىدىغانلار ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆستۈرۈلىدۇ.

8. گېنېرال لېيتېنانتلىقتىن يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋانىنى
ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ياكى ھۆكۈمەت قارار قىلىدۇ.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئوفىت-
سېر ۋە جەڭچىلەر ئاساسەن جايلاردىكى پارتىزانلاردىن قو-
بۇل قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەل ئائى-
لىدىن كېلىپ چىققان دېھقانلار، چارۋىچىلار، ياش ئوقۇغۇ-
چىلار، قول سانائەتچىلەر، خىزمەتچىلەر، دېموكراتىك ئىل-
غار زاتلار ئىدى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ئىچ-
ئىچىدىن ئۆچ بولغاچقا، ئىنقىلابتا ئىنتايىن قەيسەرلىك كۆر-
سەتتى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كۈرەشلەردە
چېنىقىش ۋە سىنىلىش ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم كۈرەش قەھ-
رىمانلىرى ۋە نەمۇنىچىلار يېتىشىپ چىققانىدى. ئۇلاردىن
بەزىلىرى كېيىنچە مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كوماندىر-
لىرىدىن بولۇپ قالدى. كوماندىرلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى مۇ-
ئەييەن ھەربىي ماھارەتكە ئىگە كەسپىي ھەربىيلەردىن ئىدى.
1945-يىلىنىڭ بېشىدا قورغاستا ئىككى نۆۋەت ۋزۋود كو-
ماندىرى دەرىجىلىك كادىرلار كۇرسى ئېچىلىپ، بىرنەچچە
يۈز پارتىزان تايانچىلىرى تەربىيىلەندى. ئۇلار ئوقۇش پۈت-
تۈرگەندىن كېيىن قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىپ، ئاساسىي
قاتلاملاردا ھەربىي كوماندىر بولدى. قىسىملاردىكى ئەسكەر-
لەرنى دائىم تولۇقلاپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش
ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 1945-يىلى
«ھەربىي خىزمەت قانۇنى» ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا 18-22
ياشتىكى گراژدانلار سىنىپ، مىللەت، ئېتىقاد ئايرى-
ماستىن، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ، ۋاقتى ئۈچ
يىل بولىدۇ، ۋاقتى توشقاندىن كېيىن ھەربىي سەپتىن چې-
كىندۈرۈلىدۇ، ئۆزى ئىختىيار قىلسا داۋاملىق ئىشلەۋەرسىمۇ

بولدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. ئەسكەر چاقىرىش ئىككى
خىل ئۇسۇل بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى: (1) قىسىم ئەسكەر-
گە ئېھتىياجلىق بولغاندا يەرلىك ھۆكۈمەت ئېلان چىقىرىپ،
ياشلارنى ئۆزلۈكىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇپ ھەربىي سەپكە
كىرىشكە چاقىرىش؛ (2) ھەربىي سەپكە كىرىشنى خالايدى-
غانلار ئېھتىياجنى قاندۇرالمىسا يەرلىك ئاساسىي قاتلام
ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ئەسكەرلىككە توغرا كېلىدىغان ياشلارنىڭ
ئائىلە ئەمگەك كۈچى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە باشقا ئەھۋال-
لىرىغا ئاساسەن، كىمنىڭ ئەسكەر بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش.
ئەسكەر چاقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قى-
لىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە يېزىلارغا چۈشۈپ تەش-
ۋىقات ئېلىپ باراتتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بولۇپمۇ 1946-
يىلىدىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت ئېلان چىقارغان ھامان چاقى-
رىققا ئاۋاز قوشۇپ ئەسكەر بولىدىغانلار ناھايىتى كۆپ چى-
قاتتى. بىر قېتىم ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى 3000 ئەسكەر ئېلىنىدى-
غانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقارغانىدى. ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا
سان توشۇپ بولغان. ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ۋاقتى
ئۈچ يىلغا تولغان جەڭچىلەر ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندە
ئۇلارغا بىر قۇر كىيىم ۋە 300 تەڭگە قىممىتىدىكى چېكى-
نىش پۇلى بېرىلەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر چېكىنسە ئۆزى
مىنگەن ئېتىنى ئېگەر-جابدۇقلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كې-
تەتتى. 1945-يىلدىن 1949-يىلغىچە مىللىي ئارمىيىدە
ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈش
خىزمىتى ئىشلەندى. 1946-يىلى 11 ماددىلىق تىنچلىق
بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە
ئاساسەن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى 1-قېتىم قىسقارتىلدى.
2-قېتىملىقى 1947-يىلى، 3-قېتىملىقى 1949-يىلى

ئېلىپ بېرىلدى. مىللىي ئارمىيىدە ئەسكەرلەر مەجبۇرىيەت ئۆتەش خاراكتېرىدە، ئوفىتسېرلار كەسپىي خاراكتېرىدە ئىدى. ئەمما ئوفىتسېرلار قىسىملار تۈركۈملەپ قىسقارتىلغان چاغلاردا ئېھتىياجىغا قاراپ كەسپىي ئالماشتۇرۇلۇپ يەرلىككە ئەۋەتىپمۇ بېرىلەتتى.

مىللىي ئارمىيىدە باشلىقلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولغاچقا، قىسىملاردا تۆۋەن دەرىجىلىكلەر يۇقىرى دەرىجىلىككە بويسۇنۇش، بۇيرۇقنى كەم-كۈتىسىز ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر ناھايىتى قاتتىق ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇش ئىستىلى جىددىي ئىدى، قائىدە-يوسۇنغا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. خىزمەتتە پىلانچانلىق تەلەپ قىلىناتتى. ئادەتتىكى چاغدا پولك، باتالىيون، روتىلاردا ھەر ئاينىڭ بېشىدا شۇ ئايلىق خىزمەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلاتتى. قىسىملار تازىلىققا ئەھمىيەت بېرەتتى، ياتاق، ئاشخانىلار پاك-پاكىز تۇتۇلاتتى. جەڭچىلەرنىڭ ئايدا بىر قېتىم مۇنچىغا چۈشۈشى بەلگىلەنگەن، ئۇلار كىيىم-كېچەكلىرىنى ۋاقىت قارايىدا يۇيۇپ ۋە ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. تاماق تۈرلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. ھەر ھەپتىدە ھەپتىلىك تاماق جەدۋىلى تۈزۈلەتتى. قىسىملارنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى خېلىلا ياخشى ئىدى، ئوتدېلېنىيە، ۋزۋودلاردا ئۆزىگە تۇشلۇق كۇتۇپخانىلار، گېزىت-ژۇرناللار بار ئىدى. دائىم كىتاب-ژۇرنال سېتىۋېلىنىپ تۇراتتى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى يەنە ھەرقايسى مەزگىللەردە «جەڭچىلەر قوللانمىسى»، «ھەربىيلەر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار»، «ساقلىقنى ساقلاش قوللانمىسى» قاتارلىق ئۇستاپ-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ جەڭچىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ تۇراتتى. جەڭچىلەر ئۇنى دائىم ئۆگىنىپ، ئۆز ھەرىكىتىنى

شۇنىڭغا توغرىلايتتى. 1946 - يىل 1 - ئايدا، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن تارقىتىلغان «جەڭچىلەر قوللانمىسى» دىكى «جەڭچىلەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى» دېگەن ماددىدا مۇنداق بەلگىلەنگەنىدى:

ئۇرۇش جەڭچىلەرنىڭ قەيسەرلىكى ۋە ماددىي، ئەخلاقىي سۈپىتىنى سىنايدىغان ئەڭ زور سىناق.

جەڭدە جەڭچىلەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، باتۇرلۇق كۆرسىتىشى، قەيسەر، ئۈمىدۋار بولۇشى، باشتىن - ئاخىر يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇپ، دۈشمەننى يوقىتىشى زۆرۈر.

جەڭچىلەر كوماندىرلارنىڭ بارلىق بۇيرۇقىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى ۋە دەرھال ئىجرا قىلىشى شەرت.

ئۆز ئوتدېلېنىيە، گۇرۇپپاۋە ۋزۋودىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوبدان چۈشىنىشى ھەمدە قولىدىكى قورالنى پىششىق بىلىشى ۋە ئوبدان ئىشلىتەلەيدىغان بولۇشى شەرت.

ھەر بىر جەڭچى دۈشمەنگە نەپرەتلىنىشى، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ساقلىشى كېرەك... ھەرقانداق ئەھۋالدا — ئۆلۈم ئالدىدىمۇ، ئەسىرگە چۈشكەن چاغلاردىمۇ ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقى لازىم.

جەڭچىلەر مۇندۇلارنى ئېسىدە ئوبدان تۇتۇشى كېرەك: دۈشمەننىڭ ھەرقانداق ئوت كۈچى، ئاپتوماتى ۋە ئوت چاچار قوراللىرى جەڭچىلەرنى قورقۇتالمايدۇ. جەڭدە دۈشمەننى ئۆزىنىڭ ئوت توچكىسىغا يېقىنلاشتۇرماسلىقى لازىم. دۈشمەن يېقىنلاشماقچى بولىدىكەن، مىلتىق ۋە پىلىموت بىلەن ئېتىپ يوقىتىشى لازىم.

جەڭچىلەر تانكا يوقىتىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

جەڭدە كوماندىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز ئورنىنى

ئۆزگەرتىشى لازىم.

جەڭدە يولداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشى، كوماندىرنى ھىمايە قىلىشى، قوغدىشى كېرەك. كوماندىر ئۆلۈپ كەتسە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى دادىل ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. سەپتىن چۈشۈپ قالغاندا دەرھال قوشنا قىسىملارغا قاتنىشىپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم. يارىدار بولغاندا يارىسىنى دەرھال تېڭىۋېلىپ، جەڭ قىلىۋېرىشى كېرەك... .

يۇقىرىقىلاردىن مىللىي ئارمىيىدە جەڭچىلەردىن جەڭدە جاپادىن، قان ئاققۇزۇشتىن، قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق، باتۇر، قەيسەر، زېرەك، چاققان بولۇش، بۇيرۇققا بويسۇنۇش، قوماندىرغا ئىتائەت قىلىش، بارلىق دۈشمەننى قەتئىي يوقىتىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جەڭ مەيدانى ئىنتىزامى ۋە ئاممىۋى ئىنتىزام ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغانىدى. مەسىلەن، ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئالغان بۇيۇملارنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش، ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىق، قورال تاشلاپ تەسلىم بولغان ئەسىرلەرنى خارلىماسلىق؛ ئاممىنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان سالماسلىق؛ ئاياللارغا چېقىلماسلىق قاتارلىقلار بەلگىلەنگەنىدى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مىللىي ئارمىيىنىڭ باشلىقلىق تۈزۈمىدە بەزىبىر ناباب جايلارمۇ بار ئىدى. گەۋدىلىك بولغىنى قىسىملاردا دېموكراتىيە كەمچىل ئىدى، بۇ خىل ھالەت قىسىملارنىڭ ھەربىي، سىياسىي ۋە ئارقا سەپ خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەسىلەن، تۆۋەن يۇقىرىنى تەنقىد قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بەزىدە ھەتتا جازاپەرەسلىك ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىپ قالاتتى. مەسىلەن، بەزى ئوفىتسېرلار جەڭـ

چىلەرنى گۈپپاق (مىرزاقاماق) قا سولاش ھوقۇقىنى قالايمى-
قان ئىشلىتىپ، جەڭچىلەر ئازراق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىلا
گوپپاققا سولاپ قوياتتى. بۇ، ئوفىتسېرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ
مۇناسىۋىتىگە بەزى تەسىرلەرنى يەتكۈزگەنىدى.

## مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭ قىلىش ئالاھىدىلىكى

1944-يىلدىن 1949-يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بى-
لەن ئازاد قىلىنغانغا قەدەر مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ قوشۇن-
لىرىغا قارشى تەخمىنەن 50 قېتىمدەك جەڭ قىلدى، بۇ-
نىڭ ئىچىدە 23 قېتىملىق جەڭنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولدى.
بۇ چوڭ-كىچىك جەڭلەردە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئازغى-
نا كەم 10 نەچچە مىڭ ئادىمى يوقىتىلدى، ئۆز ئارمىيە-
مىزدىن مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قۇربان بولدى، مىللىي ئارمى-
يە جەڭدە ئاساسەن پارتىزان ئۇرۇشى بىلەن مۇنتىزىم ئۇ-
رۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇرۇش شەكلىنى قوللاندى.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ،
ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىشچان، قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق،
قاتنىشى قولايسىز بولغاچقا، ئۇرۇشتا ئارقا سەپ تەمىناتى
ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى دۈشمەن بىلەن ئۆ-
زىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گومىنداڭ قوشۇنلى-
رىنىڭ ئادەم سانى كۆپ، قورال-ياراغلىرى خىل ئىدى،
ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مىلتىق تۇتاتتى، بىر قىسىم ما-
تورلاشقان قىسمى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. بىراق
ئۇلارنىڭ جايلىشىشى تارقاق، ساقلايدىغان نۇقتىلىرى كۆپ،
لىنىيىسى ئۇزۇن ئىدى. ئۇلار جەڭ قىلىش فاڭجېنى جەھەتتە
پاسسىپ ھالدا نۇقتىلارنى مۇداپىئە قىلىش چارىسىنى

قوللانغانىدى. بولۇپمۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىۋى مۇھىتى بىلەن ناتونۇش ئىدى، شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ماسلىشالمايتتى، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە تېخىمۇ ئېرىشەلمەيتتى. مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ ئادەم سانى ئاز، قورال-ياراغلىرى ناچار، قىسىملىرى كۆپ تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، تەبىئىي شارائىت، كىشىلەرنىڭ رايى قاتارلىق جەھەتلەردە گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەۋزەل شەرت-شارائىتقا ئىگە ئىدى. پارتىزان ئەترەتلىرىمىزنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى:

(1) ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك. پارتىزان ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى كۆپىنچە 20 — 35 ياش ئارىلىقىدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىنقىلابقا قاتناشقان. ئۇلار شۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولغاچقا، ئۆز يۇرتىنىڭ ھەممە يېرىنى، ھەممە نېمىسىنى پىششىق بىلەتتى، ئۇزاق مۇددەتلىك دالا تۇرمۇشىغا ماسلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، قەھرىتان سوغۇق، تومۇز ئىسسىقلاردا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى.

(2) ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك. پارتىزان ئەترىتىنىڭ كۆپىنچىسى ئاتلىق ئىسكادرونلار ئىدى. پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى ئات مىنىپ كېتىۋېتىپ قورال ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ھەر بىر پارتىزاندا بىردىن ئات بولغاندىن سىرت، يەنە زاپاس ئاتلار ۋە يۈك توشۇيدىغان ئاتلار بار ئىدى. شىنجاڭدەك بۇنداق زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، تاغ-داۋانلار، چۆل-جەزىرىلەر كۆپ، يوللار كەمچىل، زامانىۋى قاتناش قوراللىرى يېتەرسىز بولغان ماكاندا ھەرىكەتچانلىق جەھەتتە ئاتلىق

پارتىزانلارنىڭ گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ پىيادە قىسىملىرى-
دىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا قىل سىغمايتتى. ئاتلىق
ئەسكەرلەر تېز ھۇجۇمغا ئۆتۈش، تېز يۆتكىلىشتەك ئالاھىدى-
لىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پارتىزان ئەتىرىتىنىڭ مۇقىم
تۇرالغۇ جايى بولمىغاچقا، ھەمىشە جەڭنىڭ ئېھتىياجىغا
ئاساسەن، تېز ھۇجۇم قىلىپ، تېز يۆتكىلىپ ياكى چېكىنىپ
تۇراتتى.

(3) تەمىنلەش قولايلىق ئىدى. پارتىزانلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى نامرات دېھقان، چارۋىچىلار بولغاچقا، جاپالىق،
كۆچمەن تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئۇلارغا نان، تالقان،
سۇ، سۈت، چاي قاتارلىق نەرسىلەر بولسىلا تۇرمۇش كەچۈ-
رىۋېرەتتى. ھەربىر پارتىزان ئۆزى بىللە 7 - 10كۈن-
لۈك ئوزۇقلۇقىنى ئېلىپ يۈرەلەيتتى. سۇ كەم چۆل - جەزىرى-
لەردىن ئۆتكەندە تۇلۇمغا سۇ قاچىلىۋالاتتى. قونۇش ياكى
ئات - ئۇلاغلارنى بېقىشقا توغرا كەلگەندە، تاغلاردىكى يايلاق،
قوتانلاردا، تۈزلەڭلىكلەردىكى گەمىلەردە، يېزا - كەنتلەردە
يېتىۋېرەتتى. بەزىدە مەكتەپ، مەسچىت ياكى چارۋىچىلارنىڭ
كىگىز ئۆيلىرىدە قونۇپ قالاتتى. بەزىدە ئورمانلىق، قومۇش-
لۇقلار ئارىسىدا قوناتتى. قىش كۈنلىرى كىگىز، جۇۋا، ھاي-
ۋانلارنىڭ تېرىسى ۋە پاختىلىق چاپانلارنى يېپىنچا قىلاتتى.
پۇتىغا پىيما كىيەتتى، ياز كۈنلىرى لازىملىق نەرسىلەرنى
ئۆزى كۆتۈرۈپ يۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئېلىپ يېنىك
جابدۇنۇۋالاتتى.

(4) يەرلىك ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ
ئالاقە باغلىيالايتتى. پارتىزانلار خەلق ئارىسىدىن كەلگەن
بولغاچقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر
ئىدى. قەيەردە ئۇرۇش قىلسا شۇ يەردىكى خەلق ئاممىسى

ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەشكىللىنىپ، پارتىزانلارغا ئۇزۇق-
لۇق، يەم-خەشەك قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى.
بەزىدە ناسلكا ئەترىتىنى تەشكىللەپ، ياردار-كېسەللەرنى
قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىزانلار خەلق ئاممى-
سى ئىچىدە مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئىدى. بۇ ئاساس
خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بولغان چەك-
سىز نەپرىتىدىن، پارتىزانلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد
قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىغا بولغان چەكسىز مۇ-
ھەببىتىدىن كەلگەنىدى.

پارتىزانلار بۇ خىل روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى
قىلدۇرۇپ، جانلىق ھەرىكەتچان تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، جەڭ-
دە ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قازاندى. غۇلجا قوزغىلىڭىنى ئې-
لىپ ئېيتساق، گومىنداڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق
ئەسكىرى كۈچى غۇلجا شەھىرىدە تۇراتتى، غۇلجا شەھىرى-
دە جەمئىي ئىككى پولك بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا كۈرە،
قورغاس، سۇيدۇڭلەردە بىردىن ئامانلىقنى ساقلاش پولكى
بار ئىدى. ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئازراقتىن قوراللىق ساق-
چىلارمۇ بار ئىدى. دۈشمەن ئەسكىرى كۈچى كۈچلۈك ئەھۋال
ئاستىدا غۇلجا شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلىش
ناھايىتى قىيىنغا چۈشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىزانلار
غۇلجا شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەشۋىقات، تەشكى-
لات خىزمەتلىرىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت،
ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ كۈچى ئاجىز بولغان نىلقا ناھىيىسى-
نىڭ ئۇلاستاي تاغلىق رايونىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، پارتىزان
ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىنى
شەھەردىن يۆتكەپ تاغ ئۈستىگە جەلپ قى-
لدۇ. قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپىدە، دۈشمەن بىر ۋزۋود

ئەسكەر ئەۋەتىپ، كېيىن ئۇنى بىر روتىغا كۆپەيتىش
ئارقىلىق، ئىلىغا بولغان يارىدەمنى كۈچەيتىدۇ، پارتىزانلار
يارىدەمگە كەلگەن دۈشمەنگە قارشى بىرنەچچە قېتىم جەڭ
قىلىپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ناھىيە بازىرىنى ئۆز
ۋاقتىدا ئىشغال قىلىدۇ. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىشنىڭ چو-
ڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىلىقا پارتىزانلىرىنى بۆشۈ-
كىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش مەقسىتىدە غۇلجىدىن بىر پولك
كەلگۈدەك ئەسكەر يۆتكەپ، ئىلىغا بۆلۈنۈپ ھۇجۇم قىلىدۇ.
بۇ چاغدا پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ بۇنداق كۈچلۈك دۈشمەن-
گە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ-
لار دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىدىن ئۆزىنى تارتىپ، يەر تۈ-
زۈلۈشىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، كۆنەس ئاق قوي
فېرمىسى، مازار، قاراتۆپە، پاسىلگەن، تاشداۋان، چوڭ-
كىچىك قاراسۇ، قىزىل قاتارلىق تاغلىق جايلاردا دۈشمەن
بىلەن ھەپىلىشىپ، دۈشمەننى تاغلىق رايوندا بۇرنىدىن يې-
تىلەپ يۈرۈپ، پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ ئاجىز قىسمىنى
يوقىتىدۇ.

ئىلىدا پارتىزان ئۇرۇشى قانات يېيىش بىلەن بىرگە
لوسىگو، قورغاس، سۈيدۈڭ رايونلىرىدىكى پارتىزانلارمۇ كەڭ-
ساي داۋىنىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزى ۋە قورغاسنى ساقلاپ يات-
قان دۈشمەننى ناھايىتى تېزلا يوقىتىپ، كۆرە بىلەن سۈي-
دۈڭ ناھىيە بازىرىنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ يەردىكى دۈشمەننىڭ غۇلجا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈ-
زۈپ تاشلىنىدۇ.

بۇنداق بىر پايدىلىق پەيتتە، ئىلىدا پارتىزانلىرىنىڭ
ئاساسىي كۈچى تاغ يوللىرى ئارقىلىق بىر كې-
چە-كۈندۈز جىددىي ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، دۈشمەنگە

تۇيۇدۇرماي غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، غۇلجىدىكى پارتىزانلار بىلەن بىرلىشىپ، غۇلجىدا دەرھال قوزغىلاڭ كۆتۈردۇ ۋە بىرنەچچە كۈندىلا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ غۇلجىدىكى كۆپ قىسىم ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، قوزغىلاڭنىڭ غەلىبى-سىنى قولغا كەلتۈردۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-لابىي ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، ئىنقىلابنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىنقىلاب مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئاساس سېلىندۇ.

بۇ ئۇرۇش پارتىزانلارنىڭ جەڭ قىلىش ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىشتە ئوبدان مىسال بولالايدۇ. پارتىزان-لار دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دۈش-مەننى تاغلىق رايونلارغا ئالداپ ئېلىپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق، دۈشمەننى پارچىلاپ، بۆلۈپ، ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاجىز جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. نەتى-جىدە، دۈشمەن پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ھەممە يەردە دەككىسىنى يەيدۇ. پارتىزانلار بولسا كەينى-كەينىدىن غەلىبە قازىنىدۇ.

شىخو، جىڭ ئۇرۇشى پوزىتسىيە ئۇرۇشى ئاساس قىلىنغان، پارتىزان ئۇرۇشى قوشۇمچە قىلىنغان ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. گو-مىنداڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى بارلىق مۇداپىئە رايونلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، نائىلاج ھۇجۇمدىن مۇدا-پىئەگە ئۆتىدۇ. ئۇلار مىللىي ئارمىيىنىڭ داۋاملىق شەرققە ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، جىڭ، شىخونى ئاساسىي مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇستەھكەم ئىستىھكاملارنى ياساپ، قاتمۇ قات مۇداپىئە تورلىرىنى ئورنىتىپ، بۇ ئىككى جاينى چىڭ ساق-لىماقچى بولىدۇ. ئۇلار جىڭ بىلەن شىخو مىللىي ئارمىيە ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان چوڭقۇر ھاڭ، بۇ ئىككى ئارىلىق بىر گەۋدە قىلىپ تۇتاشتۇرۇلدى، بىر-بىرىگە ياردەم بېرەلەيدۇ، جىڭ

قولدىن كەتكەن تەقدىردىمۇ شىخونى چوڭ ھەربىي لاگىر
سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرالايمىز، دەپ قارايدۇ. مىللىي ئارمىيە
ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ئاقسۇ، قارا-
شەھەر قاتارلىق جايلاردا پارتىزان ئۇرۇشىنى زور كۈچ بىـ
لەن قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەننى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
ئەسكىرىي كۈچىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالغا يۆتكىيەلـ
مەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ھەمدە دۈشمەننىڭ كۈچى
زور، قورال-ياراغلىرى خىل، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم ئىكەنـ
لىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پوزىتسىيە ئۇرۇشى بىلەن پارتىزان
ئۇرۇشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ شىخو بىلەن جىڭنى ئېلىش،
دۈشمەن ئارقا سېپىدە پارتىزان ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ،
دۈشمەننى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ئاندىن ھۇجۇم جېڭىنى ئا-
ساس قىلغان ھالدا، دۈشمەننى مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھـ
كاملىرى ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ، ھەرىكەت داۋامىدا يوقىتىشـ
نى پىلانلايدۇ.

مىللىي ئارمىيە ئالدى بىلەن شىخو، جىڭ رايونلىرىـ
دىكى قاراتاش، مايتاغ، قىرىققۇدۇق، ساۋەن، ئالاۋۇسۇن
قاتارلىق جايلاردا پارتىزان ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنـ
گە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بېرىدۇ، قاتناشنى بۇزۇپ تاشـ
لايدۇ، جىڭ بىلەن شىخو، يەتتەياغاچ ئارىلىقىدىكى كۆۋـ
رۈكلەرنى چۇۋۇپ تاشلايدۇ، شىخو بىلەن جىڭ، شىخو بىـ
لەن چۆچەك ئارىلىقىدىكى تاشيوللارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. شىـ
خو بىلەن جىڭنى قورشىۋېلىپ، ئاۋۋال جىڭغا ھۇجۇم قىلماي،
بەلكى شەرق تەرەپتىكى شىخوغا ھۇجۇم قىلىدۇ. مىللىي ئار-
مىيە قىسىملىرى دۈشمەننىڭ نۇقتىلىق مۇداپىئە لىنىيىسىدىن
ئەگىپ ئۆتۈپ، بورتالا، قىزىلتۇر ئارقىلىق شىخونىڭ شىـ

مالىدىكى چەپەيزىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان
دۈشمەننى يوقاتقاندىن كېيىن شىخونىڭ شەرقىي شىمالىي
تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئويلىمىغان
يېرىدىن چىقتى. دۈشمەن تانكا، ئايروپىلان، زەمبىرەكلىرىـ
نى ئىشقا سېلىپ جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ باقـ
قان بولسىمۇ، ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، ماناسقا قاراپ
قاچتى. قاچقان دۈشمەننىڭ كۆپ قىسمى ئاتلىق ئەسكەرلىـ
رىمىز تەرىپىدىن قوغلاپ يوقىتىلدى. شىخو ئازاد قىلىنـ
غاندىن كېيىن، جىڭدىكى دۈشمەن يېتىم قالدى. شۇنىڭ
بىلەن مىللىي ئارمىيە ئارقىدىنلا جىڭغا شىددەتلىك ھۇجۇم
قوزغايدۇ. دۈشمەن بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۈرۈمچى-ئىلى
تاشيولىنى بويلاپ شەرققە قاراپ قاچماقچى بولىدۇ. لېكىن،
ئالدىدىن توسۇپ زەربە بېرىش، ئارقىسىدىن قوغلاش، ئوتـ
تۇرىدىن پارتىزانلار تۇيۇقسىز زەربە بېرىش نەتىجىسىدە
دۈشمەننىڭ بىر ئاتلىق ئىسكادرونىنىڭ ئايلىنىپ قېچىپ ئۈرۈمـ
چىگە كېلىۋالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان بارلىق
دۈشمەن يوقىتىلدۇ ياكى ئەسىرگە ئېلىندۇ.

شىمالىي يۆنىلىشتىكى جەڭدە، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىمىز
دۈشمەننى كۆپىنچە ھەرىكەت داۋامىدا يوقىتىدۇ. قىسىملىرىـ
مىز جەڭدە دۈشمەننى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇنـ
لاشتۇرۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، جانلىق كۈچلىرىنى خوـ
رىتىپ، جان قايغۇسىنى قىلىدىغان ھالسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوـ
يىدۇ. ئارمىيىمىز دۈشمەن يۈرۈش قىلىپ كېتىۋاتقاندا پۇرسەت
تېپىپ، ئۇلارنى پارچىلاپ قورشىۋېلىپ، بىر-بىرلەپ
يوقىتىدۇ.

# مىللىي ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتى

مىللىي ئارمىيەدە بىر يۈرۈش سىياسىي خىزمەت سىستېمىسى ئورنىتىلغان. شتات بويىچە، مىللىي ئارمىيەدە سىياسىي بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ، بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر ۋە بىرنەچچە نەپەر خىزمەتچى خادىم قويۇلغانىدى. پولكتا سىياسىي مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، باتالىيون، روتا (ئېسكادرون) لاردا سىياسىي رەھبەر قويۇلغانىدى. مىللىي ئارمىيەدە باشلىقلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولغاچقا، سىياسىي خىزمەتچىلەر شۇ دەرىجىلىك ھەربىي باشلىقلارغا قارايتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىمۇ شۇ ئورۇندىكى ئاساسلىق ھەربىي باشلىقتىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇراتتى. پولكنىڭ سىياسىي مۇئاۋىن كوماندىرى ئادەتتە پودپولكوۋنىك، مايور بولاتتى، پولك كوماندىرلىرى بولسا پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك بولاتتى؛ باتالىيوننىڭ سىياسىي رەھبىرى ئادەتتە پورۇچىك، روتىنىڭ سىياسىي رەھبىرى پودپورۇچىك بولاتتى. پولكنىڭ سىياسىي مۇئاۋىن كوماندىرى، باتالىيون، روتىلارنىڭ سىياسىي رەھبەرلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھەربىي باشلىق ھېسابلىنىدىغان پولك كوماندىرى، باتالىيون، روتا كوماندىرلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت قىلاتتى. ئەمما ئۇلار يۇقىرىدىن تەيىنلىنەتتى. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: 1) قىسىملارنىڭ سىياسىي-ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئاقارتىش تەربىيىسىنى تۇتۇش. مەسىلەن، سىياسەت، ئېقىم مەسىلىلىرى ھەققىدە دەرس ئۆتۈش، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، ئاقارتىش ئېلىپ بېرىش؛ 2) مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش. قىسىملارنى

ناخشا ئېيتىش، ئويۇن قويۇش، شاھمات ئويناش ۋە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش. ئادەتتىكى ئەھۋالدا باتالىيوندا ئايدا بىر قېتىم ئويۇن قويۇلاتتى. تەنتەربىيە پائالىيىتى قىسىملاردا كەڭ ئەۋج ئالغانىدى. مەسىلەن، ۋالىبول، پۇتبول، ئارقان تارتىشىش، يالاڭ تورنىك، قوش تورنىك، توسالغۇلاردىن ئۆتۈش قاتارلىق ھەربىي تەنتەربىيە تۈرلىرىنى كوماندىر-جەڭچىلەر بەكمۇ ياقتۇراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، جەڭچىلەر ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، گازارما ئىچىدە، ھەربىي مەشىق قىلغاندا، چوڭ يىغىنلارغا كېتىۋاتقاندا ۋە يىغىندىن تارقاپ ئۆز گازارمىلىرىغا قايتىۋاتقاندا، روتا ۋە ۋزۋود بويىچە ناخشىلارنى ئوقۇپ، ھەيۋەتلىك ماڭاتتى. بۇ يەردە مەن ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيدىغان ناخشىلاردىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكۈم كەلدى:

### جەڭچى باللار

قاتار-قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
كۆرەش ئۈچۈن قورال ئېلىپ ئاتلانغانلار،
ۋەتەن، خەلق قەھرىمانى پىدائىيلار،
جانىم بالام ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئوغلىڭىزنىڭ «باتۇرلۇق» دەپ ئۇنۋانى بار،
مەيدىسىدە زىننەتلەنگەن نىشانى بار،
ۋەتەننى ئازاد قىلىش ئارمانى بار،
جان بالام دەپ يېشىڭىزنى تۆكمەڭ ئانا.

ئەسىرلەردىن قۇلدارلىقنىڭ ھۆكمى سۈرگەن،
قۇتۇلۇپ بىز ئازادلىققا چىققان چاغدا،
ئاسارەتنىڭ زەنجىرىنى ئۈزگەن چاغدا،
جان بالام دەپ يېشىڭىزنى تۆكمەك ئانا.

## گاڭغا ئايلاندۇق

كۈچلۈك قوللاردا تۇتتۇق قورالنى،
گاڭغا ئايلاندى مۇشتۇملىرىمىز،
بىزدە يېڭىلىش يوق، چوقۇم بولمايدۇ،
چۈنكى ئۆسمەكتە قوشۇنلىرىمىز.

يۈرۈڭلار بارايلى ئالدىنقى سەپكە،
ئاتاكا قىلايلى دۈشمەننى قوغلاپ.
ئېتىپ پىلىموت، تاشلاپ گرانات،
دۈشمەنگە بېرەيلى ئەجەللىك دەككە.

## ئانىجان

ئانىجان يادىمدا بار،
تىنماي ئازاب چەككەنلىرىڭ.
كېچىلەردە ئۇخلىماي،
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

ئون سەككىز ياشىمغىچە،
شەربەت بېرىپ باققاندىڭ.
يىغلىما جانىم ئانا،
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى.

چۈنكى مەن دۈشمەن بىلەن
مەيداندا جەڭ قىلغاندىم.
كۆپلىرىنى يوقىتىپ،
كۆكرەكتىن ئوق يېگەندىم.

يىغلىما جانىم ئانا،
هەر جايدا باردۇر بۇ ئۆلۈم،
ۋەتىنىم، خەلقىم ئۈچۈن،
شان-شەرەپتۇر بۇ ئۆلۈم.

بۇ جەڭگىۋار ناخشىلار مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى، ۋەتەن خەلقىگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەتتى. 3) ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى. بۇ خىزمەتتە نۇقتىلىق هالدا هەربىي فورما، تازىلىق خىزمىتى، جەڭچىلەر ئارىسىدا كوماندىرلارنىڭ بۇيرۇقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرنىڭ بار-يوقلۇقى تەكشۈرۈلەتتى. 4) جەڭ ۋاقتىدىكى سىياسىي خىزمەت. بۇنىڭدا هەربىي يۈرۈش جەريانىدا، جەڭ ئارىلىقىدا سىياسىي رەهبەرلەر تايانچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىلغارلار ۋە نەمۇنىچىلارنى تەقدىرلەش، ناچار هادىسىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىش، هەر قېتىملىق جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، هەرقايسى روتىلارنىڭ سىياسىي رەهبەرلىرى رىياسەتچىلىك قىلىپ باهالاش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش، غەنىيمەت ئېلىنغان ماددىي بۇيۇملارنى تىزىملاپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، يالغان مەلۇم قىلىش، يوشۇرۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يارىدارلار، كېسەللەردىن هال سوراش خىزمەتلىرى ئىشلىنەتتى. 5) ئاممىۋى خىزمەت. مەسىلەن، قىسىملارغا ئاممىۋى

ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىلەتتى. ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋاقتىدا تەكشۈرۈلەتتى، يەرلىكتىن ھال سوراش پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلاتتى. قىسىملار ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللىنەتتى. 1946 - يىل 7 - ئايلاردا شىخو، يەنسىخەيلەردە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەندە، ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى شىخوغا كېلىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىشتىكى قىسىملىرىنى چېكەتكە ئاپىتىگە قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، خەلقنىڭ ئاشلىقلىرىنى چېكەتكە ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنىدى.

مىللىي ئارمىيىدىكى بىر قىسىم سىياسىي خىزمەت قىسىملاردىكى سىياسىي خىزمەت خادىملىرىدىن باشقا، «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى»، كېيىن «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى 1945 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ياشلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەشكىلاتى ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى رەئىسلىكىنى ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈستىگە ئالغانىدى. كېيىن سەيپۇللايوۋ رەئىس بولغان. بۇ تەشكىلاتتا باش كومىتېت تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتى، مىللىي ئارمىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. ياشلار تەشكىلاتى تەرىپىدىن «كۈرەش» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان. بۇ ژۇرنالدا دائىم ماركس - لېنىنلارنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى قىسقارتىپ ئېلان قىلىناتتى. سوتسىيالىزم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق قىلىناتتى، ياشلارغا ئىلغار ئىدىيە سىڭدۈرۈلەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ

11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان رەزىل
قىلمىشلىرى ئېچىپ تاشلىناتتى. مىللىي ئارمىيىدىكى ئارمىيە،
پولك، باتالىيوندىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەشكىلىنىڭ
ھەممىسىدە ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ شۇ دەرىجىلىك
كومىتېتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلار-
نىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئادەتتە سىياسىي خىزمەت
ئىشلەيدىغان شۇ دەرىجىلىك رەھبەرلەر قوشۇمچە ئۈستىگە
ئالاتتى. شۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە كومىتېتىدا 20 ھەي-
ئەت تەسىس قىلىنغان، سىياسىي بۆلۈم خىزمەتچىلىرى ئىچى-
دىن بىر ئادەم مەخسۇس ياشلار خىزمىتىنى باشقۇراتتى.
ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورنى گۇرۇپپا بولۇپ،
ھەربىر روتىدا بىرنەچچىدىن گۇرۇپپا بار ئىدى. گومىنداڭ-
غا قارشى قوراللىق كۈرەش قىلغان مەزگىللەردە ياشلار تەش-
كىلاتى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ياشلارغا كەڭ كۆ-
لەملىك ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق تەربىيىسى ئېلىپ بارغا-
نىدى. مىللىي ئارمىيىدە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ياش
جەڭچىلەرنى قۇربان بولۇشتىن، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماي،
مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قەھرىمانلارچە
كۈرەش قىلىشقا، دۈشمەننى كۆپلەپ يوقىتىپ خىزمەت كۆر-
سىتىشكە ئىلھاملاندۇراتتى. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن
كېيىن، ياشلارنى تىنچلىقنى قوغداش، تىنچلىق بىتىمىنى ئىز-
چىل ئىجرا قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋى-
سىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەت-
چىلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قاراتقان ئاغدۇرمىچىلىق، بۇزغۇنچى-
لىق ھەرىكىتىنى تارمار قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشقا
چاقىراتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي
مەقسىتى ياشلارغا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى

ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قەيسەر ئىرادە ۋە ساغلام
بەدەنگە ئىگە كىشىلەردىن بولۇپ چىقىش توغرىسىدا تەربىيە
ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەزكۇر تەشكىلات يەنە پائال
تۈردە ياشلارنى گۇرۇپپىنى بىرلىك قىلغان هالدا مەدەنىيەت
ئۆگىنىپ، ساۋات چىقىرىشقا تەشكىللەپ تۇراتتى. ئەينى ۋا-
قىتتا، مىللىي ئارمىيىدىكى ياش جەڭچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ-
چىلىكى نامرات دېهقان-چارۋىچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان
بولغاچقا، ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارى-
سىدا ساۋاتسىزلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. شۇڭا،
سىياسىي خىزمەت خادىملىرى قىسىملاردىكى ياشلار تەشكىلاتى ئار-
قىلىق مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ساۋات چىقىرىشنى دائىملىق مۇهىم
خىزمەت سۈپىتىدە تۇتاتتى. مەدەنىيەتنى ئوموملاشتۇرۇش
تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيىنىڭ
هەرقايسى روتىلىرىدا بىردىن كىچىك كۇتۇپخانا قۇرۇلغان
بولۇپ، بۇ كۇتۇپخانىغا ئۈچ ۋىلايەتتە نەشر قىلىنغان هەر
خىل كىتاب، گېزىت-ژۇرناللار هەم سوۋېت ئىتتىپاقىدا
نەشر قىلىنغان «شەرق هەقىقىتى» ژۇرنىلى ۋە باشقا
كىتاب-ژۇرناللار قويۇلغانىدى. هەرقايسى باتالىيون،
پولكلاردىمۇ كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا خېلى كۆپ ساندىكى
كىتاب-ژۇرناللار، هەرخىل رومانلار بار ئىدى. ياشلار تەش-
كىلاتى يەنە ياشلارنى مەدەنىيەت-تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە،
مەسىلەن، ناخشا ئېيتىشىش مۇسابىقىسىگە، ئويۇن قويۇشقا، توپ
مۇسابىقىسى، چېلىشىش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە
پائال تەشكىللەيتتى. بولۇپمۇ ۋالىبول، پۇتبول ئويناش
جەڭچىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئەڭ ئوموملاشقان تەن-
تەربىيە پائالىيىتى هېسابلىناتتى. بۇ ئەنئەنە شىنجاڭ تىنچ-
لىق بىلەن ئازاد بولۇپ، مىللىي ئارمىيە پارەسرووپكا قىلىنىپ

5-كورپۇسقا ئۆزگەرتىلگەنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئاساس بولغاچقا، 5-كورپۇس غەربىي شىمال ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ناھايىتى ئوبدان نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى. قىسقىسى، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا تايانچلىق روللارنى ئويناپ كەلگەنىدى.

1948-يىل 8-ئايدا، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى «ئىتتىپاق»نىڭ ئەزالىقىغا ئۆتتى، مىللىي ئارمىيىدە «ئىتتىپاق»نىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. «ئىتتىپاق» مىللىي ئارمىيىدىكى كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانغا قەدەر «ئىتتىپاق» ئەزالىرىنىڭ مىللىي ئارمىيىدىكى سانى 10 مىڭ 545 كىشىگە يەتكەنىدى. بۇ سان پۈتۈن مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر سانىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

مىللىي ئارمىيىدىكى «ئىتتىپاق» تەشكىلى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، روتا، باتالىيون، پولك ۋە مىللىي ئارمىيە بويىچە ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلغان بولۇپ، باتالىيوندىن يۇقىرى ئورۇنلاردا «ئىتتىپاق» كومىتېتى قۇرۇلغانىدى. باتالىيون «ئىتتىپاق» كومىتېتى ئۈچ كىشىدىن، پولك ۋە مىللىي ئارمىيە «ئىتتىپاق» كومىتېتلىرى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپاتتى. ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى تەشكىلات، تەشۋىقات ۋە خوجىلىق قاتارلىق تۈرلەر بويىچە خىزمەت تەقسىم قىلىشىۋالاتتى. روتىلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئادەتتە ئوفىتسېرلار گۇرۇپپىسى، ئوتتىلىبىنىيە كوماندىرلىرى گۇرۇپپىسى (بۇ ئوتتىلىبىنىيە كوماندىرى، مۇئاۋىن ئوتتىلىبىنىيە كوماندىرى، ئالاھىدە خىزمەتچى،

دوختۇر، كاتىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە جەڭچىلەر گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنەتتى. كۆپىنچە 20 ئادەم بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئايرىلاتتى. ئەگەر بىر روتىدىكى جەڭچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى 20 دىن ئېشىپ كەتسە، باشقا روتىلارغا قوشۇپ تەشكىللىنەتتى. ھەر بىر گۇرۇپپىدا بىردىن گۇرۇپپا باشلىقى بولاتتى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە گۇرۇپپا باشلىقلىرى يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن خەلقچىللىق ئاساسىدا سايلاپ چىقىلاتتى. مىللىي ئارمىيە، پولكلارنىڭ «ئىتتىپاق» كومىتېتلىرى «ئىتتىپاق» ئەزالىرى سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلەتتى. «ئىتتىپاق» كومىتېتى بەلگىلىمە بويىچە ھەر يىلدا بىر قېتىم قايتىدىن سايلىناتتى. كومىتېت ئەزالىرى ئۇدا سايلىنىۋېرىشكە بولاتتى. «ئىتتىپاق» گۇرۇپپىسى ئادەتتە ھەپتىدە بىر قېتىم پائالىيەت ئۆتكۈزەتتى. باتالىيون، پولك «ئىتتىپاق» كومىتېتلىرى ئايدا ئىككى قېتىم پائالىيەت ئۆتكۈزەتتى، «ئىتتىپاق» ئەزالىرى چوڭ يىغىنى ئايدا بىر قېتىم ئېچىلاتتى. «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىدا تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنۇش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك «ئىتتىپاق» تەشكىلاتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىش بەلگىلەنگەنىدى.

«ئىتتىپاق» قا كىرىشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى: 1) يېشى 18 دىن يۇقىرى بولۇش، مىللەت، جىنس ئايرىماسلىق، تېنى سالامەت بولۇش؛ «ئىتتىپاق» نىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، «ئىتتىپاق»نىڭ ئىنتىزامىغا بويسۇنىدىغان بولۇش؛ 2) خەلقپەرۋەر بولۇش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان بولۇش؛ 3) جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگىلىك رول ئوينىيالايدىغان

بولۇش؛ 4) جەڭدە قەيسەر بولۇش، قۇربان بولۇشتىن، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان بولۇش. «ئىنتىسپاق» قا كىرىش رەسمىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە بېجىرىلەتتى: «ئىنتىسپاق» قا كىرىشتىن ئاۋۋال «ئىنتىسپاق» نىزامنامىسىنى ئوبدان ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش، ئاندىن ئىلتىماس قىلىش، جەدۋەل تولدۇرۇش، «ئىنتىسپاق» نىڭ ئىككى نەپەر رەسمىي ئەزاسى تونۇشتۇرغان (تونۇشتۇرغۇچىلارنىڭ «ئىنتىسپاق»قا ئەزا بولغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولۇشى كېرەك) دىن كېيىن، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى «ئىنتىسپاق» گۇرۇپپىسى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاش، ئاندىن «ئىنتىسپاق» نىڭ باتالىيون دائىرىسىدىكى بارلىق ئەزالىرى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قول كۆتۈرۈپ ماقۇللاش، «ئىنتىسپاق»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېتى تەستىقلاپ، «ئىنتىسپاق» ئەزالىق گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىپ بېرىش، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ئىنتىسپاق» نىڭ رەسمىي ئەزاسى ھېسابلىناتتى.

كوماندىر-جەڭچىلەر «ئىنتىسپاق» نى ئىنتايىن ھىمايە قىلاتتى، ئۇنى مىللەتلەر ئىنتىسپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان تەشكىل دەپ ھېسابلايتتى. مىللىي ئارمىيە ئىچىدە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتى جانلىق ئىدى. ئۇ قانات يايدۇرىدىغان پائالىيەتلەر قىسىم سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىناتتى، «ئىنتىسپاق» مىللىي ئارمىيىدە ناھايىتى پائالىيەتچان ئىدى. ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايتتى.

مىللىي ئارمىيە ئىسمى-جىسمىغا لايىق كۆپ مىللەتلىك قىسىم ئىدى. پىيادىلەر 1-پولكىنىڭ 1-ئاتلىق ئىسكادرونىدىن ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، بۇ ئىسكادروندىكى 100 ئادەم

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە، مانجۇ، خۇيزۇ، تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز، رۇس قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئوخشاشمايتتى. مەسىلەن، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، موڭغۇل، شىبە، مانجۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، رۇسلار كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەر مىللەت جەڭچىلىرى بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلار ئارىسىدا بىر-بىرىنى كەمسىتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمەيتتى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭدا دىن بىر مۇرەككەپ مەسىلە. ئۇ پۈتۈن مىللەتنىڭ بىر خىل ئېتىقادى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا دىن كۆپ ھاللاردا مىللىي مەسىلە ۋە سىياسىي مەسىلە بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. شىنجاڭدا ئىلىم-پەن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت-مائارىپ تەرەققىي تاپمىغانلىقى، فېئودال-مىلىتارىستلار، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك تۈردە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ھەر مىللەت خەلقى قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار مۇقەررەر ھالدا فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ بەزىبىر تەسىرلىرىگىمۇ ئۇچرىغانىدى. دىنىنىڭ مىللىي ئارمىيىگە بولغان تەسىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن سىياسىي خىزمەت ئىشلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى سۈپىتىدە پايدىلىنىلاتتى.

مىللىي ئارمىيىدە ئاخۇن قويۇلغان. بۇ ئاخۇنلار مەخسۇسلا شۇ ئورۇندىكى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى. دىنغا ئالاقىدار بارلىق مەسىلىلەر ۋە پائالىيەتلەر ئاخۇنلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا بېجىرىلەتتى. ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلار

ئاخۇنلارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە دىنىي قائىدە بويىچە دەپنە
قىلىناتتى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش مەزگىلىگە
كەلگەندە ئارمىيە ئىچىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي جەھەت-
تىن توختىتىلغانىدى. 5-كورپۇسقا ئۆزگەرگەن كۈنىدىن باشلاپ
ئىچكى قىسىمدىكى ھەر دەرىجىلىك دىنىي تەشكىلات ئاپپاراتلى-
رى ئەمەلدىن قېلىپ، دىنىي پائالىيەتلەر تامامەن توختىدى.

## مىللىي ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى

مىللىي ئارمىيە يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە ئارقا سەپ
تەمىنات ئىشلىرى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئىنقىلابىي ئۇرۇش
داۋاملىشىۋاتقان بولغاچقا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى-
نىڭ ئاساسىي زېھنىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قارىتىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ مەزگىلدە مىللىي ئارمىيىنىڭ
ئارقا سەپ تەمىناتى ئاساسەن ئىككى تەرەپتىن كېلەتتى:
بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسى ياردەم بېرەتتى. 1945-يىلىنىڭ
ئاخىرىغىچە ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ
ئېشىنغانلىرىنى ئايىماستىن مىللىي ئارمىيىگە ياردەم قىلىپ
تۇردى. ھەر بىر ناھىيە، ھەتتا ھەر بىر يېزا-كەنتلەردىن
ئۇرغۇن ئامما ھەمىشە دېگۈدەك قوي، كالا ۋە نەق پۇللارنى
ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى. بەزى ئاياللار ھەتتا ئارزۇلۇق ئال-
تۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن ھالقا ۋە پۇلغا يارى-
غۇدەك كىيىم-كېچەكلىرىنى مىللىي ئارمىيىگە تەقدىم قىلىپ
تۇردى. بەزى يېزا-كەنتلەر بىر قېتىمدىلا مىڭدەك قوي،
بىرنەچچە مىليون سوم نەق پۇل ئەكىلىپ بەرگەنىدى.
ئۇرغۇن سودىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقىلارمۇ مىللىي
ئارمىيىنى قىزغىن قوللىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىتلىق

ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر ئىقتىسادىي كومىتېت تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ كومىتېت مالىيىگە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم مال-مۈلكىنى يىغىپ رەتلىدى ۋە مۇسادىرە قىلدى. ئازاد بولغان رايونلاردا گومىنداڭنىڭ بانكا ۋە يەرلىك مەھسۇلات شىركەتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىلى ئازاد بولغاندا گومىنداڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتا 15 مىڭ تۇياق قوي قىممىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك مال-مۈلكى ۋە نەق پۇلى مۇسادىرە قىلىنغانىدى. بۇ خىراجەتلەر ئارقىلىق مىللىي ئارمىيىنىڭ قورال-ياراغ، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا تەمىنات جەھەتتىكى ئېھتىياجى ۋاقتىنچە قامداپ تۇرۇلدى.

1946-يىلى، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلۈشى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش توختىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئائىت تۈرلۈك پىلانلارنى تۈزۈپ چىقتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ۋە مالىيە ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. 11 ماددىلىق بىتىمدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۈچ ۋىلايەت ئورگىنىنىڭ چىقىمىغا ۋە پارمىروپكا قىلىنغاندىن كېيىنكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ ماددىي نەرسە ياكى پۇل بېرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتى خىراجەتلەرنى قەستەن قىسىۋالدى ۋە ئارقىغا سۈردى. 1947-يىل 7-ئايدىن 12-ئايغىچە بولغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، بېرىشكە تېگىشلىك خىراجەتنىڭ 30 پىرسەنتىنىلا بەرگەن. بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغاندىن

كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىر سىنت خىراجەت بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ پاخاللىشىپ كەتكەن قەغەز پۇلىنى ئۈچ ۋىلايەتكە كىرگۈزۈپ ئۇ يەردىن ماددى نەرسىلەرنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

ئازاد رايونلارنى مۇستەھكەملەپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت 1946-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ خامچوت پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۆزىنىڭ بانكىسىنى قۇردى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق پۇلىنى رەتكە سالدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ۋە ھەر خىل قول سانائەتنى راۋاجلاندۇردى. بانكا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا سانائەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا كۆپلەپ قەرز بەردى. باجنى چىڭ تۇتتى، مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىدى. شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىقتىسادى پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن مىللى ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىمۇ سىستېمىلىق، پىلانلىق، ئۆلچەملىك باشقۇرۇلۇش يولىغا چۈشتى. يەنى ئوفىتسېرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئەمەلى تۇرمۇش، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە جەڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئالدىن خامچوت تۈزۈپ چىقىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى تەرىپىدىن چىقىم قىلىپ بېرىلىدىغان بولدى. شۇ چاغلاردا، يىللىق ھەربى خىراجەت ئۈچ ۋىلايەت مالىيە ئومۇمى چىقىمىنىڭ 60 پىروسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

مىللى ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ شتات تەرتىپى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت ئىدى: مىللى ئارمىيىدە تەمىنات باشقارمىسى، پولكتا تەمىنات بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان ھەمدە

مىللىي ئارمىيە تۇرۇشلۇق ھەرقايسى جايلاردا تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلغان. ھەربىي تەمىنات باش پونكىتى غۇلجا شەھىرىدە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مىللىي قىسىملار جايلاشقان شىخو، ساۋەن، ساندىخوزا، جىڭ، كەڭساي، چۆچەك، دۆربىلجىن، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا تەمىنلەش پونكىتى بار ئىدى. ئىلى رايونىدىكى قورغاس، سۈيدۈڭ، تېكەس، توققۇزتارا قاتارلىق جايلاردىمۇ كىچىك تىپتىكى تەمىنلەش پونكىتلىرى قۇرۇلغانىدى. تىنچلىق مەزگىللىرىدە ھەرقايسى پولكلارنىڭ ھەممىسى كوپىراتىپ قۇرۇپ، مەلۇم مىقداردا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دەرىجە بويىچە تەمىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. يەنى جەڭچىلەر ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ئوفىتسېرلار دەرىجىسى بويىچە تەمىنلىنەتتى. كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئىككى يىلدا بىردىن يوتقان، ھەر يىلى بىر قۇردىن پاختىلىق كىيىم، ئىككى قۇردىن يازلىق ئۆلچەملىك كىيىم، ئىككىدىن كۆڭلەك، بىردىن ئاياغ، بىردىن قۇلاقچا، بىردىن پېيما تارقىتىپ بېرىلەتتى. ئەمما ئوفىتسېرلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ سۈپىتى جەڭچىلەرنىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى. روتا كوماندىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرلارغا ۋزۋود كوماندىرىنىڭكىدىن ياخشىراق كىيىم تارقىتىپ بېرىلەتتى. بىر مەزگىل روتا كوماندىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە سوكنا كىيىم تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. بۇلاردىن سىرت، قەرەللىك ھالدا لۆڭگە، سوپۇن، چاچكا، تاماكا، شېكەر قاتارلىق نەرسىلەرمۇ تارقىتىپ بېرىلەتتى. تاماق ئۆلچىمى جەھەتتە ئادەتتە بىر ئەسكەرنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 920 گىرام (نان، بولكا، گۈرۈچنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ)، كۆكتات 300 گىرام، گۆش 250 گىرام، ماي 25 گىرام (ئوفىتسېرلارنىڭ 50 گىرام)، چاي بىر گىرام، (ئوفىتسېرلارنىڭ ئىككى گىرام)، شېكەر 50 گىرام، تۇز 30 گىرام ئىدى.

مىللىي ئارمىيىدە يەنە ھەر دەرىجىلىك ئەسكەرلەر ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ مائاش تەمىنات ئۆلچىمى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغانىدى. تۆۋەندىكىسى 1949 - يىل 10 - ئايلىق مائاش تارقىتىلىش ئەھۋالى⑭:

| ۋەزىپىسى | ھەربىر ئادەمگە ئايدا تارقىتىشقا تېگىشلىك شىنجاڭ پۇلى |
|---|---|
| جەڭچى | 7 سوم 50 تىيىن |
| ئوتدېلېنىيە كوماندىرى | 15 سوم |
| مۇئاۋىن ۋزۋود كوماندىرى | 30 سوم |
| ۋزۋود كوماندىرى، مۇئاۋىن روتا كوماندىرى | 300 سوم |
| روتا كوماندىرى، مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى | 370 سوم |
| باتالىيون كوماندىرى، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى | 450 سوم |
| پولك كوماندىرى | 600 سوم |

بۇنىڭدىن سىرت، ھەرقايسى پولكلار يەنە كوپېراتىپلاردىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىن كەلگەن پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ئوفىتسېرلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى سۈپىتىدە تارقىتىپ بېرەتتى. بۇنداق ياردەمنىڭ ئاز - كۆپلۈكى كوپېراتىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن بولغان پايدىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىلەتتى.

ساقلىقنى ساقلاش، داۋالاش ئىشلىرى جەھەتتە، مىللىي ئارمىيىدە بىر باش دوختۇرخانا، ھەرقايسى پولكلاردا شىپاخانا بار ئىدى. قىسىملارغا ساقلىقنى ساقلاش قوللانمىسى تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتى ھەققىدە ھەمىشە دېگۈدەك تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ بېرىلاتتى. كادىرلارنىڭ سالامەتلىكى قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈلۈپ تۇراتتى.

# بەشىنچى باب

## مىللىي ئارمىيىدىن 5 ـ كورپۇسقىچە

### تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋېلىش

1949 ـ يىلىغا كەلگەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. جياڭ جيېشى خاندانلىقىنىڭ ھالاكىتى يېقىنلاشتى. 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن باش قوماندان جۇدې «پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى» نى ئېلان قىلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، نەنجىڭ شەھىرىنى ئازاد قىلىپ، شەرقىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جەنۇب، غەربىي جەنۇبلارغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 ـ دالا ئارمىيىسى شەنشىدىن يولغا چىقىپ، غەربىي شىمالدىكى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي ۋە شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ خۇش خەۋەر يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەر چەكسىز شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى.

بۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ بېسىمى بىلەن 1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەسئۇتنى

ئۆلكە رەئىسلىكىدىن ئېلىپ تاشلاپ بۇرھان ئەپەندىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. سۇڭ شىلىيەنمۇ 1948 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گېنېرال تاۋسىيۆ قوشۇمچە ئۆلكىلىك گارنىزون قوماندانى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ۋەزىيەت يەنىلا ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىكى يەرلىك مىلىتارىست مابۇفاڭ، ماخۇڭكۇيلار پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى شىنجاڭغا چېكىندۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ماچىڭشياڭ، مەھەممەت ئىمىن، ئەيسا، يولۋاس قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى توسۇپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىۋېتىش قەستىدە بولۇۋاتاتتى.

ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بالدۇرراق تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئىچىدىكى جاھىللارغا قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى قىسىمنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ماسلىشىش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

ئالدى بىلەن، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جەڭ ھازىرلىقىنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئە لىنىيىسىنى مەھكەم ساقلاپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەسكەرلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، گەنسۇ، چىڭخەيلەردىكى ئۇرۇشلارغا ياردەم بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى ھەمدە پەيدىنپەي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا شەرق ۋە غەربتىن قىسىپ ھۇجۇم قىلغىلى بولىدىغان ھالەتنى

شەكىللەندۈردى. 8-ئاينىڭ ئاخىرىدا لەنجۇ ئازاد بولدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ ئىچكى قىسمى ئىنتايىن قالايمىقان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تاۋسىيۈ، بۇرھان شەھىدى، لىيۇمىڭچۈنلەر باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ۋەزىيەتنى چۈشىنىپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا تەييارلاندى. يې چېڭ، ماچېڭشياڭ، مەھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى جاھىللار ئۆلگۈچە جان تالىشىش، ئاخىرغىچە قارشىلىشىش نىيىتىدە بولدى. ئەكسىيەتچىلەر ھەممە يەردە پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ خەلقنى ئالدىماقچى بولدى. ئۇلار: ماناستىكى 1-سەپتە تۇرۇۋاتقان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بىلەن شۇ يەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپتۇ، مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلغۇدەك، دېگەن گەپلەرنى تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قالايمىقانلاشتۇردى. 9-ئاينىڭ 3-كۈنى، رەئىس بۇرھان شەھىدى چېن فاڭبو، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ۋەكىل قىلىپ، ماناستىكى ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. بىزتەرەپ ئۇلارغا مىللىي ئارمىيە تىنچلىق ۋەزىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىش ئويىدا بولغىنى يوق، يېقىندىن بۇيان ھېچقانداق ھەربىي توقۇنۇشمۇ بولمىدى، بۇ ھەقتە گەپ تارقالغان بولسا، ھەممىسى پىتنە-ئىغۋا، دېدى. چېن فاڭبو قاتارلىقلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماناس، قۇتۇبى ۋە سانجىلاردىكى ئامما مىللىي ئارمىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتتى.

بۇ چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيىگە ئىنتا-

يىنى كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. 8-ئايدا، يولداش دېڭ لىچۈننى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاقىچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق غۇلجىغا يېتىپ كەلدى ھەمدە ئۇ يەردە راتسىيە قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا رادىئو ئالاقىسى ئورنىتىلدى. يولداش دېڭ لىچۈن ئۈچ ۋىلايەتكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىقلار ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى شۇنداقلا مىللىي ئارمىيىنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالىنى دېڭ لىچۈنگە ۋاقتىدا دوكلات قىلدى. يولداش دېڭ لىچۈن بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىدى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە يەتكۈزدى. شۇ ئاينىڭ 17-كۈنى، دېڭ لىچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى بېيجىڭغا بېرىپ، 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەييارلىق يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. 19-كۈنى، ماۋجۇشىنىڭ تەكلىپ خېتى ئەخمەتجان قاسىمغا تاپشۇرۇلدى. ماۋجۇشى ئۆزىنىڭ خېتىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭلار پۈتۈن مەملىكەت خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى.» ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق ئىچىدە ئېتىبارلىق بىلەن قوبۇل قىلدى ھەمدە سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشكە قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. 22-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ،

دەلىلىغان سوۋگۇربايوۋ ۋە لوجى قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ماڭغانىدى، بەختكە قارشى يولدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ ھەممىسى قازا قىلىپ كەتتى. رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. تەزىيە تېلېگراممىسىدا: «ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى بەش نەپەر يولداش ھايات چېغىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلغانىدى. ئاخىرىدا جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. بۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» دېيىلگەنىدى. ئارقىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بېيجىڭغا باشقىدىن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، سەيپىدىن ئەزىزى، تۇجى، ئالىمجانلار شىنجاڭنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتى.

9 ـ ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يىنچۈەن، جاڭيې ۋە جۇچۈەنلەرنى ئازاد قىلدى. ماخۇڭكۈي گورۇھىنى ۋە مابۇفاڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يې چېڭ، ماچېڭشياڭ قاتارلىق جاھىللارنىڭ سۇيىقەستى قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالدى. ئاخىر گېنېرال تاۋشىيۈ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۈرەش قىلىشى ۋە ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە، يې چېڭ، ماچېڭشياڭلار ھەربىي ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، ئاز سانلىق ئادەملىرىنى باشلاپ قەشقەر ئارقىلىق چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى. مەھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ

قاچتى. بۇنداق ۋەزىيەتتە گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى-
نىڭ ھەربىي، مەمۇرىي كاتتىباشلىرىدىن تاۋسىيۇ، بۇرھان شە-
ھىدى قاتارلىقلار تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشقا تەي-
يارلاندى. 9-ئاينىڭ 15-كۈنى، دىڭ لىچۈن ئىلىدىن ئۈرۈم-
چىگە كېلىپ، بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئاندىن
ئۇ تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىلەر بىللە تىنچ يول بى-
لەن ھەقىقەتكە قايتىش مەسىلىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى
كۈتۈۋېلىشقا دائىر كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەت-
لەشتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك ئىل-
گىرىلەۋاتقانلىقىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تاۋسىيۇ بىلەن بۇرھان
شەھىدى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 9-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى
تېلېگرامما بېرىپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى.
27-كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئارمىيە ۋە خەلق غۇلجىدا 30
مىڭ كىشىلىك ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول
بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى. «شىنجاڭدا تىنچلىق
ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ مۇۋەققەت
رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوۋ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى نامىدىن رە-
ئىس ماۋزېدۇڭغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. 10-ئاينىڭ
1-كۈنى بېيجىڭدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلى-
قىدىن ئىبارەت كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خۇش خەۋەر
يېتىپ كەلدى. مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش شاد-خۇراملىققا چۆمدى. قىسىم-
لار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىشتى.

10-ئاينىڭ 10-كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى-
نىڭ بۇيرۇقى بويىچە، قوماندان ۋاڭ جېن 1-دالا ئارمىيىسى

1-بىڭتۇەننىڭ 2-، 6-كورپۇسىنى باشلاپ، جۇڭچۇەندىن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى. 10-ئاينىڭ 20-كۈنى ئالدىن يۈرەر قىسىملارنىڭ ئاپتوموبىل پولكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئارقىدىن 1-بىڭتۇەننىڭ شىنجاڭغا كىرىدىغان قىسىملىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قاراپ يول ئالدى، يەنى 2-كورپۇس گوپېڭ، ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. 6-كورپۇس لويۇەنفا، جاڭ شيەنيۆلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە شىمالىي شىنجاڭغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ ئىككى كورپۇس قوشۇن يولبويى ئازساندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى ۋە باندىتلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتتى. 1950-يىل ئەتىيازدا، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە قادالدى.

مىللىي ئارمىيە 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن، بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئېشىنغان 200 توننا بۇغداي، خەلق تەقدىم قىلغان 100 توننا ئاشلىق، 200 توننا بېنزىن، 20 توننا ئاپتول قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھال سوراش بۇيۇمى سۈپىتىدە 40 ماشىنا بىلەن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ بەردى. شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت يەنە ئارمىيە، ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ ھال سوراش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ھال سورىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، 12-ئايدا مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى بۇيرۇق بىلەن شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ئورۇنلاشتى،

ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قىس-
سىملىرى ئۈرۈمچىگە كىردى. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۈرۈمچى-
دە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى
ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ بىرلەشمە شەھەرگە كىرىش
مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرق تەرەپ-
تىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى غەرب تەرەپتىن، ھەقىقەتكە
قايتقان قىسىملار شىمال تەرەپتىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىگە
سەپ تارتىپ كىردى. 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى قو-
شۇمچە سىياسىي كومىسسارى پېڭ دېخۇەي ۋە ۋاڭ جېن،
جاڭ جىجۇڭ، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، تاۋ
سىيۆلەر قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ
ئارمىينىڭ قوشۇلۇشى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى
قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى مەركىزىي ھەربىي
كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمى-
يىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبا-
رەن، مىللىي ئارمىيە يېڭى تارىخىي مۇساپىگە ئاتلاندى،
يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم تاشلىدى.

## مىللىي ئارمىيىنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسىغا ئۆزگەرتىلىشى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، شىنجاڭ-
نىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى پۈتۈن شىنجاڭ
خەلقى شۇنداقلا مىللىي ئارمىيىدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭ-
چىلەرنى چەكسىز شاد - خۇراملىققا چۆمدۈردى. كۆپچىلىكنىڭ
ھەممىسى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى تۇرمۇشتىن

ئىلھاملىنىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى قەددىنى كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى تەبرىكلىدى. ئاشۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيەدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان خەۋەرلەرنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال تەرەپلەردىن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن غەلىبە خەۋەرلىرىنى بىر-بىرىگە يەتكۈزۈشتى. گازارمىنىڭ ھەممە يېرىنى لوزۇنكا، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى قاپلىدى، يىغىلىش، دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. جەڭچىلەر ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، دۇتار، راۋاب، دومبىرىلارنى سايرىتىپ، نەغمە-ناۋا ياڭراتتى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قەلبىدە ساقلاپ كەلگەن دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىدى. ئازادلىق، شادلىق كۈيىنى ياڭراتتى. بۇ چوڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ئالدىدا، مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۈرەش جەريانىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن يېڭى ئىگىلىك يارىتىپ، يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشنى قىزغىن ئارزۇ قىلاتتى.

1949-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللىرى غەلىبىلىك قايتىپ كەلدى. 11-ئاينىڭ 5-كۈنى، سەيپىدىن ئەزىزى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ۋە مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرگە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە يوللىغان

سەممىي سالىمىنى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1- سانلىق يىغىنىنىڭ روھىنى ھەممە يىغىندا ماقۇللانغان «ئومۇمىي پروگرامما»نى چەكسىز خۇشال ھېسسىياتى بىلەن يەتكۈزدى.

11- ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ بەش يىللىق خاتىرە كۈنى بولۇپ، غۇلجىدا تەنتەنىلىك خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ۋاڭ جېن، بۇرھان شەھىدى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. يولداش ۋاڭ جېن يىغىندا قىزغىن سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ۋە مىللىي ئارمىيىگە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بارلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ سەممىي سالىمىنى يەتكۈزدى؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشتا ئوينىغان رولىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا ئەتراپلىق باھا بەردى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر- جەڭچىلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. يولداش ۋاڭ جېننىڭ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى. 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» رەئىس ماۋزېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئومۇمىي پروگرامما» نى تامامەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇشنى بەرپا قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىدىغانلىق ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

«ئومۇمىي پروگرامما» دىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بىرلىككە كەلگەن ئارمىيە قۇرۇلىدۇ، يەنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى قىسىملىرى

مەركىزدىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى-
نىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. ئۇلاردا بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق، بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم، بىرلىككە كەلگەن شتات، بىرلىككە كەلگەن ئىنتىزام يولغا قويۇلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي كومىتېتى 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، مىللىي ئارمىيىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىش ۋە ئۇنىڭغا «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسى» دەپ نام بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى. ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، لىسكىننى 5 - كورپۇسنىڭ كورپۇس كوماندىرلىقىغا، مەرغۇپنى مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرلىقىغا، قوشۇمچە شتاب باشلىقلىقىغا، ساۋدانوۋ زاھىرنى كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شتاتىغا ئاساسەن، 5 - كورپۇس ئۆزىگە قاراشلىق ئىككى پىيادىلەر دىۋىزىيىسى ۋە مۇستەقىل ئىككى ئاتلىق پولك قىلىپ تەشكىللەندى. يەنى تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى ئاساسىدا پىيادىلەر 13- دىۋىزىيىسى قۇرۇلدى، دىۋىزىيە شتابى قەشقەردە تۇرىدىغان بولدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۈچ پىيادىلەر پولكى بولۇپ، پىيادىلەر 37 - پولكى ئاقسۇدا، 38 - پولكى قەشقەردە، 39- پولكى خوتەندە تۇرىدىغان بولدى. مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى كۇرەدە تۇرۇپ كورپۇس شتابىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە قارايدىغان بولدى. مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى ۋە مىللىي ئارمىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار ئاساسىدا پىيادىلەر 14 - دىۋىزىيىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۈچ پىيادىلەر پولكى قۇرۇلدى. يەنى شىخۇدىكى پىيادىلەر 1 - پولكى ئاساسىدا پىيادىلەر

40-پولكى قورۇلۇپ ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان بولدى؛ ئىلىدىكى پىيادىلەر 2-پولكى ۋە موڭغۇل دىۋىزىيونى ئاساسىدا پىيادىلەر 41-پولكى قورۇلۇپ، چۆچەكتە تۇرىدىغان بولدى؛ زاپاس پولك ئاساسىدا پىيادىلەر 42-پولكى قورۇلۇپ، غۇلجىدا تۇرىدىغان بولدى؛ قوبۇقسار ئاتلىق 2-پولكى، چۆچەك ئاتلىق 4-پولكىنىڭ بىر قىسمى مەزكۇر دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى بولۇپ تەشكىللەندى. مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ دىۋىزىيە شتابى بىلەن بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملىرى شىخۇ (كېيىن چۆچەك، سۈيدۈڭگە يۆتكەلگەن) دا تۇرىدىغان بولدى؛ ئالتاي ئاتلىق 3-پولكى ۋە چۆچەك ئاتلىق 4-پولكىنىڭ بىر قىسمى ئاساس قىلىنىپ، كورپۇسقا قاراشلىق ئاتلىق مۇستەقىل 1-پولك قورۇلۇپ، ئالتايدا تۇرىدىغان بولدى؛ ساۋەن ئاتلىق پولكى ئاساسىدا ئاتلىق مۇستەقىل 2-پولك قورۇلۇپ، كونەسىنىڭ ئارالتۆپە (ئۇزۇن ئۆتمەي شىخۇ ۋە يەنىسخەيىنى قوغداش ئۈچۈن يۆتكەلگەن) دە تۇرىدىغان بولدى؛ بۇنىڭدىن باشقا كورپۇسقا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملاردىن يەنە شەھەر مۇداپىئە باتالىيونى، جەڭگىۋار باتالىيون زاپاس قىسىم، مۇھاپىزەتچىلەر روتىسى، ئوقۇتۇش باتالىيونى، دوختۇرخانا قاتارلىقلار قورۇلۇپ، كورپۇس ئورگىنى بىلەن كورپۇسقا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار غۇلجىدا تۇرىدىغان بولدى.

ئىسمىنوۋ مەمتىمىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە 13-دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندى، 14-دىۋىزىيىگە ئىبراھىمباي دىۋىزىيە كوماندىرى بولدى؛ 37-پولكقا بايزاكوۋ ئامانتۇر، 38-پولكقا مەمەتوۋ قۇربان، 39-پولكقا ئابدۇرېھىم سامساق، 40-پولكقا يۈسۈپوۋ مەخمۇتجان، 41-پولكقا ئالكسىي، 42-پولكقا ئوسمانوۋ رامزان، ئاتلىق 1-پولكقا بەدەلقان سوگۇربايوۋ،

ئاتلىق 2 - پولكقا سوپاخۇن پولك كوماندىرى بولدى. 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، داغدۇغىلىق بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمى بولدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كورپۇس شتابىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا رەڭگارەڭ بايراقلار جەۋلان قىلغان، ھەربىي مۇزىكا ساداسى ياڭرىغان، قىسىملار رەتلىك سەپ تارتىپ تۇرۇشقانىدى. ئاتلىق ئوغلانلار ۋە پىيادە جەڭچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا غەيرەت، شىجائەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، قوشۇن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىدى. رەئىس سەھنىسىگە رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە باش قوماندان جۇدېنىڭ چوڭ رەسىمى ئېسىلغانىدى. يىغىندا مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مىللىي ئارمىيىنىڭ پارمىروپكا قىلىنىپ 5 - كورپۇسقا ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە 5 - كورپۇسنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ئېلان قىلىندى. ھەربىي كومىتېت تارقاتقان ھەربىي بايراق كورپۇس كوماندىرىغا تەقدىم قىلىندى. ئارقىدىنلا ھەربىي بايراق ئۈچ نەپەر قوراللىق جەڭچىنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن مەيدان ئايلاندۇرۇلدى. بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر ھەربىي بايراققا ئېھتىرام بىلدۈردى. كورپۇس رەھبەرلىرى پۈتۈن كورپۇس نامىدىن پارتىيىگە، قوماندىغا ئىتائەت قىلىپ، ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ، يۇقىرى تاپشۇرغان تۈرلۈك شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قەشقەر ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى، ئىلى ھەربىي رايونى قارايدىغان بولدى. ئىلى ھەربىي

رايون شتابىنى 5 - كورپۇس شتابى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ كادىرلىرى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قاتارلىق رەھبىرىي ئورگانلارغا يۆتكەپ كېلىنىپ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى. مەسىلەن، سەيپىدىن ئەزىزى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 3 - مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، ھەسەنوۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونى شتابىنىڭ 2 - مۇئاۋىن شتاب باشلىقلىقىغا (1950 - يىل 8 - ئايدا ئۇنىڭ ئورنىغا زۇنۇن تېيىپ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، ھەسەنوۋنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان)، سادىروۋ شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (1952 - يىلى 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى ساۋدانوۋ زاھىر شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، سادىروۋ 5 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن كومىسسارى بولۇپ ئالماشقان، كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە چىقىپ كەتكەن)، ئىمىنوۋ مەتتىمىن قەشقەر ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا. يۇسۇپقان ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى ئاستىدا، 5 - كورپۇس پارتىروپكا، يۆتكىلىش خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ قاتتىق سوغۇققا قارىماي، قاتناش - ترانسپورت، ياتاق قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى ئارقىسىدا، ئورگان ۋە قىسىملار بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا 1950 - يىل 3 - ئايدا بېرىپ ئورۇنلىشىپ بولدى. بولۇپمۇ تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى قوماندان ۋاڭ جېننىڭ جەنۇبىي

شىنجاڭغا بېرىپ مۇداپىئەدە تۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كوماندىر - جەڭچىلەرگە دەرھال چوڭقۇر ئىدىيەۋى سەپەرۋەرلىك خىزمىتى ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خىتابنامىسى، ئېلانىنى ۋە «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، بۇ ھەقتە قىسىملار ئىچىدە چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ باردى. يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، يەم-خەشەك، ئوت - خەس تەييارلىدى. بۇ پولك 1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۆنەستىن يولغا چىقىپ، تىيانشان تېغىنىڭ مۇزلۇق داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، 26 - كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان 2 - كورپۇس قىسىملىرى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى. كېيىن، بۇ پولكنىڭ بىر قىسمى قەشقەر، خوتەنلەرگە بۆلۈنۈپ باردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، كېڭەيتىلىپ، پىيادىلەر 13 - دىۋىزىيىسى قىلىپ تەشكىللەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار 2 - كورپۇستىكى قىسىملار بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭنى قوغداش، گۈللەندۈرۈش يولىدا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

## پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، سىياسىي كومىسسارلىق ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى

مىللىي ئارمىيە 5 - كورپۇس قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى شەرەپلىك ۋە مۈشكۈل ۋەزىپىلەر كۈتۈپ تۇراتتى. باندىتلارنى تازىلاش، چېگرىنى قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتىن باشقا، يەرلىكنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش،

زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا قاتنىششقا توغرا كېلەتتى. بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن، تەشكىلىي تۈزۈلمە جەھەتتە پارمىروپكا قىلىشلا كۇپايە قىلالمايتتى. چۈنكى، مىللىي ئارمىيە مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب خاراكتېرىنى ئالغان قوشۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، 5 - كورپۇسنى سىياسىي - ئىدىيە جەھەتلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق پرولېتارىياتچە قوشۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، جەزمەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش مەقسىتى، پرىنسىپى بويىچە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ سىياسىي-ئىدىيە جەھەتلەردە تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۆستۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەش زۆرۈر ئىدى.

5 - كورپۇسنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەندىكى 2 -، 6 - كورپۇسلاردىن ئۇزاق مۇددەتلىك سىناقلاردىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە، 8 - ئارمىيە كادىرلىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى 5 - كورپۇسقا يۆتكەپ، 5 - كورپۇستا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمى ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا مەسئۇل قىلىشنى قارار قىلدى. 3 - ئايدا، 2 - كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى دۇڭ شىگيۇن باشچىلىقىدىكى ئالتە نەپەر پېشقەدەم كادىر 5 - كورپۇسقا يېتىپ

كەلدى. بۇلاردىن يولداش دۇڭ شىڭيۇن 5 - كورپۇسقا سىيا-
سىي كومىسسار بولدى، يولداش لى يۇنخې كورپۇس سىياسىي
بۆلۈمىگە مۇئاۋىن مۇدىر بولدى (1951 - يىلى 5 - كورپۇس
سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى)، ۋاڭ يۇندىڭ
كورپۇس ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا،
خۇاڭ جى كورپۇس سەھىيە بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسار-
لىقىغا، ليۇ چىڭرۇي كورپۇس كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى،
قوشۇمچە مۇئاۋىن شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. كورپۇس
تەشكىلات بۆلۈمىگە ياڭ جىڭياۋ، تەشۋىقات بۆلۈمىگە جۇ رۇجېن
مۇئاۋىن باشلىق بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ
ھەربىي رايونى ئورگىنى 5 - كورپۇسقا بىرقانچە خىزمەت
ئۆمىكى ئەۋەتتى، ئۇلار 5 - كورپۇسنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا
بېرىپ ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ، قىسىملارنىڭ سىياسىي خىزمەت-
نى قانات يايدۇرۇش، ئۈچ دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش ۋە
پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، پارتىيىنىڭ ئىككى قاتلام تەش-
كىلاتلىرىنى قۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. 5 - كورپۇسقا
ئەۋەتىلگەن خىزمەت ئۆمىكىدىكى پېشقەدەم خەنزۇ كادىرلار
تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئارمىيىنىڭ سىياسىي
خىزمىتىنى ئىشلەش جەھەتتە مول تەجرىبىلەرگە ئىگە
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىغا
خاس ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە كادىرلار ئىدى. ئۇلار تەكەب-
بۇرلۇق قىلمايتتى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلايتتى، چىقىش-
قاق، كەمتەر، ئېھتىياتچان ئىدى، ئاددىي - ساددا، خىزمەتتە
ئاكتىپ، تىرىشچان ئىدى، ئىستىلى جەھەتتە دېموكراتىيىنى
جارى قىلدۇراتتى، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە قەتئىي ئىدى،
ئۇلار ھەممىلا جايدا نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينايتتى.
شۇڭا، ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 5 - كورپۇستىكى مىللىي

كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

5 ـ كورپۇستا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بۇ پېشقەدەم كادىرلار بىر تەرەپتىن كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، «كوممۇنىزم ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە» توغرىسىدا چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، «قانداق قىلغاندا كومپارتىيە ئەزاسى بولغىلى بولىدۇ؟» «پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى نېمىلەردىن ئىبارەت؟» «پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى» دېگەن تېمىلاردا دەرس ئۆتۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان 29 يىللىق شانلىق كۆرەش تارىخىنى تەشۋىق قىلىپ پارتىيىنىڭ قىسىملاردىكى تەسىرىنى كېڭەيتتى ۋە ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن قىسقا مۇددەتلىك كادىرلار سىياسىي كۇرسى، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن ئايرىم سىردىشىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق قىسىمنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى، سىياسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىق قىلىپ، كادىرلارنى كۆزىتىپ، نۇقتىلىق تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. كېيىن، كادىرلار ئارىسىدىن پارتىيىگە پائال ئەمما ئېھتىياتچان ھالدا ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان، ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئاكتىپ تايانچىلار ئالدى بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. كورپۇستىكى بىرقانچە رەھبىرىي يولداش 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. ھەر قېتىم پارتىيىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلار

قەسەم بەرگەندە، پارتىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قەسەم بېرىش مۇراسىمى كۇلۇبتا ئۆتكۈزۈلەتتى. قەسەم بېرىش مۇراسىمىغا نۇرغۇن كىشىلەر سىرتتىن قاتنىشىپ تەربىيە ئالاتتى. كوماندىر - جەڭچىلەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نامنى ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ مۇقەددەس نام دەپ بىلىپ، پارتىيىگە كىرىشنى بەس - بەس بىلەن تەلەپ قىلىشاتتى. مەسىلەن، 13 - دىۋىزىيە 38 - پولكىنىڭ 1 - باتالىيونى شتابىدىكى بىر ئوتدېلېنىيىدىن بىر قېتىم ئون نەپەر يولداش پارتىيە دەرسىنى ئاڭلىغان بولۇپ، ئۇلاردىن بەش نەپىرى شۇ كۈنىلا باتالىيون پارتكومىغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى سۇنغان. 39 - پولكتىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى ماموتوۋ مۇنداق دېگەن: «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، بىزمۇ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولمىغان بولاتتۇق. شۇڭا، ئىنقىلابنى ئاداققىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلىمەن.» تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1950 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كورپۇس بويىچە 152 ئادەم شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان ھەمدە كورپۇس پارتكومى، 13 - دىۋىزىيە پارتكومى، كورپۇسقا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملاردا تۆت پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان. 14 - دىۋىزىيىدە بىر پارتىيە باش ياچېيكىسى، تۆت ياچېيكا، ھەر بىر ياچېيكىدا پارتىيە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلغان. 1950 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 252 ئادەم پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان؛ 1951 - يىلنىڭ باشلىرىدا قىسىملاردا ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ كەتتى. كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئىلگىرىكى باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرقايسى دىۋىزىيە، پولك، باتالىيونلاردا ھەر دەرىجىلىك ھەربىي-سىيا-

سىي كومىتېتلار قۇرۇلدى. روتىلاردا ھەربىي-سىياسىي كا-
دىرلار يىغىنى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، قىسىملاردىكى كۈندى-
لىك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا
مەسئۇل بولدى. ھەر دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي كومىتېت-
لاردا يەتتىدىن 13 كىچە ئادەم بولۇپ، ئۇ شۇ دەرىجىلىك ئو-
رۇندىكى باشلىقلار بىلەن ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن-
لارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپاتتى. مەسىلەن،
دىۋىزىيە ھەربىي-سىياسىي كومىتېتى دىۋىزىيە كوماندىرى،
سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى،
مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، شتاب باشلىقى، سىياسىي
بۆلۈمنىڭ مۇدىرى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق ھەرقايسى پولك-
نىڭ كوماندىرى، كومىسسارى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان.
ھەرقايسى ھەربىي-سىياسىي كومىتېتلاردا دېموكراتىيە-مەر-
كەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، كوللېكتىپ رەھبەر-
لىك ئىشقا ئاشۇرۇلغان، خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بو-
لۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ۋە بۇ ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش چىڭ تۇتۇلغانىدى. شۇنداق قىلىپ ھەر دەرىجىلىك
ئاساسلىق كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق
رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغانىدى. قىسىملاردا زور مە-
سىلىلەر ھەربىي-سىياسىي كومىتېتتا كوللېكتىپ مۇزاكىرە قى-
لىنىپ قارارلاشتۇرۇلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەربىي-سىياسىي،
ئارقا سەپ تارماقلىرىنىڭ خىزمىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنى-
دى. ھەربىي-سىياسىي كومىتېتلار ھەر دەرىجىلىك پارتى-
كوملار رەسمىي قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆز قىسىملىرىنىڭ رەھبەر-
لىك ئورگىنى ھېسابلىناتتى. پارتكوملار قۇرۇلغاندىن كېيىن،
ئۇلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى شەرتسىز قوبۇل قىلدى. ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مۇكەممەللىشىپ بولغاندىن

كېيىن، ھەربىي - سىياسىي كومىتېتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
5 - كورپۇسنى ئەسلىدىكى ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 1951 -
يىلى 5 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇ-
روسى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، يىغىندا 5 - كورپۇس
پارمبروپكا قىلىنغاندىن كېيىنكى خىزمەتلەر تەھلىل قىلىندى
ۋە يەكۈنلەندى. 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئائىت يېڭى تە-
لەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدا ئىجارە ھەققىنى كې-
مەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى قا-
تارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا قاتنىشىش ئېھتى-
ياجىغا ئۇيغۇنلىشىش كۆزدە تۇتۇلغانىدى.
6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكو-
مى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى
ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، «5 - كورپۇستا سىياسىي كومىسسار-
لىق ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئارمىيىنى
سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى يوليو-
رۇق» نى چىقاردى. «يوليورۇق» تا مۇنداق دېيىلگەنىدى:
5 - كورپۇس گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قار-
شى كۈرەش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، ئۇ شەرەپلىك تا-
رىخقا ئىگە، 5 - كورپۇسقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا
خېلى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر پارتىيە
رەھبەرلىكىدە، باندىتلارنى تازىلاش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى
قوغداش، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى،
ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان سىياسىي ئاكتىپلىقنى ئىپا-
دىلىدى. قىسىملاردا سىياسىي تەربىيە، مەدەنىيەت ئۆگىنىش
ۋە بەزى دېموكراتىك ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن
سىياسىي كومىسسارلىق ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى

ئورنىتىلمىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلمىگەن بولغاچقا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي-سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئېسىل ئەنئەنىسى بويىچە دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، ئارمىيىنى جەزمەن سىياسىي جەھەتتە تەرتىپكە سېلىش لازىم.

«يولىيورۇق» تا تۆۋەندىكىچە كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان: (1) ئىشلەپچىقىرىش ۋە گازارما قۇرۇش بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دېموكراتىك ھەرىكەت ۋە سىنىپىي تەربىيە ئاساس قىلىنغان ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش لازىم. (2) 1-بىڭتۇەندىن ئۇزۇن مۇددەت سىناقلاردىن ئۆتكەن، مول سىياسىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە پېشقەدەم كادىرلارنى ئاجرىتىپ، 5-كورپۇسنىڭ ھەرقايسى دىۋىزىيە، پولكلىرىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقى، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقى، باتالىيونلارنىڭ سىياسىي رەھبىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئەۋەتىش، ۋەزىپىسى، ئەمەلىي ھوقۇقى بولغان سىياسىي كومىسسارلىق ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. (3) خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي دېموكراتىيە، سىياسىي دېموكراتىيە، ئىقتىسادىي دېموكراتىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش، كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەر سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇش، ئۇرۇش، تىللاشنى مەنئى قىلىش، دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېساباتنى ئاشكارا بولۇش ۋە كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەر دېموكراتىك ئاساستا ئىقتىساد باشقۇرۇش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر تۇتاش تەمىنات ئۆلچىمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. (4) قىسىملاردا

سىنىپىي ئاڭنى ئۇرغۇتۇش ۋە ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا كونا جەمئىيەت ئۇستىدىن دەرد تۆكۈش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، مىلىتارىستلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى كۈرەش قىلىش، كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش لازىم. (5) دۈشمەن بىلەن ئۆز ۋە دوست ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىش، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش لازىم.

1950-يىل 6-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، 1-بىڭتۇەندىن 5-كورپۇسقا ئەۋەتىلگەن 60 نەچچە پېشقەدەم كادىر ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن ئېچىلغان 5-كورپۇس سىياسىي خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، 5-كورپۇستىكى خىزمەت ئۆمەكلىرىنىڭ سەككىز ئايلىق خىزمەت ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلىدى، 5-كورپۇسنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش، ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسىي خىزمەت فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاڭ باڭيىڭ قاتارلىقلار ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا 5-كورپۇسقا بارغاندىن كېيىن، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداش، ئاددىي-ساددا بولۇشتەك خىزمەت ئىستىلىنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئىنچىكە، سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئوبدان يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى

ئۈگىنىش، «ئومۇمىي پروگرامما» دىكى تەلەپلەر بويىچە 5 - كورپۇسنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا ئىلھام بەردى. ئارقىدىن ئۇلار ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن ئېچىلغان مىللىي كادىرلار سىياسىي تەلىم - تەربىيە كۇرسىغا قاتناشقان 80 نەپەر كۇرسانتلار بىلەن ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئىلىغا يېتىپ كەلدى.

ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە غۇلجىدا 5 - كورپۇس پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا 14 - دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تالىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى (13 - دىۋىزىيىمۇ قەشقەردە ئۆز ئالدىغا پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئاچقان). يىغىندا ئالدى بىلەن 1950 - يىلى ھەربىي رايون پارتكومى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تەجرىبىلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. مەسىلەن، كادىرلار زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلدى ۋە تەربىيىلەندى، مۇنەۋۋەرلەر پارتىيە ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىندى، ھەرقايسى دىۋىزىيە، پولك، باتالىيونلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پارتكوم ۋە ھەربىي - سىياسىي كومىتېتلار قۇرۇلدى، روتىلاردا ھەربىي - سىياسىي كادىرلار كومىتېتى قۇرۇلدى، قەھرىمان، نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلىپ ئىلغارلار تەقدىرلەندى ھەممىدە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرتنى، ۋەتەننى قوغداشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، ئىچكى قىسمىدىكى ئاز سانلىق ئەكسىل-

ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كۆتۈرۈلگەن توپىلاڭلار تارمار قىلىندى، كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ سىنىپىي ئېڭى ئۆستى. ئارقىدىنلا ئىختىيارلىق، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قانات يايدۇرۇلۇپ، 5-كورپۇسنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان ناچار خاھىشلار ئېچىپ تاشلاندى. كورپۇستىكى رەھبىرىي يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىپ، بيۇروكراتلىق، مىلىتارىستلىق، ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش كەيپىياتىنى تەكشۈرۈپ، ئىدىيە جەھەتتىن بىرلىككە كەلدى. 5-كورپۇسنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش، ئۆستۈرۈش فاڭجېنىنىڭ ئىنتايىن توغرىلىقىنى ۋە 1-بىڭتۇەن پېشقەدەم كادىرلىرىنىڭ 5-كورپۇسقا كېلىپ خىزمەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: ئىسمى-جىسمىغا لايىق سىياسىي كومىسسارلىق ۋە سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قىسىملارنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرگەندىلا، كۆز ئالدىمىزدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىلى، ئارمىيىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا پېشقەدەم كادىرلار بىلەن يېڭى كادىرلار، خەنزۇ كادىرلار بىلەن مىللىي كادىرلار، پارتىيىلىك كادىرلار بىلەن پارتىيىسىز كادىرلار كەڭ-كۇشادە سۆزلەشتى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشتى، بىر-بىرىدىن ئۆگەندى، ئۆزئارا ئىشەنچ ھاسىل قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن 5-كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشقا بەل باغلىدى.

5-كورپۇستىكى كوماندىر-جەڭچىلەر شىنجاڭ بيۇروسى ۋە ھەربىي رايون پارتكومى ئەۋەتكەن خەنزۇ كادىرلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ھىمايە قىلدى. كورپۇس ئورگىنىدىكى يولداشلار جىددىي تۇتۇش قىلىپ ئۇلارنىڭ

تۇرىدىغان ئورنىنى، تامىقىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. كۆپچىلىك بۇ بىر تۈركۈم سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن «پېشقەدەم كادىرلار» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار 5-كورپۇسقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆپچىلىك بىردەك ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ھۆرمەت نەزەرى بىلەن ئۇلاردىن ھال سوراشتى، نەرسە-كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى. گەرچە ئۇلار ئۆزئارا تىل ئۇقۇشمىسىمۇ، لېكىن، ھەر بىر كادىر-جەڭچىنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىدىن بۇ پېشقە-دەم كادىرلارنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقى، ھۆرمەتلەيدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يەنە نۇرغۇن كادىرلار: بىز 1948-يىل يەنسەنەي ئاكوپلىرىدا ياتقاندا مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پېشقەدەم كادىرلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئەمدى ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈ-شۈپ تۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار كورپۇسىمىزغا كېلىپ بىز بىلەن بىر سەپتە خىزمەت قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن شە-رەپلىك-ھە، دېيىشىپ ئۆزئارا قىزغىن پاراڭ سېلىشاتتى. كورپۇسقا كەلگەن خەنزۇ كادىرلاردا كىبىر يوق ئىدى، ئۇلار كىشىلەرگە سەممىي-ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى، كوماندىر-جەڭچىلەرمۇ ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار 5-كورپۇسقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاماق، يېتىپ-قوپۇش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈندى، ئۇلار قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە كۈتۈۋېلىندى. بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ئىلھام ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىللىپ كەتكەنىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۆپچى-لىك خۇددى ئاكا-ئۇكىدەك چىقىشىپ كەتتى. كورپۇس پارتكومى كېڭەيتىلگەن يىغىنى مەزگىلىدە تىل ئوخشاشمىغاچقا،

ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇس تىلى تەرجىمانلىرىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندى، بىر سائەتلىك يىغىن 2 ـ 3 سائەتكىچە سوزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، بۇنىڭدىن ھېچكىممۇ ئاۋارىچىلىك ھېس قىلماي، يىغىن تەرتىپىنى باشتىن ـ ئاخىر ياخشى ساقلاپ، ھەممەيلەن بىر ـ بىرىنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاشتى؛ دەم ئېلىش، تاماق ۋاقىتلىرىدىمۇ بەزى مىللىي كادىرلار بىلەن خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى، بىر ـ بىرىنىڭ ئىسىم فامىلىسى، يېشى، يۇرتىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، بىر ـ بىرىدىن تىل ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بەزى مىللىي كادىرلار خەنزۇ كادىرلارغا: «بىزنىڭ قىسىم قۇرۇلۇشى جەھەتتە تەجرىبىمىز كەمچىل، بىز خەنزۇچىنى ئۆگىنىۋالساق، سىلەردىن ئۆگىنىشىمىز ئاسانغا توختىغان بولاتتى» دېيىشەتتى. خەنزۇ كادىرلارمۇ: «سىلەر بۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىسىلەر، بىزمۇ سىلەردىن ئۆگىنىمىز. سىلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىڭلارنى ئوبدان ئۆگىنىپ، 5 ـ كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەيمىز» دېيىشەتتى.

كورپۇس پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىن كېيىن، 5 ـ كورپۇسقا كەلگەن خەنزۇ كادىرلار كەينى ـ كەينىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دىۋىزىيە، پولكلارنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا، كورپۇس، دىۋىزىيىدىكى ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىقىغا ۋە بىر قىسىملىرى باتالىيوننىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىگە تەيىنلەندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا 13 ـ دىۋىزىيىگە بېرىپ خىزمەت قىلغانلاردىن ماخۇگشەن مەزكۇر دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا، شۈلى دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ۋاڭ گۇاڭزىڭ 37 ـ پولكنىڭ سىياسىي كومىسسار-

لىقىغا، خۇاڭ يۈي 38- پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا،
جاڭ خۇڭ 39- پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەندى.
14 - دىۋىزىيىگە كەلگەنلەردىن خۇ جېڭ دىۋىزىيىنىڭ سىيا-
سىي كومىسسارلىقىغا، تاڭ مۇ دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ
مۇدىرلىقىغا، گېڭ يۇڭجىيى دىۋىزىيە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ
سىياسىي كومىسسارلىقىغا، دۇڭ شياڭسىڭ 40- پولكىنىڭ سىياسىي
كومىسسارلىقىغا، جاڭ شىپىڭ 41- پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسار-
لىقىغا، جىن باۋچۇەن 42- پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا،
شۈي ماۋجۇڭ ئاتلىق 2- پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىغا
تەيىنلەنگەندى. ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە
سېلىش جەريانىدا بەزى ئەگرى - توقايلىقلار ۋە كۆرەشلەرمۇ
بولۇپ ئۆتكەندى، بەزى توسالغۇلارنىمۇ يەڭگەندۇق.
لېكىن شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە،
كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ۋە جاپالىق، ئىنچىكە
ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، سىياسىي كومىسسارلىق
تۈزۈمى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمەت
تۈزۈمى 5 - كورپۇستا پەيدىنپەي ئورنىتىلدى ۋە مۇكەم-
مەللەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە ئەزالىرى
قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ئاساسىدا، ھەرقايسى دىۋىزى-
يە، پولك سىياسىي كومىسسارلىرىنى يادرو قىلغان ھالدا
پارتكوملار كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى، ھەرقايسى باتالىيون،
روتىلاردىمۇ پارتىيە ياچېيكىسى ياكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى
قۇرۇلدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى بارا - بارا كۆپىيىپ،
1952 - يىل 8 - ئايغا كەلگەندە، كورپۇس بويىچە 500
دىن ئېشىپ، پۈتۈن كورپۇستىكى ئادەم سانىنىڭ 4 پىر-
سەنتىنى ئىگىلىگەندى.
ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە سىياسىي

كومىسسارلىق، سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن قىسىملارنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىگە پۇختا ئاساس سېلىندى.

## پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدا

پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەندى. يولداش ماۋزېدۇڭ 1949 ـ يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندى: ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى كادىرلار بولمىسا، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، رەئىس ماۋزېدۇڭ مەركىزىي كومىتېت نامىدىن بەرگەن تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللىي ئارمىيە ئىلگىرىكى بىرقانچە يىللار ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ئارمىيىسىنىڭ يۈز مىڭ ئادىمىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن خېلى زور دەرىجىدە ماسلىشىش رولىنى ئوينىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئۈچ مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەت، ئىلگىرى ئەكسىيەتچىلەر شىنجاڭ خەلقىنى، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقى قىزغىن قارشى ئالدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا ھەر

مىللەت) بىلەن قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا، شىنجاڭنى دېموكراتىك شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقالايدۇ. شۇڭا 14 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭنىڭ ھەر-قايسى جايلىرىغا تاراپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن مۇناسى-ۋەت باغلاشتىكى كۆۋرۈك بولۇشى، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلەپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى، يەرلىك قوراللىق قىسىملارنى قۇرۇشى ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشى لازىم. شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، يولداش ۋاڭ جېنمۇ مۇنداق دېگەنىدى: يەرلىك مىللىي كادىرلارنى ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەش-جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي را-يونلاردىكى خەلقلەرگە سىياسىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. يەرلىك كوممۇنىزمچى مىللىي كادىرلار بولمىسا، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئارىسىدىكى ئىلغارلار تەربىيىلىنىپ خىزمەتكە قاتناشتۇرۇلمىسا، مىللىي رايونلاردا خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش مۇمكىن ئەمەس⑮.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە، يەرلىك ئەھۋالنى بىلىدىغان بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغانى-دى. شۇ چاغلاردا، شىنجاڭدىكى مىللىي كادىرلارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى، بىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ چېنىققان ۋە سىناقلاردىن ئۆتكەن يولداشلار؛ ئىككىنچىسى، ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن، ئەمگەك-چى خەلق ئارىسىدىكى ئاكتىپلار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-بىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان مىللىي ئارمىيىدىكى ئالغا بېسىش-قا ئىنتىلىدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كوماندىرلار، شۈبھىسىز

ھالدا پارتىيىنىڭ مىللىي كادىرلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولدى. بۇ كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىنقىلابىي كۈرەش-نىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەنىدى. لېكىن، يېڭى ۋەزىيەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىپ، تەربىيە ئېلىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەندىلا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى، شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش-نى ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتتى. يەرلىك مىللىي كادىرلار كۇرسى ئاچقاندىن سىرت، ئايرىم كۇرس ئېچىپ، 5- كورپۇستىكى مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەشكە ئىنتا-يىن ئەھمىيەت بەردى. كۇرستا سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە ئاساس قىلىندى، ئۇلار ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ۋە قىسمەن سىياسىي خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي-نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە سىنىپىي ئېڭىنى ئۆستۈردى. تەربىيە-لەش قارارغا بۆلۈپ، دەرىجە بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. يەنى دىۋىزىيە، پولكلار ۋزۋود - ئوتدېلېنىيە كوماندىرلىرىنى، كور-پۇس روتا كوماندىرى ۋە قىسمەن ۋزۋود كوماندىرلىرىنى، ھەر-بىي رايون باتالىيون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى تەربىيىلىدى.

1950- يىلى 8- ئاينىڭ 23- كۈنى، ھەربىي رايون ئاچقان، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 85 نەپەر كۇرسانت قاتنىشا-قان تۇنجى قارارلىق 5- كورپۇس سىياسىي كادىرلار كۇرسى

ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق دەرس باشلىندى. دەرس باشلاش مۇراسىمىغا قوماندان ۋاڭ جېن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن قوماندان سەيپىدىن ئەزىزى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار شۇ لىچىڭ، مۇدىر زىڭ دې قاتارلىقلار قاتناشتى. بۇ قاراردىكى ئۆگىنىشكە قاتناشقان كۇرسانتلار ماركس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلىرىنى، «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى»، «كۇتيەن يىغىنىنىڭ قارارى»، «جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى» ھەمدە «سىياسىي كومىسسارلىق تۈزۈمى بىلەن سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى» قاتارلىق ئەسەر ۋە ھۆججەتلەرنى ئۆگەندى. ئامېرىكا جاھانگىرلىرىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، ۋەتەننى قوغداش توغرىسىدا تەربىيە ئالدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق كۇرسانتلارنىڭ سىياسىي-نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە سىنىپىي ئېڭى ئۆستى. كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھات كۈرىشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. ئۇلار ئۈرۈمچىدىكى تىنچلىق ئۆستىڭىنى چېپىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، ئەمگەك كۆز قارىشى ۋە ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تۇرغۇزدى. بەزى يولداشلار پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. 1951-يىل 5-ئاينىڭ 2-كۈنى، 14-دىۋىزىيە 40-پولكىنىڭ كۇلۇبىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يولداش ۋاڭ جېن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ئالدى بىلەن كۇرسانتلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كۆپچىلىككە قىزغىن ئىلھام

بەردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ 5 ـ كورپۇسنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەلىم ـ تەربىيە، ئۆزگەرتىش ۋە ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەنىدى: شۈبھىسىزكى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك قاتارلىقلار رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەش ــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرا ئىنقىلاب. ماۋجۇشى ئۇنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دېگەن. ئۇ مۇنداق دېدى: ھازىر، ئېلىمىز ئىنقىلابى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم تاشلىدى. شىنجاڭدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلماقچى. بۇ ــ دېھقانلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىش، شۇنداقلا بىر كەسكىن كۈرەش. بۇنىڭ ئۈچۈن 5 ـ كورپۇستىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش كۈرىشىگە پائال ياردەم بېرىشكە ئاتلىنىشى لازىم[16]. بۇ قاراردا ئوقۇغان كۇرسانتلار 5 ـ كورپۇسقا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەت رەھبەرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، قىسىملاردا ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىشنىڭ تايانچىلىرىدىن بولۇپ قالدى. كېيىن بىرمۇنچە يولداشلار يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات خىزمىتىگە قاتناشتى.

ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى 5 ـ كورپۇستىكى مىللىي كادىرلارنى داۋاملىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، 1951 ـ يىل 7 ـ ئايدا 2 ـ قارار مىللىي كادىرلار سىياسىي كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېك،

قىرغىز، رۇس قاتارلىق توققۇز مىللەتتىن تەركىب تاپقان 350 نەپەر كۇرسانت قاتناشتى. بۇ قېتىمقى كۇرسقا سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىي، مالىيە، سەھىيە ساھەسىدىكى كەسپىي-تېخنىكا كادىرلىرىمۇ قاتناشتى. كۇرس بىر يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندا قۇسايىن قاتارلىق 28 نەپەر كۇرسانت ئۆگىنىش نەمۇنىچىسى، مۇسا قاتارلىق 18 نەپەر كۇرسانت ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

ھەربىي رايون ئاچقان 3-قارار كادىرلار كۇرسى 1952-يىل 11-ئاينىڭ 24-كۈنى باشلىنىپ 1953-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنى ئاياغلاشتى. كۇرسقا قاتناشقان 400 نەپەر كۇرسانت ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق توققۇز مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۇرسانت 250 نەپەر، خەنزۇ كۇرسانت 150 نەپەر ئىدى. كۇرسانتلار ئارىسىدا باتالىيون دەرىجىلىك كادىرلارمۇ، روتا، ۋزۋود دەرىجىلىك كادىرلارمۇ بار ئىدى. كۇرس سىياسىي ۋە تىل دەپ ئىككى ئەترەتكە بۆلۈنگەنىدى، سىياسىي ئەترەتتە ئاساسلىقى سىياسىي نەزەرىيە ۋە ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت پىرىنسىپلىرى ئۆگىنىلدى. تىل ئەترىتىدە ئاز سانلىق مىللەت كۇرسانتلار ئاساسلىقى خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەنىدى؛ خەنزۇ كۇرسانتلار ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەنىدى. ئۇلارنى ئاساسەن تەرجىمان قىلىپ يېتىشتۈرۈش نىشان قىلىنغانىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومىدىكى يولداشلار 5-كورپۇستىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى. ھەر قېتىم ئوقۇش باشلىغاندا ۋە ئاخىرلاشقاندا قوماندان ۋاڭ جېن، مۇئاۋىن كومىسسار شۈي لىچىڭ ۋە كېيىن

بيۇرو پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان يولداش ۋاڭ ئېنماۋ
ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي يولداشلار كۇرسقا
كېلىپ سۆز قىلغانىدى.

بۇنىڭ بىلەن، 1950 - يىلدىن 1953 - يىلغا قەدەر ھەر
دەرىجىلىك ئورۇنلاردا كۇرس ئېچىش ئارقىلىق، 5 - كورپۇسنىڭ
پولك كوماندىرىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك مىللىي كادىرلارنىڭ
ھەممىسى بىر قېتىمدىن تەربىيىلىنىپ چىقتى. بۇنىڭدىن ھەربىي
رايون 5 - كورپۇسقا 680 نەپەر سىياسىي خىزمەت كادىرى
تەربىيىلەپ بەردى. بۇ 5 - كورپۇسنىڭ كادىرلار ئومۇمىي
سانىنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 5 - كورپۇسنىڭ يۇ-
قىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزملىق
نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1953 - يىلدىن باش-
لاپ، 5 - كورپۇسنىڭ دىۋىزىيە كوماندىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك
كادىرلار تۈركۈم بويىچە، ھەربىي شۆيۈەن، مەركىزىي
پارتىيە مەكتىپى، مىللەتلەر شۆيۈەنىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.
بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا
ئەۋەتىلدى.

باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ،
قىسىملارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر-
بىي رايون 1953 - يىل 11 - ئايدا تۆت ئاي داۋام قىلغان
بىر قارار مىللىي كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىلىرى كۇرسى
ئاچتى. كۇرسقا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۆزبېك، قىرغىز
قاتارلىق ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 125 نەپەر ئادەم قاتناش-
تى. كۇرسانتلار ئۆگىنىشكە كېلىشتىن بۇرۇن 40 پىرسەنتى 4 -
سىنىپتىن تۆۋەن مەلۇماتقا ئىگە ئىدى. كۇرستا ئۆگىنىش ئارقىلىق
6 - سىنىپ مەلۇماتىغا ئىگە بولدى. چوڭلارنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى-
دەسلەپكى قەدەمدە ئېگىلىۋېلىندى. كۇرستا جەمئىي 79 نەپەر

ئۇيغۇر، 43 نەپەر قازاق، ئۈچ نەپەر موڭغۇل ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى. بۇ كۇرسانتلار ئۆگىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مىللىي قىسىملاردا مەدەنىيەت ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا تايانچلىق رول ئوينىدى.

ئاز سانلىق مىللەت كەسپى-تېخنىكا كادىرلىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 5-كورپۇستىن ياش، مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىرلارنى ئىچكىرىدىكى مەخسۇس تېخنىك مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. 1951-يىلى 5-كورپۇسنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىن 100 نەپەردىن ئارتۇق سانىتارنى تيەنجىندە تۆت يىل خەنزۇ تىلى ۋە ئاساسلىق دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. كېيىن بۇلاردىن ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشىراق چىققانلىرى چاڭچۈن تىببىي داشۆسىگە ئۈچ يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. بۇلار 1958-يىلى قىسىملارغا قايتىپ كېلىپ، بەزىلىرى تىببىي خىزمەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خادىم بولۇپ قالدى، بەزىلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن بولۇپ قالدى. ھازىرقى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مامۇتوۋ تۇرسۇن، سابىق ئۈرۈمچى ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈم سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخەت، ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيدى ھېزىم قاتارلىقلار ئەنە شۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تىببىي خادىملاردۇر. 1950-يىلى 5-كورپۇستىن شەرقىي-شىمال ئاۋىئاتسىيە مەكتىپىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇيغۇر، قازاق ئۇچقۇچىلار تەربىيەلەندى. بۇ يولداشلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھاۋا ئارمىيىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ھاۋا قاتنىشى سېپىدە تېخنىكا تايانچلىرىدىن بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي-شىمال رايونىنىڭ ھاۋا قاتنىشىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تۆھپە قوشتى. ئىنقىلابىي

كۆرەش جەريانىدا كادىرلارنى دادىل ئىشلىتىش، چېنىقتۇ-
رۇش ۋە ئۆستۈرۈش پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رىنى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، ھەربىي رايون پارتكومى ئىلگىرى-
كېيىن بولۇپ 5-كورپۇستىكى زور بىر تۈركۈم مىللىي كادىرلار-
نى ئاجرىتىپ يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش،
زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، پارتىيە قۇرۇش ۋە ھاكىمىيەت
قۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇردى.
1952-يىلى 8-ئايدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەينى
ۋاقىتتا 5-كورپۇستىن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەر-
گە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە 300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناش-
قان، يەر ئىسلاھاتىغا 240 ئادەم قاتناشقان، 300 ئادەم چار-
ۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشقا ياردەملەشكەن. 2-، 6-كورپۇسلاردىكى پېشقەدەم خەنزۇ
كادىرلار مىللىي كادىرلارنى يېتەكلەپ ئىشلەشكە، كۆرەشلەر
داۋامىدا چېنىقىپ، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ،
ئۇلارنىڭ تېز ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغانىدى. بۇ مىللىي كادىر-
لارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىن يەرلىك ئورۇنلارغا كەسىپ ئالمىشىپ،
ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىي، ناھىيىنىڭ ھاكىمى، جامائەت خەۋپسىزلىك
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، رايون
باشلىقى بولۇپ، پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ
قالغانىدى. نۇرغۇن يولداشلار ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا مۇھىم رەھ-
بەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە.

5-كورپۇس قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتې-
تى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ھەر مىللەت كوماندىر-جەڭچىلىرىگە
ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1950-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرى-

دىيتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش ھارپىسىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش بۇسى 5 - كورپۇسىمىزنى پايتەخت بېيجىڭغا كېلىپ دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان بىر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ ئەۋەتىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن بۇ تەكلىپنى 5 - كورپۇسقا يەتكۈزگەندە، بىز ئىنتايىن خۇشال بولدۇق. بېيجىڭغا بېرىپ قەدىردان ماۋجۇشىنى كۆرۈش بىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇيىمىز ئىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى تېزدىن تەشكىللەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 5 - كورپۇسنىڭ كوماندىرى لېسكىن، مۇئاۋىن كومىسسارى ساۋدانوۋ زاھىر، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاپ باشلىقى زۇنۇن تېيىپ، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى نۇسۇپقان، 13 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى ئىمىنوۋ مەمتىمىن، 14 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى ئىبراھىمباي، ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى بەدەلقان ۋە مامۇتوۋ قۇربان، بايچورىن، باۋسەن، سەردى قاتارلىق يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئون نەچچە كىشى بار ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1950 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بىز غۇلجا شەھىرىدىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئالدى بىلەن شىئەنگە بېرىپ قىسقا ۋاقىت توختىدۇق. بۇ چاغدا غەربىي شىمال بيۇروسى، غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرىدىن پېڭ دېخۇەي، شى جۇڭشۈن، لياۋ خەنشېڭ، گەن سىچى قاتارلىقلار بىزنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، بىز ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا بېرىپ، شۇ چاغدىكى ئەڭ كاتتا مېھمانخانا — بېيجىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق. ئاندىن كېيىن، بىر قاتار ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇق. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، بىز پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا قېرىنداش

ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى
بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت
زىياپىتىگە قاتناشتۇق. زىياپەتتە، قەدىردان ماۋ زېدۇڭ، لىيۇ
شاۋچى، جۇدې، جۇ ئېنلەي قاتارلىق مەركىزىي كومىتېتنىڭ
رەھبىرىي يولداشلار ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى
قاتارىدا ئۆمىكىمىزنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى سەممىي
قوبۇل قىلدى. ماۋ جۇشى بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈش-
كەندە، ھاياجانلانغانلىقىمدىن بىر ھازاغىچە ئاغزىم گەپكە كەل-
مىدى. ئۇ چاغدا مەن ماۋ جۇشىنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم
كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بىرخىل ھاياجانغا چۆمگەنىدىم. 10 - ئاينىڭ
1 - كۈنى بىز ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالار تەكلىپ
بىلەن تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى كۆرەك مۇنبىرىدە جۇمھۇرىيەت
قۇرۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناش-
تۇق. ھەيۋەتلىك ھەربىي كۆرەك قىسىملىرى ۋە داغدۇغىلىق
نامايىشچى قوشۇنلار ئالدىمىزدىن ئۆتكەن چاغدا، بىز ئىختىيار-
سىز ھالدا ئۆزۈنغىچە قولىمىزنى كۆتۈرۈپ، قەدىردان
پارتىيە ۋە خەلققە ھۆرمەت بىلەن سالام بەردۇق. كەچتە
تيەنئەنمېن مەيدانىدا پايتەختنىڭ كېچىلىك مەن-
زىرىسىنى تاماشا قىلدۇق. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ
ساليوتلار ھاۋادا يۇلتۇزدەك پارقىراپ، پايتەختنىڭ كېچە
ئاسمىنىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ھەممىمىز چەكسىز
خۇشاللىق ۋە ھاياجانغا چۆمدۇق. ئېسىمدىن مەڭگۈ چىقمايدى-
غىنى شۇكى، 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، باش قوماندان جۇدې
شۇنچە ئالدىراش تۇرسىمۇ 5 - كورپۇس ۋەكىللەر ئۆمىكى-
نىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىزنىڭ خىزمەت دوكلا-
تىمىزنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەمدە 5 - كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشى
توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. باش قوماندان جۇدې

يەنە بىزگە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى تونۇشتۇرۇپ، بىزنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇشۇ بىر يۈرۈش ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپى ۋە فاڭجېنى بويىچە قىسىم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قىسىملاردا تېزدىن بىر يۈرۈش سىياسىي كومىسسارلىق ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئەۋەتىلگەن خەنزۇ كادىرلارغا ماسلىشىپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. باش قوماندان جۇ دې بىزگە يەنە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ يېقىندىن بۇيان چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى ھەدەپ كېڭەيتىپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، «38 - پاراللېل» دىن ئۆتۈپ، جۇڭگو - چاۋشيەن چېگرىسىدىكى يالۇجياڭ ۋە تۇمىنجياڭ دەريا ساھىلىغا قاراپ داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي - شىمال چېگرىسىدىكى شەھەر ۋە يېزىلارنى بومباردىمان قىلىپ، ئوققا تۇتۇپ، ئېلىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. يەنە مۇنداق دېدى: جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بۇنىڭغا ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدۇ. بىز چوقۇم ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، يۇرتىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم، شۇڭا، سىلەر ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تېز قايتىپ بېرىپ، قىسىملارغا ئىنتېرناتسىئونالىزملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئاتلىنىشىڭلار لازىم. ئاندىن كېيىن ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىمىز تيەنجىن قىسىملىرىغا بېرىپ، قىسقا مۇددەتلىك ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىپ، 20 - بىڭتۇەن قوماندانى يولداش ياڭ چېڭۋۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز تېزلىكتە شىنجاڭغا قايتىپ كەلدۇق. بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش 16 كۈنلا داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئەمما 5 ـ كورپۇستىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نەزەر دائىرىمىز زور دەرىجىدە كېڭەيدى. بىز سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ، مۇنبەت، گۈزەل زېمىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىدۇق، ئىنتايىن زور تەربىيە ئالدۇق ۋە ئىلھاملاندۇق. پارتىيە ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە 5 ـ كورپۇسنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشتا ۋۇجۇدىمىز ئىشەنچكە تولۇپ تاشتى.

## ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش

ھەردەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، سىياسىي كومىسسارلىق ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئارقىسىدا، 5 ـ كورپۇسنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پۇختا سىياسىي ئاساس ۋە ئىدىيىۋى ئاساس سېلىندى.

5 ـ كورپۇسنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدە، شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى 1951 ـ يىل قىشتىن 1952 ـ يىل ئەتىيازغىچە بىر قېتىم سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇنىڭدا ئاساسەن، كونا جەمئىيەت ئۈستىدە دەرد تۆكۈش، ئۈچنى تەكشۈرۈش (كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرۈش، مەيدانىنى تەكشۈرۈش، ئىدىيىنى تەكشۈرۈش)، ئۈچكە قارشى تۇرۇش (خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، قىسىملارنىڭ سىنىپىي ئېڭى ۋە سىياسىي ـ ئىدىيىۋى

ئېگىنى ئۆستۈرۈش، دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى قوللاش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش مەقسەت قىلىنغانىدى.

دەرد تۆكۈش، ئۈچنى تەكشۈرۈش ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىشتا ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ پۇختا، ئۈنۈمى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان تەربىيە ھەرىكىتى بولدى. چۈنكى بۇ تەربىيە ئەڭ ئەمەلىي بولۇپ، ھەر بىر ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 5 - كورپۇستىكى مۇتلەق كۆپ سانىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كونا جەمئىيەتتە قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت چەككەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە فېئودالىزم، دىنىي خۇراپاتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىددىيە جەھەتتىكى نادانلىق تېخى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا ئىدى. ئالايلۇق، ئۇ چاغدا بەزى جەڭچىلەر ئارىسىدا «كەمبەغەللەرنىڭ جاپا تارتىشى تەقدىردىن»، «ئادەملەرنىڭ باي - كەمبەغەل بولۇشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن» دەيدىغان تونۇشلار بار ئىدى. بۇ خىل «تەقدىرچىلىك نەزەرىيىسى» سىنىپىي چەك - چېگرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، سىنىپىي كۆز قاراشنى مۇجمەللەشتۈرۈپ قوياتتى. ئۇ ۋاقىتتا دەرد تۆكۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى روشەنلەشتۈرىدىغان ئاچقۇچ ئىدى.

تەربىيىنى پۇختا، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى پولكلار دەرد تۆكۈش بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلدى. ئاندىن كېيىن، تۈركۈم، مۇددەتكە بۆلۈپ،

نۇقتىدىن دائىرىگە كېڭەيتىپ، بىر ـ بىرلەپ قانات يايدۇرۇلدى. تەربىيە ئادەتتە دەرد تۆكۈش، ئۆچىنى تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەش قاتارلىق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى ئەسكەرلەرگە قارىتا ھەربىي سەپكە كىرگەندىن كېيىنكى دەرد تۆكۈش تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئۇلار قىسمىغا قەدەم تاشلاش بىلەنلا ئىدىيىۋى ئاساسىنى ياخشى ئورنىتىش، ماركسىزملىق توغرا كۆز قاراش ۋە ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش، ئارمىيىگە كىرىشتىكى مۇددىئاسىنى توغرىلاپ، ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

دەرد تۆكۈشتىن ئىلگىرى، قىسىملاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا نەق مەيداندا زىيارەت قىلىش، ئەڭ قاتتىق جاپا تارتقان يولداشلارنى قىسىملارغا كېلىپ دەرد تۆكۈشكە تەكلىپ قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، جەڭچىلەر قورسىقىدىكى دەردنى تولۇق تۆكۈشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا تىپىك دەرد تۆكۈش يولغا قويۇلۇپ، قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتقان جەڭچىلەر ئالدى بىلەن تىپىك سۆز قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك دەرد تۆكۈش يولغا قويۇلدى. جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ يىلتىزىنى تېپىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن ھېساب ئېلىش ئارقىلىق ئاخىرىدا قەسەمياد قىلىش، ئىپادە بىلدۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى. تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇشنەك بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق تەربىيىدە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1951 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، 14 ـ دىۋىزىيە 42 ـ پولكىنىڭ 6 ـ روتىسىدا دەرد تۆكۈش بولغاندا «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى ئۇلارنى مەخسۇس

زىيارەت قىلىپ، مۇنداق دەپ يازغانىدى: «گازارمىغا قەدەم
تاشلىشىمىز بىلەنلا يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى، يىغا ئاۋازى چىقـ -
قان تەرەپكە قارىساق گازارمىنىڭ تەنھەرىكەت مەيدانىدا،
يوللاردا توپ - توپ ئادەملەر ئولتۇرۇشقانىكەن. 6 - روتىدىـ -
كى جەڭچىلەر ئوتدىلىنىيلەر بويىچە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلارـ -
نىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئامما ئولىشىۋاپتۇ. ئوتتۇرىدا بىر
جەڭچى مۇشتىنى غەزەپ بىلەن شىلتىغان هالدا كونا جەمئىـ -
يەتتىكى ئازابلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي
سۆزلەۋېتىپتۇ. ئۇ ئائىلە مال - مۈلكىنىڭ زومىگەرلەرنىڭ تالان-
تاراج قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ گۇناهسىز
ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، خوتۇن - باللىرى، ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ
ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ قەلبى ئېيتىپ
تۈگەتكۈسىز قايغۇغا تولۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي هۆڭرەپ يىغـ -
لاپ كەتكەن مەنزىرىنى كۆرگەندە ئولتۇرغانلار چەكسىز
غەزەپلەنگەنىدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا مەزكۇر
روتىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ خېلى كۆپىنىڭ ئۇرۇق -
تۇغقانلىرى ئازاب - ئوقۇبەتتە سەرگەردان بولغان، زومىگەرلەر-
نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. پومېشچىكلارنىڭ كەمبەغەللەر-
نى ئېچىنىشلىق جازالاش ئۇسۇللىرى ئون نەچچە خىلدىن
ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۇسۇللارنىڭ دەهشەتلىكلىكى ئادەمنى
هەيران قالدۇراتتى.»

مەزكۇر روتىنىڭ بىر جەڭچىسى شىكايەت قىلىپ مۇنـ -
داق دەيدۇ: «كونا جەمئىيەتتە ئائىلىمىزدىن ئىلگىرى - ئاخىر
بولۇپ ئالتە جان ئادەمنى زومىگەر، پومېشچىكلار زىيانكەشـ -
لىككە ئۇچراتتى، بىرقانچىسى ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ ئائىلەم
ۋەيران بولدى. بۈگۈن ئۇلاردىن هېساب ئالىدىغان ۋاقىت
كەلدى. مەن هازىر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرەپلىك

چەكچىسى بولدۇم. قولۇمدىكى قورالىمنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي قوللاپ، كومپارتىيە ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ شەپقىتىگە ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن.»

بۇ روتىدىكى دەرد تۆكۈشتە، جەڭچىلەر 144 پارچە شىكايەتنامە يېزىپ، يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ زومىگەرلەردىن قىساس ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

13 - دىۋىزىيە 38 - پولك 1 - روتا 4 - ۋزۋودتىكى بىر جەڭچى مۇنبەرگە چىقىشىغىلا كىشىلەر ئۇنىڭ يۈزىدە چوڭقۇر تاتۇق تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى مۇنداق سۆزلەشكە باشلايدۇ:

«مەن تۆت ياش ۋاقتىمدىلا دادامدىن يېتىم قالغان ئىكەنمەن. ئانام مېنى بېقىشقا كۆزى يەتمەي بىر مويسېپىت ئاخۇنغا بېرىۋېتىپتۇ. بۇ ئاخۇن كېيىن مېنى بىر پومېشچىككا بېرىۋەتتى. مەن كىچىككىنە تۇرۇپلا پومېشچىككا چاكار بولۇپ، ئۇنىڭ كالىسىنى باقتىم. بىر يىلى ئورما ۋاقتىدا، پومېشچىك مېنى بۇغداينى پاكىز ئورۇماپسەن دەپ، تاغارغا سولاپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، كالتەك بىلەن دۇمبالىدى. پۈتۈن بەدىنىم قاناپ، تاغارمۇ قانغا بويىلىپ كەتتى. بىر قېتىم پومېشچىكنىڭ ئوغلى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، قويىدىن بىرنى ئوغرىلىقچە قەرزگە بېرىۋەتكەندى. پومېشچىك ماڭا قوينى سەن ئوغرىلىدىڭ دەپ تۆھمەت قىلىپ، مېنى قاتتىق ئۇردى. مەن يەنە بويۇنۇمغا ئالمىغاندىن كېيىن، پومېشچىك يۈزۈمنى پىچاق بىلەن تىلىۋەتتى. مانا بۇ يۈزۈمدىكى تاتۇق شۇنىڭدىن قالغان تاتۇق. كېيىن مەن يەنە بىر پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلىدىم.

پومېشچىكنىڭ بىر كالىسى ئۆلۈپ قالغانىدى، مېنى سەن ئۇرۇپ
ئۆلتۈردۈڭ دەپ ئېسىپ ئۇرۇپ قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى.
بۇنى ئاز دەپ تېخىمۇ زەھەرخەندىلىك قىلىپ دا-
دامدىن ئانام بىلەن ئىككىمىزگە قالغان تۆت مو يېرىمىزنى
تارتىۋالدى.»

ئومۇمىيۈزلۈك دەرد تۆكۈش ئاساسىدا ھەرقايسى ئورۇن-
لاردا يەنە ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ يىلتىزىنى قېزىش، ئېكسپىلا-
تاتسىيىنىڭ ھېسابىنى ئېلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ
بېرىلدى. كورپۇس پارتكومى قىسىملاردىن «ھېساباتنى ئىنچىكە،
تولۇق، چوڭقۇر ئېلىش»، «كونا جەمئىيەتنىڭ جىنايەتلىرىدىن
ئۈزۈل-كېسىل ھېساب ئېلىش»نى تەلەپ قىلدى. 5-كور-
پۇسقا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار (بىر روتا بۇنىڭ سىرتىدا)
دىكى مىڭدىن ئارتۇق جەڭچىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى توغرىسىدىكى
مەلۇماتقا قارىغاندا، كونا جەمئىيەتتە پومېشچىكلار تەرىپىدىن
يېقىن تۇغقىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار بىرنەچچە يۈزگە
يەتكەن، مال-مۈلكى ۋە ئايالى تارتىۋېلىنغان، تىل-ھاقارەت
ئاڭلىغان، ئۇرۇلغان ۋە خورلانغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان.

كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ فېئودال-پومېشچىكلار سىند-
پىغا بولغان تېخىمۇ زور ئۆچمەنلىكىنى قوز-
غاش ئۈچۈن، ھەرقايسى قىسىملاردا دەرد تۆكۈشتىن
كېيىن، قەسەمياد يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 1951-
يىل 9-ئايدا، 42-پولك غۇلجىدا 180 دىن كۆپ ۋزۋود-
تىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار قاتناشتۇرۇلغان قەسەمياد
يىغىنى ئاچتى. يىغىن مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا مەزكۇر پولك
2-روتا 3-ۋزۋودنىڭ كوماندىرى نىيازنىڭ قان-ياشلىق
ئائىلە تارىخىغا ئاساسەن سىزىلغان «پومېشچىكلارنىڭ ئەمگەكچى
خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى، ئەزگەنلىكى» ھەققىدىكى

چاتما رەسىملەر ۋە «يوقالسۇن فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە،
ئېزىش تۈزۈمى»، «كومپارتىيىگە، ماۋ جۇشىغا مەڭگۈ ئەگىشىپ
ماڭايلى!» دېگەنگە ئوخشاش شوئار، پىلاكاتلار چاپلانغانىدى.
يىغىندا يەنە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن ماتەم بىلدۈرۈلدى.
سۆزگە چىققۇچىلارنىڭ ھەممىسى «كۆز يېشىمىزنى سۈرتۈۋېتىپ،
قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز ئۈچۈن
ئىنتىقام ئالىمىز، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا ئاكتىپ قاتنىشىپ،
فېئوداللىق سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ يىلتىزىنى قەتئىي
قومۇرۇپ تاشلايمىز!» دەپ قاتتىق قەسەمياد قىلىشتى. 41-
پولك 3-باتالىيونىدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 100 دىن ئار-
تۇق ئادەم بارمىقىنى چىشلەپ قانىتىپ، قان بىلەن ۋەدىنامە
يېزىپ، كومپارتىيىگە مەڭگۈ ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۈزۈل-كېسىل
ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

دەرد تۆكۈش تەربىيىسى كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ
سىنىپىي ئېڭىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ئۇلار كونا جەم-
ئىيەتتىكى «ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىنىڭ نەدىن
كەلگەن» لىكىنى تونۇپ، «باي بولۇش پېشانىگە پۈتۈلگەن»
دەيدىغان تەقدىرچىلىك نەزەرىيىسىنى ۋە «باي-كەمبەغەل
بولۇش تەقدىرنىڭ ئىرادىسى» دەيدىغان دىنىي خۇراپاتلىق
ئىدىيىنى تۈگىتىپ، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ
جەمئىيەتتىكى باي-نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان
جىنايى مەنبە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى
تېخىمۇ كۈچەيتتى. كوماندىر-جەڭچىلەر كومپارتىيە بولمى-
غان بولسا، بىز ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ۋە بەختكە
ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق دېگەن تۇيغۇغا كەلدى. دەرد
تۆكۈش تەربىيىسى ئارقىلىق «دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ

ھەممىسى بىر ئائىلە» دېگەن ئىدىيە قىسمىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر ئارىسىدا يىلتىز تارتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ئۆستۈرۈلدى. نۇرغۇنلىغان يولداشلار بۇرۇن بىر پەقەت جاھانگىرلارنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىق ھۆكۈمرانلىقىنى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز دەپ قارايتتۇق. ئۈچكە قارشى، بەشكە قارشى ھەرىكەت ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ خەنزۇ ياكى باشقا مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىنىپىي مەنپەئەتى بىردەك، خەنزۇلار ئارىسىدىكى پومېشچىك، زومىگەرلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى پومېشچىك، زومىگەرلەرنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ئوخشاش. شىنجاڭدىكى پومېشچىك، زومىگەرلەر، ئەكسىيەتچىلەر گەرچە بىز بىلەن بىر مىللەتتىن بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىز كەمبەغەللەرنى ئېزىدىغان قولچۇماقچىلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپنى مىللەتكە قاراپ ئايرىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. جۇڭگودىكى ئەمگەكچىلەر خەنزۇ ياكى باشقا مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ھەقىقىي سىنىپىي قېرىنداشلار. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كومپارتىيە بىلەن رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىم.

ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى قىسىملاردا دېموكراتىك ھەرىكەتنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرقاتار دېموكراتىك تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت بولدى. مىللىي ئارمىيە ۋاقتىدا، كومپارتىيە رەھبەرلىكى بولمىغانلىقتىن،

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر يۈرۈش سىياسىي خىز-
مەت تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغانىدى. شۇڭا، كوماندىر-
جەڭچىلەر مۇناسىۋىتىدە دېموكراتىيە بولماسلىق ھادىسىلىرى
مەۋجۇت ئىدى. ئايرىم ساندىكى كوماندىرلار جەڭچىلەرنىڭ
ھالىغا يەتمەيتتى. ھەتتا ئۇلارنى بەزىدە ئۇرۇپ قوياتتى،
تىللايتتى. ۋزۋود كوماندىرى، ھەتتا ئوتدىلېنىيە كوماندى-
رىدىمۇ جەڭچىلەرنى گوپپاققا سولاش ھوقۇقى بولاتتى.
ئېسىمدە قېلىشىچە، 1950 - يىلى مەن بىلەن كورپۇس سىيا-
سىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش لى يۈنخې ئىككىمىز
ئالتاي ئاتلىق 1 - پولكقا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە
ئاتلىق پولك تۇرغان گازارمىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا ئوڭ
تەرەپتىكى ئۆيدە بىرقانچە جەڭچىلەر قاماقلىق تۇرغانلىقىنى
كۆردۇق. بۇلار كىچىككىنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى
ئۈچۈن روتا، ۋزۋود كوماندىرلىرى گوپپاققا سولىغان ئىكەن.
بىز شۇ يەردىلا بۇ ئەھۋالنى تۈزەتكەنىدۇق. بۇنىداق
ئەھۋاللار تۆپەيلىدىن بەزىدە روتا، ۋزۋودلاردا كوماندىر-
جەڭچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالاتتى. بەزى جەڭ-
چىلەر ئىدىيە جەھەتتە پاسسىپلىشىپ، قىسىمدىن قېچىپ
كېتىدىغان ئەھۋاللار ھەم دېگەندىلا يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ
ئەھۋال قىسىمنى مۇستەھكەملەشكە ۋە مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىنت-
تايىن پايدىسىز ئىدى. پارمىروپكىدىن كېيىن، قىسىمدا دېموك-
راتىيە يولغا قويۇلۇشقا باشلىۋىدى، بەزى كادىرلار بۇنىداق
قىلىنسا، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيە شەكىللىنىپ، ئىنتىزام
بوشاپ كېتىدۇ، قىسىملارنى باشقۇرۇش تەس بولىدۇ، جەڭچى-
لەر كادىرلارنى تەنقىد قىلسا كادىرلارنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپ
كېتىدۇ، خىزمەت قىلىش تەس بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش
ئەندىشىلەردە بولدى. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا، ئارمىيىنى سىياسىي

جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىشتا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇش پرىنسىپى، مەقسىتى، شۇنىڭدەك ئۈچ چوڭ دېموكراتىيە، ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت، كادىرلارنى ھۆرمەتلەش، ئەسكەرلەرنى ئىززەتلەش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە كادىرلار 2 ـ، 6 ـ كورپۇسلاردىكى كونا قىسىملارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇ چاغدا كورپۇسقا قاراشلىق قىسىملار سۆيدۈڭگە بېرىپ 6 ـ كورپۇس 17 ـ دىۋىزىيە 50 ـ پولكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنگەندى. تەربىيە ئارقىلىق كۆپچىلىك: بىز خەلقنىڭ قوشۇنى، مەيلى كادىر ياكى جەڭچى بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر ھەممەيلەن سىنىپىي قېرىنداش، خىزمەت تەقسىماتى ئوخشاش بولمىسىمۇ سىياسىي ئورنىمىز تامامەن ئوخشاش، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك پەرقىمىز يوق، پەقەت دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويغاندىلا بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى، خىزمەتنى خوجايىنلىق روھ بىلەن ئەستايىدىل، ئاكتىپ ئىشلىگىلى، قىسىم قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويغىلى بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. تەربىيە داۋامىدا يەنە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قانات يايدۇرۇلۇپ، سىياسىي دېموكراتىيە يولغا قويۇلدى. ھەربىي دېموكراتىيە يولغا قويۇلۇپ، جەڭچىلەر تۈرلۈك جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا مەسلىھەت بېرىش، ئەقىل كۆرسىتىشكە قوزغىتىلدى. ئىقتىسادىي دېموكراتىيە يولغا قويۇلۇپ، تۈرلۈك مالىيە تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى، روتىلارنىڭ ھېساباتى قەرەللىك ھالدا ئېلان قىلىنىدىغان بولدى، ئىقتىسادىي ئىشلار ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، ئىقتىساد كوللېكتىپ باشقۇرۇلىدىغان بولدى.

دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، جەڭچىلەر-
نىڭ روھىي كەيپىياتى ياخشىلاندى، غەيرىتى ئاشتى، ھەممە
جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا قىسىم قۇرۇلۇشىنى ئويلايدىغان
بولدى. قىسىملارنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچەيدى،
جەڭچىلەر قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار تەدرىجىي تۈگىتىلدى.
ھەر خىل ھادىسىلەرمۇ زور دەرىجىدە ئازايدى. كادىرلارمۇ
جەڭچىلەرنى باشقۇرۇشنىڭ ئاسانلاشقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.
ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياخشى بولدى.
كادىرلار ئەمەلىيەت جەريانىدا دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا
قويۇشنىڭ پايدىسىنى كۆردى. بۇرۇن ساقلانغان «ئارمىيىنىڭ
ئاساسىي گەۋدىسى ئوفىتسېرلار، جەڭچىلەر پەقەتلا بويسۇن-
غۇچىلار» دەپ قارايدىغان خاتا تونۇشلارمۇ تۈگىتىلدى. نۇر-
غۇن كادىرلار ئۆچنى تەكشۈرۈش، ئۆچكە قارشى تۇرۇش
داۋامىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىل-
دى، جەڭچىلەرنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدە ساق-
لانغان بۇيرۇقۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى تەكشۈردى ھەمدە
ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جەڭچىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى قولغا
كەلتۈرۈپ، كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى
ياخشىلىدى. مەسىلەن، دەرد تۆككەن ۋاقىتتا نۇرغۇن جەڭ-
چىلەر ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەندە كادىرلار ئۇلارغا ئىنتا-
يىن زور ھېسداشلىق قىلدى ۋە تەسەللى بەردى. بەزىلەر
جەڭچىلەرنىڭ ئورنىدا پوستتا تۇردى، ئاخشىمى پوست ۋە
ياتاق تەكشۈرگەن چاغدا جەڭچىلەرنىڭ يوتقىنىنى يېپىپ
قويدى. بەزىلەر كېسەل بولۇپ قالغان جەڭچىلەرگە دورا،
تاماق ئەكىلىپ بەردى. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ جەڭچىلەرگە
ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، مۇلايىم، يېقىملىق، تەڭ باراۋەر
مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. جەڭچىلەرمۇ كادىرلارنى بۇرۇن-

قىددىن بەكرەك ھۆرمەتلەيدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، قوماندىغا بويسۇنىدىغان، كادىرلارنىڭ خىزمىتىنى قوللايدىغان بولدى. مۇناسىۋەت كۈندىن - كۈنگە قويۇقلاشتى، قىسىملاردا يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى، دېموكراتىك تۈزۈم بارغانسېرى كەڭ يولغا قويۇلدى، دېموكراتىك كەيپىيات بارغانسېرى قويۇقلاشتى.

## باندىتلارنى تازىلاپ، چېگرا رايوننى قوغداش

1950 - يىلىنىڭ بېشىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشىپ شاد - خۇراملىققا چۆمگەن بىر چاغدا، تىيانشان ئېتىكىدىكى بارىكۆل يايلىقىنىڭ ئاسمىنىنى بىردىنلا كىچىككىنە بىر پارچە قارا بۇلۇت قاپلىدى. جاھانگىرلارنىڭ بىر ئوچۇم جاسۇسلىرى، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى باندىت ئوسمان، ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر جانىمقان، يولۋاس ۋە ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق كۆرسەتكەن سابىق گومىنداڭ قوشۇنىدىكى ئاز سانلىق ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلارنى قۇترىتىپ قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جيۇچۇەنگە زور قوشۇن توپلىغان چاغدا، ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكنان گۇچۇڭنىڭ بەيتىك دېگەن جايىغا بېرىپ، ئوسماننى قوبۇل قىلىپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغانىدى. ئوسمان يەنە جياڭ جيېشى تەرىپىدىن «كوممۇنىستلارغا قارشى شىنجاڭ قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى» لىققا تەيىنلەنگەن. ئۇ ئۆز خوجايىنى جاھانگىرلار ۋە جياڭ جيېشىنىڭ مۇددىئاسىغا بىنائەن، باندىت ئۇۋىسىنى بەيتىكتىن بارىكۆل يايلىقىغا يۆتكىدى ھەمدە

شۇ جايدىكى ئەكسىيەتچى كاتتىباشلارنى توپلاپ يىغىن ئېچىپ، ئادەم ئەۋەتىپ يولۋاس ۋە ئاتلىق دىۋىزىيىدىكى (گومىنداڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسمىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن) ئاز سانلىق ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى.

جانىمقان ئەزەلدىن ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىگە غالچىلىق قىلىپ كەلگەن، 1947- يىلى ئوسمان بىلەن قالىبېكنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇتراتقان قۇتراتقۇچى ئىدى. 1949- يىل 8 - ئايدا، ئۇ ماكلاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئادەم باشلاپ بېرىپ ئوسمان باندىتلىرىغا قوشۇلغان. يولۋاس ئەسلىدە گومىنداڭ قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ھەم قۇمۇل گارنىزون شتابىنىڭ قوماندانى بولۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ۋەھشىي ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر، جۈملىدىن ئۇنىڭ خەنزۇ كىچىك خوتۇنىمۇ گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونى ئىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئاغزىدا پارتىيىمىزنىڭ ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئاستىرتىن خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىپ، 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرار جايى قۇمۇلدىن تاغقا قېچىپ كىرىۋېلىپ، ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ كۆتەرمەكچى بولدى.

1950 - يىل 3 - ئايدا، ئاتلىق 7 - دىۋىزىيىدىكى ئاز سانلىق ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بۇ دىۋىزىيىگە قاراشلىق ئاتلىق 20 - پولكنىڭ كۆپ قىسمىنى، 19 - ، 21 - پولكلار ۋە دىۋىزىيىگە بىۋاستە قاراشلىق قىسمى-

لاردىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇقمايدىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى قۇترىتىپ، سانجى، فۇكاڭ، مورى دەرياسى ئەتراپى قاتارلىق جايلاردا ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ئوسمان، يولۋاس، جانىمقان قاتارلىق باندىتلار 20 مىڭغا يېقىن چارۋىچىنى مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇمۇل، ئاراتۈرۈك، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى، ئۈرۈمچىگە قاراشلىق نەنسەن، قۇتۇبى قاتارلىق جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، ھەربىي ماشىنىلارنى توسۇپ، خىزمەتچى خادىملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرىمىزغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى تۇراقلاشتۇرۇش، يېڭى ھاكىمىيەتنى قوغداش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى دەرھال باندىت تازىلاش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، 6 - كورپۇسقا شىمالىي شىنجاڭدا توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ، باندىتلارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. 6 - كورپۇس ئىككى لىنيىگە بۆلۈندى: 16 - دىۋىزىيە ئاساس قىلىنغان شەرقىي لىنيە قوشۇنى باركۆل رايونىدىكى باندىتلارنى تازىلاشقا مەسئۇل بولدى؛ 17 - دىۋىزىيە ئاساس قىلىنغان غەربىي لىنيە قوشۇنى گۇچۇڭنىڭ غەربىدىكى باندىتلارنى تازىلاشقا مەسئۇل بولدى. 5 - كورپۇس 14 - دىۋىزىيىسىنىڭ 40 - پولكىمۇ ھەربىي رايوننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، 6 - كورپۇسقا ماسلىشىپ، ئىككى لىنيە قوشۇنىنىڭ بىرتۇتاش باندىت تازىلاش ھەرىكىتىگە قاتناشتى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، 5 - كورپۇسىمىزنىڭ

40 ـ پولكى ئاتلىق ئىككى ئىسكادرونىنى 6 ـ كورپۇسقا يار-
دەملىشىشكە ئەۋەتتى، ئۇلار سانجى ۋە نەنسەن تاختاي زاۋۇتى
ئەتراپىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان ئاتلىق 7 ـ دى-
ۋىزىيىسىنىڭ 20-، 21 ـ پولكلىرىدىكى ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ
كۆتۈرگەن قىسىملارنى قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشتى.
نەنسەن تاختاي زاۋۇتى ئەتراپىدىكى باندىتلار ئاتلىق ئىسكادرو-
نىمىزنىڭ قورشاۋى ئىچىدە قالدى. كەسكىن جەڭدە باندىتلار
بەرداشلىق بېرەلمەي، تۇدۇڭخابا تەرەپكە قاچتى. ئاتلىق ئىس-
كادرونىمىز داۋاملىق قورشاپ، ئاسىي قوشۇنىنى باستۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ بارلىق قورال ـ ياراقلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. يەنە
ئاتلىق بىر ئىسكادرونىمىز 6 ـ كورپۇس قىسىملىرىمىزغا ماس-
لىشىپ، سانجى لىنىيىسىدە گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان
ئاتلىق 20 ـ پولكىدىكى بىر بۆلۈك باندىتلارنى باستۇردى.
3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، يەنە بىر ئىسكادرونىمىز گومىنداڭ-
نىڭ ھەقىقەتكە قايتقان فۇكاڭ ئاتلىق 21-پولكىدىكى بىر بۆلۈك
باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىپ غەلىبە قازاندى.

گۇچۇڭنىڭ غەربىدىكى 6 ـ كورپۇسىمىزدىكى 17 ـ دى-
ۋىزىيە قاتارلىق قىسىملارنىڭ باندىت تازىلاش ھەرىكىتىگە
ماسلىشىش ئۈچۈن، 5 ـ كورپۇس 40 ـ پولكىنىڭ ئاساسلىق
كۈچى پولك كوماندىرى يۈسۈپوۋنىڭ باشچىلىقىدا، 3 ـ ئاينىڭ
23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، 25 ـ كۈنى گۇچۇڭغا
يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان ئاتلىق 7 ـ
دىۋىزىيىسىدىن ئات ۋە قورال ـ ياراغلارنى ئېلىپ، زەمبىرەك-
چىلەر، پىلىموتچىلار، ئاتلىق ئىسكادرون قاتارلىق بەش روتا
(ئىسكادرون) نى قوراللاندۇرۇپ، چوڭ يۇلغۇن، خىيىسەنتۇ
(قەغەز زاۋۇتى) لىنىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، 6 ـ كورپۇسىمىز-
نىڭ 17 ـ دىۋىزىيىسى بىلەن بىللە ئوسمان، يولۋاس قاتارلىق

باندىتلارغا شەرق ۋە غەربتىن قىستاپ زەربە بېرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

غەربىي سەپتىكى قىسىملىرىمىز چوڭ يۈلغۇن، خېيسەنتۇ قاتارلىق جايلاردا باندىتلارنىڭ ئاساسىي كۈچىدىن 400 ئادەمنى يوقىتىشتەك زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ئوسمان باندىتلىرى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىچە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەپ، چوڭ-كىچىك كاتىباشلىرىنى ئالمان-تالمان يىغىپ كىچىك يۈلغۇندا يىغىن ئاچىدۇ. بىزنىڭ قوماندانلىق شتابىمىز بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق 16-دىۋىزىيىمىزگە ئوسمان باندىتلىرىنىڭ كونا ئۇۋىسىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 40-پولك 3-باتالىيونى بۇيرۇققا بىنائەن ئاتلىق ئىككى ئىسكادرون بولۇپ تەشكىللىنىپ، باتالىيون كوماندىرى ئىسمايىلوۋ، سىياسىي رەھبەر ئىبلاخۇننىڭ باشچىلىقىدا بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىدۇ.

4-ئاينىڭ 10-كۈنى، 16-دىۋىزىيە 46-پولكىنىڭ كوماندىرى رېن شۇتيەن باشچىلىقىدىكى بىر باتالىيون 5-كورپۇس 40-پولكىنىڭ 3-باتالىيونى بىلەن بىر ۋاقىتتا بارىكۆلدىن يولغا چىقىپ، لوتوچەنزە ئارقىلىق كىچىك يۈلغۇننىڭ جەنۇبىدىكى سارقومۇشلۇققا يېتىپ كەلگەندە، تۇساتتىن يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي قار ياغىدۇ. جەڭچىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، پاختىلىق چاپانلىرى مۇزلاپ كېتىدۇ. ئادەملەرنىڭ قاش-كىرپىكلىرى، ئاتلارنىڭ ئاغزى-بۇرنىغا قىرو مۇز باغلاپ كېتىدۇ. قار بارغانسېرى قاتتىق يېغىپ كېتىدۇ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە گرادۇسقا چۈشىدۇ. تۆزلەڭلىكتىكى قارنىڭ قېلىنلىقى يېرىم مېترچە كېلىدۇ. بۇ چاغدا 40-پولكنىڭ 3-باتالىيونىغا يول باشلاپ كېلىۋاتقان ئادەم — 20

نەچچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ رايوننى كېزىپ سودىگەرلىك
قىلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ يولدىن ئېزىپ قالىدۇ. قىسىم كوم-
پاس بىلەن يۆنىلىشنى بەلگىلەپ، مىگبىرتەستە توغرا يۆنى-
لىشكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ، ئۇلار تاغ - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ،
يېرىم كېچىدە بىر جىراغا كېلىپ قونىدۇ. شۇ كۈنى كېچىدە
46 - پولكتىكى بىر قىسىم جەڭچىلەرنىڭ قول - پۇتلىرى، قۇ-
لاقلىرى ئۇششۇپ قالىدۇ. بەزىلەر پۇتلىرى مۇزلاپ كەتكەنلىك-
تىن ئاياغلىرىنى سالالماي قالىدۇ، بەزىلەر قار قارىغۇسى بو-
لۇپ قېلىپ، كۆز ئاغرىقىدا ئىنتايىن قىيىنىلىدۇ. 5 - كورپۇس
40 - پولكىنىڭ 3 - باتالىيونى ئاتلىق باتالىيون بولۇپ، شۇ-
جاينىڭ هاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشچان بولىدىغانلىقىنى ئوب-
دان بىلگەچكە هەربىر ئادەم پىيما، ئۆتۈكلەرنى ئېلىۋالغانىدى.
ئۇلار 6 - كورپۇس 46 - پولكتىكى سەبداشلىرىنىڭ قىيىنچى-
لىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پىيما، جۇۋىلىرىنى بەس - بەستە
ئۇلارغا بېرىدۇ. سىنىپىي مېھرىبانلىق ۋە مىللەتلەر ئارا قېرىن-
داشلارچە ئىتتىپاقلىق 6 - كورپۇس بىلەن 5 - كورپۇستىكى
قېرىنداش قىسىملارنىڭ جەڭ داۋامىدا تېخىمۇ زىچ ماسلىشىشىغا
ۋە هەمكارلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.
ئەتىسى، قۇياش ئەمدى كۆتۈرۈلۈشىگە رېن شۇتيەن،
ئىسمايىلوۋ قاتارلىق يولداشلار تاغقا چىقىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى
كۆزىتىدۇ. ئىسمايىلوۋ رېن شۇتيەننىڭ قولىدىن دۇربۇننى ئېلىپ
قاراي دەپ تەمشىلىشىگە يان تەرەپتىن «پاڭ» قىلغان ئاۋاز
بىلەن تەڭ بىر پاي ئوق ئۇچۇپ كېلىپ بۇلارغا تەگكىلى تاس-
لا قالىدۇ، ئەسلىدە تاغنىڭ كەينىگە باندىتلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى
ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. ئارىلىق ناهايىتى يېقىن بولسىمۇ ئۇ-
لار كېچىچە بىر - بىرىنى سەزمەي قالغانىكەن. كوماندىر - جەڭ-
چىلەر بۇ تۇيۇقسىز ئەھۋالنى ئۇقۇپ هەم هەيران بولىدۇ،

ھەم خۇشاللىقتا چۆمىدۇ. بۇ چاغدا كۆپچىلىك ئۈششۈك ئازابى ۋە سوغۇقنى ئۇنتۇپ، ئاتلىقلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، پىيادىلەر پىيادە يۈرۈپ باندىتلار ئورۇنلاشقان كىچىك يۇلغۇنغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىدۇ[17].

ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ كىچىك يۇلغۇندا تۇساتتىن پەيدا بولۇشى ئوسمان باندىتلىرىنىڭ چوڭ-كىچىك كاتتىباشلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەندى. ئۇلار ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، پاتىپاراق بولۇپ بىر تەرەپتىن، قول ئاستىدىكىلەرگە قارشىلىق كۆرسەت دەپ بۇيرۇق بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن چېدىر-چازىلارنى تاشلاپ بەدەر قاچىدۇ. ئوسمان ۋە يولۋاس ئاق ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ ئەڭ ئالدىدا قاچىدۇ. ئەكسىيەتچى ئاقساقال، چارۋىدارلار مەجبۇرلاپ ئەگەشتۈرۈۋالغان چارۋىچىلارنى تاشلاپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ.

جەڭ ئاخىرلاشقاندا، ئارمىيىمىز پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، سىياسىي ھۇجۇمنى كۈچەيتىپ، ئالدانغان چارۋىچىلار ۋە ئادەتتىكى باندىتلارنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيدۇ. 5-كورپۇس 40-پولك 3-باتالىيونىدىكى مىللىي كوماندىر-جەڭچىلەر چارۋىچىلارغا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇلار پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئوسمان، يولۋاس قاتارلىق باندىتلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئالدامچىلىق تەشۋىقاتىنى پاش قىلىپ، چارۋىچىلارنى ئالدام خالتىغا چۈشمەي، باندىتلاردىن بالدۇرراق ئايرىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئارمىيىمىز يەنە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار چارۋىچىلارغا چاي، ئۇن،

رەخت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئولجا ئېلىنغان چارۋىلارنى كۆڭۈل قويۇپ باشقۇرۇپ، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، ئۆزلىرى ئاچ قالسىمۇ چارۋىلارنى سويۇپ يېمەي، بار ئامالىلارنى قىلىپ، مال ئىگىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ تولۇق قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ۋاقىتىنچە ئىگىسى چىقمىغان چارۋىلارنى مەخسۇس ئادەم مەسئۇل قىلىپ، باركۆل ناھىيىسىگە ھەيدەپ ئاپىرىپ يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە بازىرىدا كۈتۈۋېلىش پونكىتى قۇرۇلغان بولۇپ، چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ يوقىلىپ كەتكەن چارۋىلىرىنى خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ ئېلىپ كېتىشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلگەنىدى. بۇ بىر قاتار ئۇسۇللار قوللىنىلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە قورقۇپ كەتكەن، ئالدانغان چارۋىچىلار خاتىرجەم بولۇپ، باندىت ئۇۋىسىدىن قېچىپ چىقىپ خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باندىتلار بارغانسېرى يېتىم قالىدۇ.

ئوسمان كىچىك يۇلغۇندا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خېيسەنتۇ ئارقىلىق بەيتىك تەرەپكە قېچىپ، يولدا 17 - دىۋىزىيە ۋە 40 - پولكنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، كەينى - كەينىدىن قاتتىق دەككىسىنى يەپ، ئالتاي تېغىغا چىقالماي، بەيتىك ئەتراپىدا قاتراپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 5 - كورپۇسنىڭ 40 - پولكى بۇيرۇققا بىنائەن مورىدا تۇرۇشلۇق 17 - دىۋىزىيە قىسىملىرىغا ماسلىشىپ بەيتىك، جىياڭجۈنمياۋ، كۆپۈ ئەتراپىدا باندىتلارغا توسۇپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالتاي، مورى، گۇچۇڭنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بۇ چاغدا، 40 - پولكنىڭ 3 - باتالىيونى يەنە بۇيرۇققا بىنائەن ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە بېرىپ، باندىتلارنىڭ قورشاۋىدا

قالغان 6 - كورپۇس 16 - دىۋىزىيە 46 - پولك 1 - باتالىيونىنىڭ 2 - روتىسىنى قۇتقۇلدۇرۇۋالدى. ئەسلىدە، بۇ روتىنىڭ 1 - باتالىيونى مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى يولداش خۇچىڭشەننىڭ باشچىلىقىدا 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چەت ناھىيە بولغان ئاراتۇرۇككە يېڭىلا كېلىپ جايلاشقانىدى. ئۇلار ئاممىنى قوزغاپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، بوز يەر ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش قىلىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقاندا، يولۋاسنىڭ قول چوماقچى، مەزكۇر ناھىيىنىڭ قورچاق ھاكىمى ئەبەيدۇللا باشچىلىقىدىكى 700 دىن ئارتۇق باندىت بۇ روتىنى قورشىۋالدى. باندىتلار ناھىيە بازىرىدىكى پۇقرالارنىڭ كۆپ قىسمىنى تاغقا مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، 2 - روتىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ھەممە ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. 46 - پولكنىڭ ئىككى باتالىيونى رېن شۇتيەننىڭ باشچىلىقىدا، 5 - كورپۇس 40 - پولكنىڭ 3 - باتالىيونى ئىسمايىلوۋنىڭ باشچىلىقىدا بۇيرۇققا بىنائەن، ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاراتۇرۇككە ياردەمگە ماڭىدۇ.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، 40 - پولك 3 - باتالىيونىنىڭ ئىككى ئاتلىق ئىسكادرونى كۈمىنزى دېگەن جايدىن ئۇدۇل ئاراتۇرۇككە قاراپ يول ئالدى. يول ئۈستىدە كىچىك بۆلەك باندىتلار بىلەن بىرقانچە قېتىم ئېلىشىپ، 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاراتۇرۇك ناھىيىسىگە ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، 46 - پولكمۇ يېتىپ كېلىدۇ. پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز ناھىيە بازىرىدا مىلتىق ئاۋازىنىڭ ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ جىددىي يۈرۈش قىلىدۇ. 40 - پولك 3 - باتالىيونىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئالدىدا ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى مىللىي جەڭچىلەر بولۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ

پاگونىنى تاقىغاچقا، مۇھاسىرىدە تۇرغان يولداش خۇچىڭشەن ئۇلارنى دۈشمەننىڭ ياردەمگە كەلگەن قوشۇنى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ، كۆپچىلىككە ئوق چىقىرىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. 3 - باتالىيوندىكى يولداشلار ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى ئۇقۇپ دەرھال ھەربىي سىگنال چېلىپ، شەپكىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ: «بىز ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى!» دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ. خۇچىڭشەن ۋە 2 - روتىدىكى جەڭچىلەر ئۆز ئادىمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال قارشى ئېلىشقا چىقىدۇ. خۇچىڭشەن رېن شۈتيەن، ئىسمايىلوۋلارنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتىدۇ. ئەسلىدە 2 - روتىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ئىنتايىن ناچار شارائىتتا، باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، بانditلارنىڭ كۆپ قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنى تولۇق 40 كۈن ساقلىغانىكەن. 40 - پولك 3 - باتالىيونىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر 2 - روتىنىڭ ئىزلىرىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر تەربىيە ئالىدۇ، ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، بانditلارنى قەتئىي يوقىتىشقا ئىرادە باغلايدۇ. كېيىن، 46 - پولكنىڭ 2 - روتىسىغا غەربىي - شىمال ھەربىي رايون تەرىپىدىن «پولات 2 - روتا» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلىدۇ. خۇچىڭشەن مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانى بولۇپ باھالىنىدۇ⑱.

1950 - يىل 7 - ئايدا، ئوسمان، يولۋاس بانditلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى باندىت تازىلاش قىسىملىرىمىزنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. بانditلارنىڭ باشلىقى جانىمقان 46 - پولك بىلەن 40 - پولك 3 - باتالىيونى تەرىپىدىن تىرىك قولغا چۈشىدۇ. يولۋاس ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ. ئوسمان ئۆز يېقىنلىرىنى باشلاپ، گەنسۇ - شىنجاڭ چېگرىسىدا

قاتراپ يۈردى. كېيىن ئۇ گەنسۇ، چىڭخەيدىن ئۆتۈپ، ھىندىستان ئارقىلىق تەيۋەنگە قېچىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنىڭ قورشاپ يوقىتىشى ئارقىسىدا، 1951 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گەنسۇ ئۆل-كىسىنىڭ دۇڭخۇاڭدىكى خەيزى دېگەن يېرىدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 3 - كورپۇس قىسىملىرى تەرىپىدىن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلدى.

ئوسمان، يولۋاس باشچىلىقىدىكى بانديتلار ئالتتوپ-لاڭ كۆتۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، بانديتلارنىڭ يەنە بىر باشلىقى ئورازباي (سابىق گومىنداڭ قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، قوشۇمچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باش-لىقى، گومىنداڭ ئىشپىيونى) سىدىق زالىك (سابىق گومىنداڭ ئۈرۈمچى قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، ۋەلى (قورچاق يېزا باشلىقى) لەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تېغى، ماناس، قۇتۇبى، سانجى ئەتراپلىرىدا توپىلاڭ كۆتۈردى. بانديتلار چارۋىچىلار ئارىسىدا: «كوممۇنىستلار دىنني يوقى-تىدۇ، چارۋا، مال - مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قېرىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ياش ئاياللارني بۇلايدۇ، قازاق مىللىتىنى يو-قىتىدۇ» دەپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، بەزى قەبىلىلەر ئاقساقاللىرىمۇ بانديتلارنىڭ ئالدىشى، تەھدىت سېلى-شى ئارقىسىدا، چارۋىچىلارنى باشلاپ توپىلاڭغا قاتنىشىدۇ.

ھەربىي رايوننىڭ بۇيرۇقى بويىچە 6 - كورپۇس 17 - دىۋىزىيىسىنىڭ 51 - پولكى، ئاتلىق پولكى، 5 - كورپۇس 40 - پولكىنىڭ پىيادىلىرى، ئاتلىقلار، زەمبىرەكچىلەردىن تەركىب تاپقان بىر قىسمى شىمالىي يۆنىلىش قىسمى بولۇپ تەشكىللىنىپ، بانديت تازىلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن نەنسەنگە يۈرۈش قىلىدۇ. جەنۇبىي يۆنىلىشتە 2 - كورپۇس 6 - دىۋىزىيىسىنىڭ بىر پولكى

قاراشەھەر ئەتراپىدا جەنۇبقا قاچقان باندىتلارنى توسىدۇ.

شىمالىي سەپتىكى شەرقىي لىنىيە، ئوتتۇرا لىنىيە، غەربىي لىنىيىدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيىدىكى باندىت تازىلىغۇچى قوشۇن بىرقانچە كۈن جاپالىق يۈرۈش قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى باندىتلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان نەنسەن ئات فېرمىسىنى ئىشغال قىلدى. باندىتلار تىيانشان تېغىنىڭ ئىچكىرى قىسمىدا قاتناش قولايسىز ۋە يەر تۈزۈلۈشى ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئارمىيىمىزنى تاغ چۆرىلىتىپ ئايلاندۇرۇپ كولدۇرلاتماقچى بولىدۇ. لېكىن، باندىت تازىلىغۇچى قىسىملىرىمىز ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ ماڭىدۇ. باندىتلار جەنۇبقا قاراپ قېچىپ، ئېگىزلىكى 4500 مېتر كېلىدىغان تەڭگىر داۋىنىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنىدۇ (ھازىرقى ئۈرۈمچى - كورلا تاشيولى لىنىيىسىدىكى بالغۇنتايغا چۈشىدىغان ئېگىز داۋان كۆزدە تۇتۇلىدۇ). قىسىملىرىمىز داۋاملىق قوغلاپ ئۇلارغا زەربە بېرىدۇ. شەرقىي لىنىيىدىكى 40 - پولكنىڭ ئاتلىق ئىسكادرونى 400 ئادەمى بىلەن پولك كوماندىرى يۈسۈپ ۋۇنىڭ باشچىلىقىدا 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەلى باندىتلىرىنى يوقىتىپ، شەرقىي بەيياڭگۇدىكى جەنۇبىي قارلىق تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى — قارغا چوققىسىنى ئىگىلەيدۇ ۋە باندىتلارغا داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىدۇ. بۇ جايدا دۈشمەننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، باندىتلار توپلاشقان تەڭگىر داۋىنىغا قاراپ ئايلىنىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ چاغدا شىمالىي تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان 51 - پولكمۇ شىسار، ئەبىشتەي داۋىنىدىن ئۆتۈپ، چياق لۇڭگۇدا ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ ھەمدە تەڭگىر داۋىنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىككى لىنىيىدىكى قىسىمنىڭ جەنۇب ۋە شىمالدىن قىستاپ

زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، باندىتلار بەرداشلىق بېرەلمەي، كىچىك قارا ئىت جىلغىسى تەرەپكە قاراپ قاچتى. 40-پولك، 51-پولكتىن ئىبارەت باشقا-باشقا مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئىككى قېرىنداش قىسىم تەڭگىر داۋىنىدا ئۇچرىشىدۇ. كۆپچىلىك قىزغىن كۆرۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ، سەكرەپ، تەنتەنە قىلىشىپ، باندىت تازىلاشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنى تەبرىكلىشىدۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە قىسىملار باندىتلارنى داۋاملىق قورشاپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يوقىتىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا باندىتلاردىن 82 ئادەم يوقىتىلىدۇ ۋە يارىدار قىلىنىدۇ، 705 ئادەم ئەسىرگە چۈشىدۇ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 5000 غا يېقىن چارۋىچى ھۆكۈمەتكە ئەل بولىدۇ. 56 مىڭ تۇياق چارۋا قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. باندىتلارنىڭ كاتتىبېشى ئورازباي گۈچۈڭ ئەتراپىدا تىرىك قولغا چۈشىدۇ⑲.

نەنسەندىكى باندىتلارنى تازىلاش ئۇرۇشىدا، 40-پولكتىكى كوماندىر-جەڭچىلەر بىلەن 6-كورپۇستىكى سەبداشلار مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، جەڭ ۋە جاپالىق تۇرمۇشنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتىدۇ. بىر قېتىم، 40-پولكنىڭ ھەربىي ئوزۇق-تۈلۈك توشۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر ئوتدېلېنىيىسى ۋە ئالتە نەپەر خەلق ئىشچىسى باندىتلارنىڭ يوشۇرۇن زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، 14 نەپەر جەڭچى بىلەن ئالتە نەپەر خەلق ئىشچىسىنىڭ ھەممىسى قۇربان بولىدۇ. دۈشمەن ۋەھشىيلەرچە ئۇلارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ تاشلايدۇ. باندىتلارنىڭ ۋەھشىيلىكى جەڭچىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ، ئاشلىق باندىتلار تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەچكە، ئوزۇقلىنىش بىر مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا،

قىسمى ئۆزلىرى مىنگەن ئاتلارنىڭ گۆشىنى يېسە يەيدۇكى،
غەنىيمەت ئېلىنغان چارۋىلارغا ھەرگىز قول تەگكۈزمەيدۇ.
ئۇزغۇن جەڭچىلەر ئاياغلىرى يىرتىلىپ، پۇتلىرى چىقىپ قالغان-
دا كالا، ئات تېرىسىدىن چورۇق تارتىپ كىيىپ داۋاملىق تاغ-
داۋانلاردىن ئېشىپ يۈرۈش قىلدۇ. ئاتلارنىڭ يەم-خەشىكى
قالمىغاندا جەڭچىلەر ئۆزلىرى ئازراق يەپ، تېجەپ قالغان ئو-
زۇقلىرىنى ئاتلارغا بېرىدۇ. نەتىجىدە باندىت تازىلاش جېڭىدە
40-پولكتىن 14 ئادەم چىقىم بولدۇ، 16 ئادەم يارىلاندۇ.
10-ئاينىڭ باشلىرىدا قىسىمغا قايتقان چاغدا بەش ئاتلىق
ئىسكادروننىڭ 508 ئېتىدىن 253 ئات قالغان. دېمەك، بۇ-
نىڭدىن شارائىتنىڭ نەقەدەر جاپالىق، ئۇرۇشنىڭ نەقەدەر
كەسكىن بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىز 1951-يىل باھاردا شىما-
لىي شىنجاڭدىكى باندىتلارنى تازىلاشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە
ئېرىشتى. جانىمقان، ئورازباي، سىدىق زالىك قاتارلىق
باندىت كاتتىباشلىرىغا 2-، 3-ئايدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا
ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. 4-ئاينىڭ 29-كۈنى، ئۈ-
رۈمچى تىنچلىق مەيدانىدا 80 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچى-
لىپ، ئوسمان قاتارلىقلار ئوچۇق سوت قىلىندى.
شىنجاڭ خەلقىگە كۆپ بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن
باندىت ئاخىر سوراق سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلىپ ئېتىپ
تاشلاندى.

6-كورپۇسنىڭ ۋە 5-كورپۇس 40-پولكىنىڭ بان-
دىت تازىلاشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن
شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېن قاتارلىق
رەھبەرىي يولداشلار 1950-يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى
ئىككى كورپۇستىكى باندىت تازىلاشقا قاتناشقان قىسىملارغا

تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق، جەسۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان روھىنى ماختىدى. 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 5 - كورپۇس رەھبەرلىرىمۇ 40 - پولكقا تېلېگرامما ئەۋەتتى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە يېزىلغانىدى:

«پولك كوماندىرى يۈسۈپوۋقا ۋە سىز ئارقىلىق 40- پولكتىكى بارلىق يولداشلارغا:

بىز سىلەرنىڭ بۇ قېتىملىق باندىت تازىلاشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبەڭلارنى تەبرىكلەيمىز. سىلەر خەلقنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئوسمان، يولۋاس كاتتىباشلىقىدىكى باندىتلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش يولىدا قېرىنداش قىسىملار بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، باندىت تازىلاشتا ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشتىڭلار. ھەر مىللەت خەلقى سىلەرنىڭ تۆھپەڭلارنى قىزغىن، سەممىي قەدىرلەيدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ. سىلەر خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ غەلىبە قازانغانلىقىڭلار ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدۇڭلار. ھەمدە باندىت تازىلاش جەريانىدا قىسىمڭلاردىن نۇرغۇن كۈرەش قەھرىمانلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئارمىيىمىزنىڭ شەرەپلىك ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇردى. بىز سىلەرنىڭ شانلىق غەلىبەڭلارنى شاد - خۇراملىق بىلەن تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، تەقدىرلەش يۈزىسىدىن سىلەرگە بىردانە لەۋھە تەقدىم قىلدۇق. سىلەرنىڭ تۆھپە ياراتتۇق دەپ قانائەتلىنىپ قالماي، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە زامانىۋىلاشقان قىسىم بولۇپ چىقىش

ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىي تېخنىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش، جەڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئارمىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش، سىياسىي، نەزەرىيە ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ پىتنە-پاسات تارقىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش، يېڭى دېموكراتىزملىق يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشىشىڭلار لازىم.

بىز غەلىبە ئاساسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماۋزېدۇڭنىڭ تۇغى ئاستىدا ئالغا باسايلى!

5-كورپۇسنىڭ كوماندىرى لېكسىن

سىياسىي كومىسسارى دۇن شىڭيۇن

مۇئاۋىن كوماندىرى ئىسھاقوۋ مەرغۇپ

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ساۋدانوۋ زاھىر

سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى

شاياخۇنوۋ.» ⑳

1951-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشقان بولسىمۇ، لېكسىن، ئوسماننىڭ ئوغلى شاردىمان قاتارلىقلار باندىتلارنى باشلاپ 1951-يىل 5-ئايدىن 1952-يىلنىڭ ئاخىرىغىچە گۈچۈڭ، فۇكاڭ، ئۈرۈمچى، قۇتۇبى، سانجى، ماناسنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ۋە بەيتىك، ئالتاي، كۆكتوقاي، گوربانتۈڭگۈت چۆللۈكىدە قاتراپ يۈردى. ھەربىي رايون ئالتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ 19-، 20-، 21-پولكلىرىغا 6-كورپۇسنىڭ 17-دىۋىزىيە 49-پولكى، 5-كورپۇسنىڭ 40-پولكى، ئاتلىق 1-پولكى قاتارلىق قىسىملارغا باندىتلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە سىياسىي جەھەتتە پارچىلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

5-كورپۇسنىڭ 40-پولكىدىكى ئىككى ئىسكادروننىڭ جەمئىي 290 نەپەر ئاتلىق ئەسكىرى باندىتلارغا ئىز قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، 1951-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىدا پولك شتاب باشلىقى ئىسمايىلوۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە داۋانچىنىڭ ئەتراپىدىكى سارداۋان، ئاقسۇ داۋانلىرىدا دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىدۇ. باندىتلار فۇكاڭدىن سەنتەي، جىمسار، گۇچۇڭ تەرەپكە، ئاندىن بەيتىككە قاراپ قاچقاندا، 40-پولكنىڭ ئىككى ئاتلىق ئىسكادرونى بەيتىككە قوغلاپ بارىدۇ. شاردىمان تۇپىدىكى باندىتلار قۇشقاچ ئۇرۇشى قىلىپ، گورباتتۈنگۇت چۆللۈكىنى ئايلىنىپ قاچىدۇ، 40-پولكتىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 17-دىۋىزىيىنىڭ 49-پولكى، 5-كورپۇسنىڭ ئاتلىق 1-پولكىغا ماسلىشىپ سەككىز ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 500 چاقىرىملىق چۆللۈكنى ئۈچ قېتىم كېسىپ ئۆتۈپ، شاردىمان ھۆكۈمىتىمىزگە تەسلىم بولغانغا قەدەر قەتئىي جەڭ قىلىدۇ. چەكسىز قۇملۇق، چۆل-جەزىرىلەردە جاپالىق يۈرۈش قىلىش ۋە جەڭ قىلىش داۋامىدا بىرنەچچە سوتكىغىچە ئۈزۈلدۈرمەي باندىتلارنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە توغرا كەلگەندە قىسىم تاماقسىز، سۇسىز قالغانلىقتىن كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ كالپۇكلىرى يېرىلىپ، تېرىلىرى سويۇلۇپ كېتىدۇ، بۇرۇنلىرى قانايدۇ، ئاۋازلىرى پۈتۈپ كېتىدۇ. نۇرغۇن جەڭچىلەر ئات قېنىنى ئىچىدۇ. ئات قېنى ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتتىق ئاغرىتىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېلىشتۇرۇۋېتىدۇ. بەزىلەر تۇرۇپلا ھوشىدىن كېتىپ ئورنىدىن تۇرالماي قالىدۇ. جەڭگىۋار ئاتلار ئوق تېگىپ، ھېرىپ قېلىپ ماڭالمىغان چاغلاردا، جەڭچىلەر ئىگەر-جابدۇقلارنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ پىيادە ماڭىدۇ. بەزى جەڭچىلىرىمىز بەختكە قارشى باندىتلارنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغاندا ئۆلۈپ كەتكۈچە تىز

پۈكمەي، دۈشمەن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، سەككىز ئايلىق باندىت تازىلاش جېڭىدە يالغۇز 40-پولكنىڭ ئىككى ئاتلىق ئېسكادرونىدىن 1300 دىن كۆپرەك ئات ئۆلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەم تۆتتىن ئات ئالماشتۇرغان.

ئىككى يىلغا يېقىن داۋام قىلغان باندىت تازىلاشتا 5-كورپۇستىن بىر تۈركۈم كۆرەش قەھرىمانلىرى، نەمۇنىچىلار بارلىققا كەلگەنىدى. ئۇلار قەيسەرلىك، پاراسەتلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، قان تۆكۈش، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، 5-كورپۇستىكى كوماندىر-جەڭچىلەرگە شان-شەرەپ كەلتۈردى. مەخمۇت ئېلىنىياز، ئابدۇئېلىم مەمەت قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. 40-پولكنىڭ 4-روتىسىدىكى مۇئاۋىن ۋزۋود كوماندىرى، ئالاھىدە كۆرەش قەھرىمانى ئابدۇئېلىم مەمەت بىر ئوتدېلېنىيىنى باشلاپ بارىكۆلنىڭ سارقاش دېگەن يېرىدە 800 دىن ئارتۇق باندىتنىڭ قورشاپ قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن. بۇ پولك 3-باتالىيونىنىڭ 7-روتىسىدىكى مۇئاۋىن ۋزۋود كوماندىرى مەخمۇت ئاراتۇرۇك جېڭىدە يارىدەم بېرىشتە ۋزۋود بويىچە ئالدىنقى رازۋېتكا ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىرىنگىرگە قاراپ كېتىۋېتىپ، باندىتلارنىڭ تۆت چېدىرىنى سېزىپ قالىدۇ. ئۇلار باندىتلارغا تۇيدۇرماستىن تېز يېقىنلىشىپ جەڭ قىلىپ، ھەممە باندىتنى ئەسىرگە ئېلىپ، زور قىسىمنىڭ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقىرىنىڭ ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. توقلىدىكى جەڭدە، ئۇ، توققۇز نەپەر جەڭچىنى باشلاپ ئازادلىققا ئېرىشكەن چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ يۆتكىلىشىنى

مۇھاپىزەت قىلىپ كېتىۋاتقاندا توساتتىن 80 دىن ئارتۇق باندىتنىڭ مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدۇ. ئۇ، سالماقلىق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ، ئوت كۈچىنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، باندىتلارنىڭ كۆپ قېتىملىق قايتۇرما ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېرى يارىلانغان ئەھۋالدىمۇ پۈتۈن ۋزۋودنى باشلاپ تاڭ سەھەردىن تارتىپ چۈشتىن كېيىن سائەت بەشكىچە جەڭنى داۋاملاشتۇردۇ ھەمدە مۇھاسىرىنى غەلىبىلىك بۆسۈپ چىقىپ، قازاق قېرىنداشلارنى ئامان-ئېسەن يۆتكەيدۇ. جەڭ تولۇق ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇ ۋزۋودتىن 13 نەپەر كۆرەش قەھرىمانى ۋە نەمۇنىچى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ 5-كورپۇس بويىچە 1-دەرىجىلىك كۆرەش قەھرىمانى بولۇپ باھالىنىدۇ.

## چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش سېپىدە

1949-يىل 10-ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، يولداش پېڭ دېخۇەي 1-بىڭتۇەن قىسىملىرىنى شىنجاڭدا ماكانلىشىپ يىلتىز تارتىشقا چاقىرغانىدى. 12-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ ئارمىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشى توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ پۈتۈن ئارمىيىگە «ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ۋە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقانلاردىن باشقىلار بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىمىزنى دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسىگىلا ئايلاندۇرۇپ قالماي، ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيىسىگىمۇ ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ھەمكارلىشىپ، ئۇزاقتا سوزۇلغان ئۇرۇش پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىشى لازىم» دەپ چاقىرىق چىقاردى.

رەئىس ماۋزېدوڭنىڭ يولىيورۇقى ۋە پېڭ دېخۇەي ئاقساقالنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى بەكمۇ توغرا بولغان، شۇندىقلا ستراتېگىيىلىك يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە ئىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ھەربىي لاۋازىمات تەمىناتى جەھەتلەردە قىيىنچىلىققا يولۇقتى. ئەينى ۋاقىتتا 1-بىڭتۇەننىڭ 2-، 6-كورپۇسلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 22-بىڭتۇەن قوشۇلۇپ، جەمئىي 200 مىڭ ئادەمنى تەمىنلەشنى يالغۇز يەرلىك ئورۇنلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى، گومىنداڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ بەكمۇ ئارقىدا قالغانىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئىنتايىن تۆۋەن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ نامرات ئىدى. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاياغ بېسىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىقنى ئۆزىمىزنىڭ ھەل قىلىشىغا توغرا كەلگەنىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەمىز ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان ھالىتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتە تارىختىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇزاقتىن بۇيان پەيدا قىلغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئارازلىقنى تۈگىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەشتەك ئۇلۇغ

ۋەزىيىتنى ئۆستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى.

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شىنجاڭ ھەربىي
رايونى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش
بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ، «بارلىق ھەربىيلەر ئىشلەپچىقىرىش
ئەمگىكىگە قاتنىشىشى»، «ھېچكىممۇ قاتناشماي قالماسلىقى»
لازىم دەپ بەلگىلىدى. 2 -، 6 - كورپۇسلاردىكى بارلىق كوماندىر-
جەڭچىلەر قوماندان ۋاڭ جېننىڭ يېتەكچىلىكىدە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆستىبېشىدىكى سەپەر چاڭ-توزانلىرىنى قېقىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا، بىر قولىغا مىلتىق، يەنە
بىر قولىغا كەتمەن ئېلىپ، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە
شىمالىدىكى چۆل - جەزىرىلەردە كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىش
جەڭ مەيدانلىرىنى ئاچتى. كونا قىسىمنىڭ نەنىنىۋەن ئىنقىلابىي روھىنىڭ ئىلھامى بىلەن 5 - كورپۇستىكى كوماندىر-
جەڭچىلەر يۇرتنى گۈللەندۈرۈش كۈرىشىدە تۆھپە قوشۇشقا،
ئاكتىپ رول ئويناشقا بەل باغلىدى.

1950 - يىلى، 5 - كورپۇس پارمىروپكا قىلىش، سىياسىي
تەربىيە ئېلىپ بېرىش، باندىت تازىلاش قاتارلىق مۇشكۈل
ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر بۆلۈك قىسمىنى
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتنىشىشقا ئاجراتتى ھەمدە
سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ ساندىخوزا دېگەن يېرىنى يەنى ئىلى
دەرياسى ۋادىسىدىكى كۆكىدالا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىنى ئاچتى. ئۇلار جەمئىي 114 مىڭ مو يەر تېرىپ، 12
مىليون جىڭ ئاشلىق ۋە نۇرغۇن كۆكتات ئالدى. ئىشلەپچىقىرىش، گازارما قۇرۇلۇشى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش
داۋامىدا كوماندىر - جەڭچىلەر ئىشنى قۇرۇق قول بىلەن باشلاپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىشتا، تەر ئاققۇزۇشتىن،
ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمىدى. 42 - پولكنىڭ ياغاچ

كىيىن گۇرۇپپىسى تاغ ئىچىدىكى ئورمانلىقتا ياغاچ كەسكىلى بارغاندا ئۇلارنىڭ ئوزۇقى بىر ھەپتىدە ئۈزۈلۈپ قالدۇ. ئۇلار ئاچلىقتا بەرداشلىق بېرىپ، ياۋا كۆكتات يەپ، ئەمگەكنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇنداپ، كورپۇس پارتكومىنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدۇ. 1951-يىل 3-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 5-كورپۇسنىڭ تۇنجى قېتىملىق قەھرىمان-نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى ئۇچرىشىش يىغىنىدا 1950-يىللىق تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشتا مەيدانغا چىققان 82 نەپەر قەھرىمان-نەمۇنىچى تەقدىرلەندى (13-دىۋىزىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە قەھرىمان-نەمۇنىچى ئىككى نەپەر، بىرىنچى دەرىجىلىكلەر 15 نەپەر، ئىككىنچى دەرىجىلىكلەر 65 نەپەر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر ھەربىي رايونى ئاچقان قەھرىمان-نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى ئۇچرىشىش يىغىنىغا 13-دىۋىزىيىدىن 30 نەپەر قەھرىمان-نەمۇنىچى قاتناشتى. ئۇنىڭدىن ئالاھىدە دەرىجىلىكلەر ئۈچ نەپەر، بىرىنچى دەرىجىلىكلەر 27 نەپەر ئىدى. بۇ قەھرىمان-نەمۇنىچىلار ئارىسىدا قۇربانوۋ ئابدۇلىتىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بايراقدار ئىدى. ئۇ 40-پولكنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، 1949-يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1950-يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدىكى ئەمگەك ئەترىتى پولك بويىچە 27 ئەترەت ئىچىدە بىرىنچىلىكنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا «قۇربانوپ نەمۇنىچى ئەمگەك ئەترىتى» دەپ نام بېرىلگەنىدى. شۇ يىلى 4-ئايدا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى باھالاش يىغىنىدا، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 5-ئايدا، ئىلى رايونىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق بىرلىكتە

ياسىغان ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئەمگەككە قاتنىشىپ، يېڭى روھ بىلەن ئەمگەك قىلىپ، زەربىدار بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئۆستەڭ چېپىش زەربىدارلىرى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، سەككىز سائەتتە كەتمەن بىلەن 26 كۇب مېتىر توپا قېزىپ چىقىرىشتەك ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى يارىتىپ ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىدىن بېرىلگەن «ئۆستەڭ چېپىشتا تۆھپىسى بار» دېگەن كۆمۈش مېدالغا ۋە «ئالاھىدە ئەمگەك قەھرىمانى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 9-ئايدا، ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 18 نەپەر قەھرىمان-نەمۇنىچىسى قاتارىدا مەملىكەتلىك تۇنجى ئىشچى-دېھقان-ئەسكەرلەر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتنىشىپ، شەرەپلىك ھالدا ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشتى.

1951-يىلى 5-كورپۇسنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئارمىيىنى سىياسىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش بولدى. يەنە 4000 ئادەمنى ئاجرىتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇپ، شۇ يىلى 133 مىڭ مو يەر تېرىپ، گۆش، كۆكتات قاتارلىقلار بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەمىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. ئۆزىمىزنى ئاشلىقتا ئۈچ ئاي، ئوت-چۆپ، يەم-خەشەك، ئوتۇن-كۆمۈر جەھەتتە ئالتە ئاي تەمىنلىيەلىدۇق. كورپۇس، دىۋىزىيە، پولكلاردا كوپېراتىپ قۇرۇلۇپ، كوماندىر-جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلى، ئىشلەپچىقىرىشتىن تەگكەن دارامەتلىرىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش مەبلىغى سۈپىتىدە كوپېراتىپقا قوشتى. ھەرقايسى ئورۇنلار يەنە چارۋىچىلىقنى پائال راۋاجلاندۇردى. 1951-يىلىنىڭ ئاخىرىدا كورپۇس بويىچە قوي 13 مىڭ 600 تۇياققا، ئات-كالا 1312 تۇياققا يەتتى. ھەرقايسى دىۋىزىيە ۋە پولكلار

بەزى قول سانائەت كارخانىسى قاتارلىق كارخانىلارنى، كىچىك دۇكانلارنى، زاۋۇت-كانلارنى ئاچتى. شۇ چاغدا، 14-دىۋىزىيەنىڭ 40-پولكىدا سوپۇن زاۋۇتى، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق دۇكانلىرى، خىش، هاك خۇمدانلىرى قۇرۇلغانىدى. 41-پولكتا كۆمۈركان، تۆزچىلىق مەيدانى، تاختاي زاۋۇتى، سوپۇن زاۋۇتى، توگمەن قاتارلىقلار بار ئىدى. 42-پولكتا بىردىن تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق دۇكىنى، ئىككى كىچىك كۆمۈر كان بار ئىدى. 13-دىۋىزىيىسىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا قەغەز زاۋۇتى، گىلەمچىلىك زاۋۇتى، خۇرۇم زاۋۇتى، پايپاق زاۋۇتى ۋە كىچىك كۆمۈركان، تۇزچىلىق مەيدانى، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنى ۋە توگمەنلەرنى قۇرغانىدى.

1952-يىلى 5-كورپۇس داغدۇغىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان بىر يىل بولدى. قىسىملارنىڭ دەرد تۆكۈش، ئۆچىنى تەكشۈرۈش، ئۇچكە قارشى، بەشكە قارشى تۇرۇش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق تەربىيە ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىسىدا ئۇرغۇپ چىققان ئىنقىلابىي روھ كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى پەلەككە يەتكەن غەيرەت بىلەن ئورۇنداشتىكى ئەمەلىي هەرىكىتىگە ئايلانغانىدى.

يەرلىك ئورۇنلارنىڭ يولداش ۋاڭ جېن ئوتتۇرىغا قويغان ئىلى رايونىدا 5 مىليون مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 5-كورپۇسنىڭ شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئىلىغا توپلاندى. 14-دىۋىزىيىنىڭ 40-پولكى شۇ يىلى 2-ئايدا، بۇيرۇققا بىنائەن ئۈرۈمچى، قۇمۇلدىن ئىلىنىڭ قورغاس ناهىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلدى. 14-دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىم ۋە پولكمۇ 3-ئاينىڭ باشلىرىدا قاتتىق سوغۇققا قارىماي،

ئادى بىلەن ئاپتوموبىللىق، ئاتلىق، كېيىن پىيادە نەچچە يۈز چاقىرىم يولنى بېسىپ، ئالتاي، چۆچەك، شىخۇ رايونىدىن يولغا چىقىپ سۈيدۈڭگە يېتىپ كەلدى. قىسىملار چېدىرلىرىنى تىكىپ بولۇپلا دەرھال تۆرلۈك ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار تەييارلىغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىچىدە سوقا، هارۋا، كەتمەن، جوتۇ، ئورغاق، زەمبىل قاتارلىقلار بار ئىدى. يەنە ئۇرۇقلۇق، ئوت-چۆپ، يەم-خەشەك قاتارلىقلارنى سېتىۋالغان ھەم يىغقانىدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەييارلىقى 3-ئاينىڭ ئاخىرى تولۇق پۈتۈپ بولدى.

1952-يىلى، ھەربىي رايون 5-كورپۇسقا 350 مىڭ مو يەر تېرىش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. 5-كورپۇستىكى بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئەمەلىيەتتە 364 مىڭ مو يەر تېرىلدى. بۇ يەرنىڭ ئازراق بىر قىسمى ماشىنا بىلەن تېرىلغاندىن باشقا كۆپ قىسمى كەتمەن بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن، سوقا بىلەن ھەيدەپ تېرىلغان، بۇ يەرلەرگە بۇغداي، قوناق، شال، كېۋەز، قىچا ۋە ھەرخىل كۆكتاتلار تېرىلغانىدى. ئەمگەك داۋامىدا كوماندىر-جەڭچىلەر ھېرىش-چارچاشتىن قورقماي، «بىرمو يەرنى كۆپ تېرىغانلىقىمىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ بىر تاجاۋۇزچى ئەسكىرىنى ئارتۇق يوقاتقانلىقىمىز، ئاشلىقتىن بىرجىڭ كۆپ ھوسۇل ئالغانلىقىمىز ئامېرىكا تاجاۋۇزچىلىرىغا بىر پاي ئوقنى ئارتۇق ئاتقانلىقىمىز بىلەن باراۋەر بولىدۇ» دېگەن ياڭراق شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماۋجۇشىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادچىللىقنى يولغا قويۇپ، جۇڭگو پىدائىيى قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئىشلەپچىقىرىشنى

ئوبدان قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرى بەلگىلەپ بەرگەن ئون سائەت-
لىك ئەمگەك ۋاقتىنى ئەمەلىيەتتە 14 - 15 سائەتكە ئۇزار-
تىپ ئىشلىدى. 5 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان دېھقانچىلىق-
نىڭ قاتىلاڭچىلىق پەسلىدە 42 - پولك بىرەر كۈنمۇ دەم
ئالمىدى. قىسىملارنىڭ تۇرمۇشىمۇ جاپالىق بولۇپ، نۇرغۇن
روتىلاردا جەڭچىلەر ئۇزاققىچە بىرەر قېتىممۇ مايلىق تاماق يېيەل-
مىدى. لېكىن ئۇلار زادىلا زارلانماي، كۆتۈرەڭگۈ، قىزغىن روھ
بىلەن ئەمگەك قىلدى. 40 - پولك 9 - روتىسىنىڭ مۇئاۋىن
روتا كوماندىرى راشىدىن ھاشىم كۈنىگە كەتمەن بىلەن ئىككى
مو يەر ئۆزلەشتۈرگەن، ئىككى ئات قوشۇلغان بىرسوقا بىلەن
كۈنىگە 32 مو يەر ئاغدۇرغان، ئۆستەڭ چېپىشتا 12 سائەتتە
63.32 كۇب مېتىر توپا قازغان. ئورما ۋاقتىدا، 41 - پولكتا
ھەربىر ئادەم كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 مودىن
بۇغداي ئورۇغان. ئىشلەپچىقىرىشتا نۇرغۇن ئەنئەنىۋى قالاق
ئۇسۇللار چۆرۈپ تاشلىنىپ، زىرائەتلەرنى ئوغۇتلاش، چاغلاش،
ئوتاش، ھاشاراتلارنى يوقىتىش، سۇغىرىش خىزمەتلىرى
كۈچەيتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتا مول ھوسۇل ئېلىندى. شۇ
يىلى 5 - كورپۇس بويىچە ئاشلىقتىن 46 مىليون 750 مىڭ
جىڭ، كۆكتات، بېدىدىن 55 مىليون 240 مىڭ جىڭ ھوسۇل
ئېلىندى. بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى بولغان
يەرلەردە 1144 جىڭدىن ئاشتى، شالنىڭ 1250 جىڭغا
يەتتى، ئوتتۇرىچە مەھسۇلات ھەربىي رايوننىڭ تەلىپىگە
يەتكەندى. 42 - پولكنىڭ 1 - روتىسى شۇ يىلىلا 15 مىڭ
مو يەر تېرىپ، ئوبدان ھوسۇل ئېلىپ كورپۇس بويىچە
«ئىشلەپچىقىرىشتا نەمۇنىچى روتا» دېگەن شەرەپلىك نامغا
ئېرىشىپ، ھەربىي رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى.
46 - پولكنىڭ مەلۇم تانكا ئوتدېلېنىيىسىدە شالدىن يىلىغا

هەربىر كىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1066 جىڭدىن ھوسۇل ئالدى. 1952 - يىلى پۈتۈن كورپۇس بويىچە چارۋىچىلىق زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، قوي 112 مىڭ تۇياققا، كالا 10 مىڭغا، ئات 2000 غا يەتكۈزۈلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ھەل بولۇپلا قالماستىن، زور مىقداردىكى ئوغۇتمۇ ھەل بولدى.

سۇ — شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تومۇرى. قىسىملار ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە زور كۈچ ئاجرىتىپ ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغانىدى. 1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە 40 - پولك سۇيدۇڭنىڭ شەرقىي، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى پايانسىز كەتكەن كۆكدالا قومۇشلۇقىدا ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بىرىېرىم مېتىر كېلىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭ چاپتى. بۇ ئۆستەڭدە سەككىز تارماق ئۆستەڭ، 56 سۇغىرىش ئېرىقى بولۇپ، 35 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى. بۇ ئۆستەڭگە شۇ يىلىلا سۇ باشلىنىپ، ئارمىيىنىڭ يەر سۇغىرىشتا يولۇققان سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىپلا قالماستىن، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۇ مەسىلىسىمۇ ھەل قىلىندى. بۇ ئۆستەڭگە يەرلىك ھۆكۈمەت «40 - پولك ئۆستىڭى» دەپ نام بەردى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 5 - كورپۇس سەنئەت ئۆمىكى «40 - پولك ئۆستىڭىگە سۇ باشلاشنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن لەپەرنى ئىجاد قىلىپ، 1953 - يىل 9 - ئايدا بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئويناپ چىققاندا مەركەزدىكى جۇدې، سۇڭ چىڭلىڭ، چېن يى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار بۇ نومۇرنى كۆرگەنىدى.

ئىلى رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىر-
ىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ
يولىيورۇقى بويىچە، 1952 - يىلى قىشتا، 5 - كورپۇسنىڭ ئىلىدا
تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئاقئۆستەڭنى رېمونت قىلىش، ئۇزار-
تىش ۋەزىپىسىگە قاتناشتى. بۇ ئۆستەڭ شەرقتە قاش دەر-
ياسىدىن كونا ئاقئۆستەڭنى بويلاپ كۆرە، كۆكدالانى بېسىپ
ئۆتۈپ، شەرقتە قورغاس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا تۇتىش-
اتتى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر بولۇپ،
ئۇنىڭ ئىچىدە، 60 كىلومېتىر ئارىلىقىنى قايتىدىن چېپىشقا،
90 كىلومېتىر كونا ئۆستەڭنى رېمونت قىلىشقا، 6 مىليون
300 مىڭ كۇب مېتىر تۇپا قېزىشقا توغرا كېلەتتى. ئۆس-
تەڭ پۈتسە سۇ سېكۇنتىغا 40 كۇب مېتىر تېزلىكتە ئېقىپ،
بۇ سۇ بىلەن 500 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى.
ئۆستەڭ چېپىشقا 5 - كورپۇس شتابى، سىياسىي بۆلۈمى بىر-
لىكتە سىياسىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىپ، بارلىق
كوماندىر - جەڭچىلەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئائىلە - تاۋابىئاتلار-
نىڭ ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېمەي ئاقئۆستەڭنى ياساش
قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. كوماندىر - جەڭچىلەر
پەلەككە يەتكەن غەيرەت بىلەن تۆرلۈك قىيىنچىلىقلارنى
يېڭىپ، ۋەزىپىنى ۋاقتىدا غەلىبىلىك ئورۇندىدى. نۇرغۇن
ئەمگەك قەھرىمانلىرى، نەمۇنىچىلار بارلىققا كېلىپ، يۇقىرىنىڭ
ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى.
تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1952 - يىلى كورپۇس بويىچە
توققۇز يېڭى ئۆستەڭ چېپىلغان، 26 ئۆستەڭ رېمونت قىلىن-
غان، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 190 كىلومېتىرغا، قېزىپ
چىقىرىلغان تۇپا - تاش 7 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتىرغا

يەتكەن.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «ھەرمىللەت خەلقىگە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم» دېگەن يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، 5 - كورپۇس قۇرۇلۇش، چېگرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خىزمەت ئەترىتى بولۇش ۋەزىپىسىنى پائال تۇردە ئۈز ئۈستىگە ئالدى. 5 - كورپۇستىن زور بىر تۈركۈم كادىر - جەڭچىلەر ئاجرىتىلىپ، يەرلىك ئورۇنلاردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلغاندىن سىرتىدا يەنە چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان ئىلى، تارباغاتاي قاتارلىق چەت، يىراق، ئارقىدا قالغان رايونلارغا خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىلىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىندى، چارۋىچىلار غەمدىن خالاس قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى. 1952 - يىل 5 - ئايدا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تىببىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە 5 - كورپۇستىكى تىببىي خادىملاردىن تەركىب تاپقان 140 كىشىلىك داۋالاش ئەترىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۈنەس، نىلقا، تولى، دۆربىلجىن، قوبۇقسار، چاغانتوقاي قاتارلىق تۇققۇز ناھىيىدىكى كەڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ چارۋىچىلارغا خىزمەت قىلدى. داۋالاش ئەترىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ «ھەرمىللەت خەلقىنى غەم - غۇسسىدىن خالاس قىلىپ، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم» دېگەن يوليورۇقىغا بىنائەن،

پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىنى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە يەتكۈزدى. ئۇلار ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، دورا يەتكۈزۈپ بېرىپ، كېسەللەرنى داۋالاپ، كېسەللىك تۈرلىرىنى، كېسەللىك تارقالغان رايونلارنى تەكشۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، جايلاردا تىببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، شۇ جايدىكى چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. چارۋىچىلار داۋالاش ئەترىتىنى كومپارتىيە، ماۋجۇشى ئەۋەتكەن «جان قۇتقۇزغۇچى ئەترەت» دەپ ئاتاشتى. داۋالاش ئەترىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بەش ئاي ۋاقىت خىزمەت قىلىپ، 67 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى داۋالىدى، 20 مىڭ ئادەمگە ئوكۇل ئۇردى ۋە كىچىك بالىلارغا چېچەك چەكتى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى، 180 مىڭ ئادەمگە ساقلىقنى ساقلاش ساۋاتىدىن دەرس ئۆتتى. يەنە 1300 نەپەر تۇغۇت ئانىسى، سانىتار يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇ توققۇز ناھىيىدىكى ھەربىر يېزىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەشتىن سانىتار، ئۈچتىن تۇغۇت ئانىسى توغرا كەلگەنىدى. بۇ سانىتار، تۇغۇت ئانىلىرى كېيىن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. چارۋىچىلار ئۇلارنى «مەڭگۈ كەتمەيدىغان داۋالاش ئەترىتى» دەپ ئاتىشاتتى.

قىسىملار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئامما بىلەن بىرلىكتە تۇرغان مەزگىلدە «ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش» تىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا ياردەم بېرىپ يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ھاشارەت يوقىتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى. 1950 - يىلى 41 - پولك تارباغاتايدا

يەرلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ ئامبۇي باغچا ياساپ، كۆل
چېپىپ بېرىپ گەۋدىلىك نەتىجە يارىتقانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك
ھۆكۈمەت خاتىرە مۇنارى تىكلىدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈز-
لۈك يىغىمنىڭ قاتمۇقات چاغلىرىدا قىسىملار يەرلىك ئورۇنلارغا
ئادەم، ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ تۇردى. ئۆزلىرى زىيان
تارتسا تارتتىكى، ئامىنى زىيانغا ئۇچراتمىدى. بەزى قىسىملار
يەنە نامرات ۋە ئارقىدا قالغان رايونلاردىكى كەمبەغەل دېھقان،
چارۋىچىلارغا ئىئانە بېرىش، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسىدىن
ھال سوراش ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. 1952 - يىل 5 - ئايدا
سۆيدۈڭ خەلقى ئاشلىقتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا 14 - دىۋىزى-
يىگە بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار دەرھال تۆت تونىنا بۇغداي
ئاپىرىپ بەردى. ھەرقايسى قىسىملار دائىم ئىنتىزام تەكشۈ-
رۈش گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قىسىمنىڭ ئامبۇي ئىن-
تىزامىنى تەكشۈرۈپ تۇردى ۋە خەلقنى سۆيۈشتىكى ئىلغار-
لارنى تەقدىرلىدى. بەزى قىسىملار دائىم يەرلىك ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىغا بېرىپ، ئامىنىڭ، كادىرلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن
سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن پىكىر ئالدى ھەمدە
قىسىملاردا چوڭقۇر ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ساق-
لانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى. شۇ ئارقىلىق ئارمىيە
بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ
قويۇقلىشىپ باردى.

*　　*　　*

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن،
1953 - يىل شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى
قىسىملىرىدا زور كۆلەملىك ئىخچاملاش، شتاتنى تەڭشەش
ئېلىپ بېرىلىپ، قىسىملار دۆلەت مۇداپىئە قىسمى، ئىشلەپچىقى-
رىش - قۇرۇلۇش قىسمى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. 1954 - يىلى

ھەربىي رايون قىسىملىرىدا بىر دۆلەت مۇداپىئە دىۋىزىيىسى
ۋە تۆت ئاتلىق پولك قالدۇرۇلغاندىن باشقا، 1 - بىڭتۇەننىڭ
2 -، 6 - كورپۇسلىرى، 5 - كورپۇسنىڭ كۆپ قىسمى ۋە 22 -
بىڭتۇەننىڭ ھەممىسى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭ ئىش-
لەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.
5 - كورپۇس ئورگىنى ئىلى ھەربىي رايونى ئورگىنى قىلىپ
ئۆزگەرتىلدى، 13 - دىۋىزىيە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراش-
لىق 3 - ئاتلىق مۇستەقىل پولك قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، قەشقەرگە
ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 14 - دىۋىزىيە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا
قاراشلىق 4 - ئاتلىق مۇستەقىل پولكقا قىسقارتىلىپ دۆلەت
مۇداپىئە قىسمى قىلىندى. يەنە مىڭغا يېقىن كادىر، جەڭچى
جامائەت خەۋپسىزلىك قىسىملىرىنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەپ
بېرىلدى. قالغان كۆپ قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭ
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.
بىر قىسمى ھەربىي سەپتىن بوشاپ ئائىلىسىگە قايتتى.
1954 - يىل 6 - ئايدا 5 - كورپۇسنىڭ شتاتى رەسمىي
ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ 5 - كورپۇسقا ئۆزگەر-
گەنگە قەدەر جەمئىي ئون يىللىق ئىنقىلابىي تارىخىي مۇساپىنى
بېسىپ ئۆتتى. بۇ مۇساپە جاپالىق ھەم ئەگرى - توقاي بولدى.
ئۇ نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى، بەزى ساۋاقلارغىمۇ
ئىگە بولدى، كونا - يېڭى ئىككى ئىجتىمائىي تارىخىي جەريانىنى
باشتىن كەچۈرۈپلا قالماستىن، مىللىي - دېموكراتىك ئىنقى-
لابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئۆتۈشتىكى قاتتىق سى-
ناقلار ۋە چېنىقىشلارنىمۇ باشتىن كەچۈردى. شىنجاڭنىڭ تىنچ
يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە جۇم-
لىدىن مىللىي ئارمىيىگە پارلاق ئىستىقبال ئېلىپ كەلدى.

5 - كورپۇس قولغا كەلتۈرگەن بارلىق نەتىجىلەر، بارلىق غەلىبىلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە مەنسۇپ، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ غەلىبىسىگە مەنسۇپ، 5 - كورپۇستىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا مەنسۇپ، شۇنداقلا 5 - كورپۇستىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى بېقىپ چوڭ قىلغان شىنجاڭدىكى ئۇلۇغ ھەر مىللەت خەلقىگە مەنسۇپ! 5 - كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن شانلىق ئىنقىلابىي مۇساپىلىرى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ غەلىبىسىرى ئالغا بېسىشىغا مەڭگۈ ئىلھام بېرىدۇ!

**ئىزاھات:**

① ئەكبەر ئىلقا ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان. ئىنى بىلەن پاتىخ شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

② ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئون ۋىلايەتكە بۆلۈنگەنىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا يەنە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قاراشەھەر، قۇمۇل قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت بار ئىدى.

③ ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق جايلارغا باراۋەر كېلەتتى.

④ ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ۋىلايىتىگە غۇلجا، گۇڭخا (ھازىرقى نىلقا)، توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، قورغاس، سۈيدۈڭ، ئىگشى (ھازىرقى چاپچال)، ئارشاڭ، بورتالا، جىڭ قاتارلىق 12 ناھىيە قارايتتى.

⑤ 1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىكىگە، ۋۇجۇڭشىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەن. ۋۇجۇڭشىن يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى جۇشاۋلياڭ ۋاقىتىنچە ئۆتەپ تۇرغان. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇشاۋلياڭ ۋەزىپە ئۆتەشكە كەلگەن. شېڭ شىسەي 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭدىن كەتكەن، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋۇجۇڭشىن يېتىپ كېلىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن.

⑥ ئەينى ۋاقىتتا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسى، غۇلجا ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى ھازىرقى غۇلجا شەھىرىدە تۇراتتى.

⑦ موگوتنوۋ — رۇس، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىلىغا كەلگەن. مىللىي ئارمىيىدە پولك كوماندىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

⑧ لېسكىن — رۇس، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن. مىللىي ئارمىيىدە پولك كوماندىرى، بىرىگادا كوماندىرى بولغان. 5-كورپۇس قۇرۇلغاندا كورپۇس كوماندىرى بولغان. 1952-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

⑨ گومىنداڭنىڭ 1945-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى «يېڭى 2-كورپۇسنىڭ جەڭگىنىڭ غەربىدە ئىلىغا ياردەم بېرىش ئۇرۇشىدا تارتقان چىقىم ستاتىستىكىسى» دىن ئېلىندى.

⑩ ئېردې — موڭغۇل، مىللىي ئارمىيىدە باتالىيون كوماندىرى، پولك كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن.

⑪ مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى پولك، باتالىيونلىرىنىڭ نامى قۇرۇلغان ئورۇنىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، ئىلىدا قۇرۇلغان قىسىم ئىلى پىيادىلەر 2-پولكى دەپ ئاتالغان. تۆۋەندىمۇ ئوخشاش.

⑫ پالىنوۋ — رۇس. شىنجاڭغا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە كەلگەن، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن. 1945-يىلىنىڭ بېشىدا يەنە غۇلجىغا كېلىپ، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇلى، مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

⑬ ئابدۇراخمان مۇھىتى — ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

1957 - يىلى 9 - ئايدا كېيىن بىلەن ۋاپات بولغان.

⑭ شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي - تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ماتېرىياللىرى» توپلىمىنىڭ 5 - سىدىن ئېلىندى.

⑮ «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيىسى» گېزىتىنىڭ 1950 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

⑯ «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيىسى» گېزىتىنىڭ 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

⑰، ⑱ بۇ ئىككى ئابزاستا لويۇەنغا يازغان «غەربىي شىمالدىكى كۈرەش»، ئىسمايىلوۋ مۇھەممەت يازغان «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى سۇيدۇڭ پىيادىلەر 1 - پولكىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخى» غا قارالسۇن.

⑲ يۈەن شۈكەي يازغان «نەنشەندە باندىت تازىلاش» قا قارالسۇن.

⑳ «شىنجاڭ ئازادلىق ئارمىيىسى» گېزىتىنىڭ 1950 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

## ھەربىي بىرلىكلەر نامى

| مىللىي ئارمىيىدە قوللىنىلغىنى | ھازىر قوللىنىلىۋاتقىنى |
| --- | --- |
| ئوتدېلېنىيە | بەن |
| ۋزۋود | پەي |
| روتا | لىەن |
| ئىسكادرون | ئاتلىق ئەسكەرلەر لىەنى |
| باتالىيون | يىڭ |
| دىۋىزىيون | ئاتلىق ئەسكەرلەر يىڭى |
| پولك | تۇەن |
| برىگادا | لۈي |
| دىۋىزىيە | شى |
| كورپۇس | جۈن |
| ئوپېراتىپ بۆلۈم | زوجەنبۇ |

## كوماندىرلار نامى

| مىللىي ئارمىيىدە قوللىنىلغىنى | ھازىر قوللىنىلىۋاتقىنى |
| --- | --- |
| ئوتدېلېنىيە كوماندىرى | بەنجاڭ |
| ۋزۋود كوماندىرى | پەيجاڭ |
| روتا كوماندىرى | لىەنجاڭ |
| باتالىيون كوماندىرى | يىڭجاڭ |
| پولك كوماندىرى | تۇەنجاڭ |
| برىگادا كوماندىرى | لۈيجاڭ |
| دىۋىزىيە كوماندىرى | شىجاڭ |
| كورپۇس كوماندىرى | جۈنجاڭ |

## ھەربىي ئۇنۋانلار

| مىللىي ئارمىيەدە قوللىنىلغىنى | ھازىر قوللىنىلىۋاتقىنى |
|---|---|
| فېلدفېبېل | شاڭشى |
| پراپورۇچىك | شاۋۋېي |
| پود پورۇچىك | جۇڭۋېي |
| پورۇچىك | شاڭۋېي |
| كاپىتان | داۋېي |
| مايور | شاۋشياۋ |
| پود پولكوۋنىك | جۇڭشياۋ |
| پولكوۋنىك | شاڭشياۋ |
| گېنېرال مايور | شاۋجياڭ |
| گېنېرال لېيتېنانت | جۇڭجياڭ |

## ئاخىرقى سۆز

مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 ـ كورپۇسقا ئۆزگەرگەنگە قەدەر ئون يىللىق ئىنقىلابىي تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئون يىللىق تارىخىي مۇساپە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك جاپالىق، مۇرەككەپ، ئەگرى ـ توقاي، كۈرەش بىلەن تولغان مۇساپە، شۇنداقلا شەرەپلىك، ئىنقىلابىي مۇساپە. مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغاندىن تارتىپ 5 ـ كورپۇسقا ئۆزگەرگەنگە قەدەر بولغان تارىخىنى ۋە باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنى ئەسلەپ يېزىپ چىقىش ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ئىدى. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بۇ ئەسلىمىنى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ۋە ئۆزۈمنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنى ئاساس قىلىپ يېزىپ چىقتىم. بۇ ئەسلىمىدە، مەن 5 ـ كورپۇسنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەكتى بولغان مىللىي ئارمىيىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى ئۈستىدىلا توختالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشقا تەرەپلىرى ئۈستىدە كۆپ توختالمىدىم. تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرىم ۋە سەۋىيەم چەكلىك بولغاچقا، ئەسلىمىدە تولۇق بولماي قالغان، پاكىتلار دەل جايىدىن چىقماي قالغان ياكى كىچىكرەك بەزى يەر ـ جاي ناملىرى، ئادەم ئىسـ

سىملىرى توغرا چىقماي قالغان ئورۇنلار بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ كۆپلەپ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمەن.
بۇ ئەسلىمىدە قىسىم تۈرلىرى، ھەربىي ۋەزىپە ۋە ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ ناملىرى ئەينى ۋاقىتتا قوللىنىلغان ئاتالغۇلار بويىچە ئېلىندى. كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە كىتاب ئاخىرىدا ئىزاھات بېرىلدى.
ئەسلىمىنى يېزىپ چىقىش جەريانىدا شىنجاڭ ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى، سىياسىي بۆلۈمى، ئورۇمچى شۆبە ھەربىي رايونى قاتارلىق ئورۇنلار ماڭا زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ياردەم بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايون ئارخىپ بۆلۈمى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن مېنى قىزغىن تەمىنلىدى. يولداش لى فېڭنيەن ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش، يېزىشقا ياردەملىشىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى. مەن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

ساۋدانوۋ زاھىر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوبۇل ئىسلام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رەھىمى
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غازى ئەھمەت

5 - كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن
ئىنقىلابىي مۇساپىسى

ساۋدانوۋ زاھىر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9، قىستۇرما ۋارىقى: 10
1989 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1989 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 11,500
ISBN7 — 228 — 00852 — 9/K·70
باھاسى: 2.80 يۈەن

责任编辑：乌布利·司拉木
责任校对：伊力亚斯·热依迷
封面设计：阿孜·艾买提

# 五军的革命历程

曹达诺夫·扎伊尔
（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 9 印张 10插页
1989年4月第1版　1989年6月第1次印刷
印数：1——11,500

ISBN7—228—00852—9/K.70　定价：2.80元